«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرى ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物

双效期刊

•XINJIANG CIVILIZATION • КУЛЬТУРА СИНЬЦЗЯНА • しんじゃんぶんか • مجلة حضارة شنجيانغ



4

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

2003

ISSN 1008-6498

www.uyghurkitap.com



«قەلب سادالىرى»، «جۇلدۇر كىيگەن خوتۇننىڭ ساداسى»؛ «تىرىك يېتىمنىڭ ئاتىسىغا»، «سادا»، «تۇپراق ساداسى»، «ئانىلىق قەسىدىسى» قاتارلىق نەسرلەرتوپلاملىرى ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئۆلمەس نەسرلەرنىڭ مۇئەللىپى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى يېتۈك نەسر ئۇستازى، «ھالاكەت»، «مىسىر قىزى»، «كرىلوۋ مەسەللىرى»، «يىپەك ئۈزۈلگەن لەگلەك»، «مۇھەببەت ئۇچقۇنى»، «شېكسپىر تراگېدىيىلىرى»، «دەدەك ئىزورا» قاتارلىق دۇنياۋى رومان، مەسەل، سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمانى، ئىجتىھاتلىق مۇھەررىر، ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار ئاپتورى ئەخمەت ئىمىن ئەپەندى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(52-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۈنىۋېرسال

ئەدەبىي ژورنال

2003-يىل 4-سان

(ئومۇمىي 262-سان)

باش مۇھەررىر:

قۇربان مامۇت

(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

رىسالەت مۇھەممەت

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

## بۇ ساندا


### سادا

جەمئىيەت قانداق مۇقىملىققا موھتاج؟ ............ مەھمۇت ئىسمائىل تەرجىمىسى 2

دېھقاننىڭ بالىسى ئوقۇسۇن ھەقسىز ............ قارايۈز 5

### روھ چوققانلىرى

ئادەملەردە ئۆلۈم ۋە مۇھەببەت ئېڭى ............ ئا. ئابدۇراھمان 9

سارىس خىياللىرى ۋە ئەخلاقنىڭ نۇرى ............ س. قەييۇم ئەرك تېكىن 17

روھ قىرغاقلىرىنى بويلاپ ............ ئادىل ئابدۇقادىر 23

### تەپەككۇر كۆزى

ئەقىل مۇڭلىرى ............ ئابدۇلېتىپ ئابدۇۋارىس ماكانى قاتارلىقلار 27

دۇنياۋى ھەقىقەتلەر ............ تەييارلىغۇچى: ئادىل يۈسۈپ قاتارلىقلار 44

### مەدەنىيەت ئىسلاھاتى

ئىسلاھات داۋامىدىكى مەدەنىيەت ............ ئەكبەر نۇرمۇھەممەت 46

### ستۇدېنتلار ئاۋازى

سارىس ۋە بىز ............ دىلئارام قۇربان 51

### ئەدەبىيات گۈلزارى

چۆجىگە ئايلانغان تۆگە..........(فېلىيەتون) ............ مەئتىمىن ئابلىز 54

ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار،ھەققىي ئايال ............ ئايىشە ئىدرىس 55

مۇستەبىت ............ ئەھەت مامۇت 57

### ئالەمدە نېمە گەپ

«ئالەم چايخانىسى»دىكى پاراڭلار ............ ق.ئابدۇرېھىم قاتارلىقلار تەرجىمىسى 58

ئالەمنىڭ ئىشلىرى ........(فېلىيەتون) ............ تۇرغۇن پەيزۇللا(يولغۇن) 61

### ئىبرەتلىك پاراڭلار

ھەق كېپىنمۇ ئاڭلاپ قويۇڭ ...... ئا. نىزامىددىن ئەنجانى قاتارلىقلار تەرجىمىسى 62

### دېھقان نېمە دەيدۇ؟

بۈگۈنكى يېڭىچە«قۇللار» ۋە «قۇل بازارلىرى»ھەققىدە پاراڭ ............ شورلۇق 68

### ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش

سودا ئېقىمىزدىكى بەزى يېتەرسىزلىكلەر ............ ئابدۇرېھىم دۆلەت 76


مۇقاۋىدا: ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى بولۇپ جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكلىقىغا كۆرسىتىلگەن نامزات، «دۆلەت دەرىجىلىك ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان مۇتەخەسسىس»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كومپيۇتېر فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى، دۆلەت «211» قۇرۇلۇشى بويىچە نۇقتىلىق پەن - «شىنجاڭ ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە ئالاقە ئىلمى»نىڭ يېتەكچىسى، كومپيۇتېر قوللىنىش - ئۇچۇر سىستېمىسى ۋە ئالاقە ئىلمى بويىچە دوكتور يېتىشتۈرۈش نۇقتىسىنى قۇرۇشنىڭ تەشەببۇسچىسى ھوشۇر ئىسلام ئەپەندى. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

www.uyghurkitap.com



# جەمئىيەت قانداق مۇقىملىققا موھتاج؟

دېڭ شياۋپىڭ ھايات ۋاقتىدا «مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى قىلغانىدى. شۇنداق، بىز تەرەققىياتقا بەك موھتاج ئىدۇق، ئەمما بىز قولدىن بېرىپ قويغان ۋاقىت ھەقىقەتەن بەك كۆپ بوپكەتتى. مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت بولماي ، بۇرۇنقىدەك ئۇزۇلدۇرمەي سىياسىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىۋېرىدىغان بولساق، نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشمۇ بىر مەسىلە بوپقالىدىغان تۇرسا، ئۇ ھالدا قانداقمۇ تەرەققىياتتىن ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟ شۇڭا، بىزنىڭ چوڭ سىياسەت-فاڭجېنلىرىمىزدا ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق كۆپىنچە مۇھىم ئورۇن بوپقالدى.

ئەمما، ئىشنىڭ چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىلىشى ئادەمنى قورقىتىدۇ. بەزى ئادەملەر دېڭ شياۋپىڭ قىلغان بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئوبدان چۈشەنمەستىن، مۇقىملىقنى مېتافىزىكىلىق ھالدا چۈشەندى ۋە شۇ بويىچە ئىش قىلدى. ئاتالمىش مۇقىملىقنى دەپ، ئۇلار پۇقرالارنىڭ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن نورمال دېموكراتىيە ھوقۇقى ۋە كىشىلىك جىسمانىي ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. نامايىش قىلىش، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش قاتارلىقلارنى قويۇپ تۇرۇپ، يۇقىرىغا ئەرز-شىكايەت قىلىش ھەققىدىلا توختىلايلى. يۇقىرىغا ئەرز قىلىپ، ھال-ئەھۋال ئېيتىش ئەسلى ئاممىنىڭ پىكىر بېرىش ۋە كۆڭلىدىكى گېپىنى ئېيتىشتىكى نورمال ھوقۇقى، ئەرزىيەت خىزمىتىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئامما بىلەن ئالاقە باغلاشتىكى مۇھىم يولى ئىدى. ئامما ھۆكۈمەتكە ئىشەنگەنلىكتىن ، بىرەر ئىشقا يولۇقسا ھۆكۈمەتنى ئىزدەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ھۆكۈمەتنى ئىزدەپ بارمايدىغان بولسا، بۇ، ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسىي مەقسىتىگە خىلاپ. بۇ، ئامما گېپىنى قىلغۇدەك يەر تاپالمايدىغان ، ئۆۋالچىلىقنى شىكايەت قىلغۇدەك ئورۇن تاپالمايدىغان ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ-دە، مەسىلە ھەل بولماي، نارازىلىق كەيپىياتىنى ئىپادىلەپ ئىچىنى بوشىتىشقا ئامال بولمىغانلىقتىن ، ئۇنى ئىچىگە سېلىپ قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما، جامائەت كەيپىياتىنىڭمۇ مەلۇم چېكى بولىدۇ، سەۋر قاچىسى توشۇپ چەكتىن ئېشىپ كەتسە، قايناپ تاشىدۇ-دە ئاخىرىدا سوكۇت ئىچىدە پارتلايدۇ. تارىختا بۇنداق مىساللار ئازمۇ؟ ئەمەلىي تۇرمۇشتا بەزى ئادەملەر ئاممىنىڭ دەرد-ھەسرىتىگە، پىكىرلىرىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، نامراتلارنى يوقلاپ، ئۇلارنىڭ دەرد-ئەھۋالىغا يېتىش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئامما بوسۇغىسىغا دەرد ئېيتىپ كەلسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىش تۇگۇل ، تۈرلۈك باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

ئاما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەر شۇجايىنىڭ ئۆزىدە هەل بولمىغانلىقتىن، ئۇلار ئاندىن دەرىجە ئاتلاپ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇننى ئىزدەپ بارىدۇ؛ مەسىلە نۇرغۇن ئادەمنىڭ مەنپەئىتىگە چېتىشلىق بولغاچقا، ئۇلار ئاندىن كوللېكتىپ هالدا يۇقىرىغا هال ئېيتىپ بارىدۇ. بۇ ناهايىتى تەبىئىي، ناهايىتى ئاددىي سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىدۇر. ئەمما، هېلىقى بيۇروكرات غوجاملار بولسا ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقى ئۈستىدە ئويلانماستىن، ئەكسىچە دەرىجە ئاتلاپ هال ئېيتىپ بارغانلارنى، كوللېكتىپ هال ئېيتىپ بارغانلارنى قورشىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ يولىنى توسايدۇ، هەتتا تۇتۇپ ئاپىرىپ سولاپ، قاتتىق سوئال-سوراققا ئالىدۇ، يەنە كېلىپ بۇنى چىرايلىق نام بىلەن «يۇقىرىغا هال ئېيتىپ بېرىشنى قانۇن ئارقىلىق تۈزگەنلىك» دەيدۇ.

قالايمىقانچىلىقنى تۈزەشنى يۇقىرىدىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك. نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىمىز؟ بۇنىڭدا يۇقىرىنىڭ ناهايىتى زور مەسئۇلىيىتى بار. يالغۇز ئاساسىي قاتلامدىن ئاغرىنغان بىلەنلا بولمايدۇ. ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان رايوننىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار هەمىشە ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئورۇنلارغا: هەممىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئادىمىنى ئوبدان باشقۇرۇڭلار، كىمنىڭ تەۋەلىكىدىن دەرىجە ئاتلاپ يۇقىرىغا هال ئېيتىپ بارىدىغانلار كۆرۈلسە، شۇ ئورۇننىڭ 1-باشلىقى جاۋاب قىلىدۇ، هەم قاتتىق جازالاش تەدبىرى قوللىنىلىدۇ، بۇنداق ئىش بىر قېتىم كۆرۈلسە مۇنداق بولىدۇ، ئىككى قېتىم كۆرۈلسە مۇنداق بولىدۇ، هەتتا ئەمەلدارلىق قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىدۇ، دەپ بەلگىلىمە چىقىرىدۇ. پاھ، نېمىدېگەن قاتتىق تەدبىرلەر-بۇ-هە! ئەپسۇسكى، بۇ بەلگىلىمىلەردە ئاما يۇقىرىغا هال ئېيتىپ بېرىپ ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى قانداق قىلىپ تۈپتىن هەل قىلىش كېرەكلىكى بەلگىلەنمىگەن! ئەلۋەتتە، رەهبەرلەرنىڭ سۆزلىرىدە، هەردەرىجىلىك هۆكۈمەتلەرنىڭ هۆججەتلىرىدە، هەرقايسى گېزىتلەرنىڭ باش ماقالىلىرىنىڭ هەممىسىدە خەلق ئۈچۈن هاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈش دېگەنلەر قايتا-قايتا تەكىتلىنىپ تۇرىدۇ، ئەمما بۇلارنىڭ هەممىسىدە تونۇشنى ئۈستۈرۈشلا تەلەپ قىلىنىپ، ئۆزئورنى (مەرتىۋىسى) نى توغرا تونۇش هەققىدە يۈزەلا گەپ قىلىنغان. بىردىنبىر كەملىك قىلىدىغىنى قاتتىق، ئۈنۈملۈك تەدبىردىن ئىبارەت. قاتتىق بولۇشقا تېگىشلىك جايدا قاتتىق بولماسلىق، قاتتىق بولمىسىمۇ بولىدىغان يەردە تاشتىنمۇ بەك قاتتىق بولۇش - مانا بۇ بىزدىكى ئەجەللىك نۇقسان.

بۇنداق ئەهۋالدا، يەنە كىم ئالاهىدە كۈچ چىقىرىپ، پۇقرالار ئىنكاس قىلغان هېلىقى ئىشلارنى هەل قىلىدۇ؟ ئادەمنى تۇتۇش بىلەنلا ئىشنى بولدى قىلىشىڭ - بۇ نېمىدېگەن ئاسان چارە - هە! شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن كادىرلارنىڭ ئاچچىقى بارغانسېرى يامانلاپ، سەۋرچانلىقى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتىدۇ.

خەلق كۆڭلىنى ئۆزىگە رام قىلالىغانلار ئەلنى سورايدۇ، رام قىلالمىغانلار ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. ئەهۋال قەدىمدىن تارتىپلا مانا شۇنداق بوپكەلدى. پۇقرالار هىمايە قىلغانلىقى ئۈچۈن كومپارتىيە تەختكە چىقىپ هاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. ئۇزاق مۇددەت هاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن يەنىلا پۇقرالارنىڭ هىمايىسىدىن ئايرىلالمايدىغان گەپ! ئەمما، پۇقرالارنىڭ هىمايىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، پۇقرالارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇقلۇق پۇقرالارنىڭ ئىشىنى قىلمايدىغان هېلىقىدەك ئەمەلدارلارنى تىزگىنلىمىسە بولمايدۇ. بۇيەردە ئىختىيارسىزلا مىڭ خانىدانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى مىڭ تەيزۇ جۇيۈەنجاڭ يادىمغا كەپقالدى. جۇ يۈەنجاڭ جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىن چىققان بولغاچقا پۇقرالارنىڭ مۇڭ-دەردىنى، بولۇپمۇ ئەرز قىلماقنىڭ تەسلىكىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە قارىتىپ، هاكىمىيىتىنى مۇستەهكەملەش ئۈچۈن، ئۇ پۇقرالارنىڭ دەرىجە ئاتلاپ ئەرز-شىكايەت قىلىشىغا، هەتتا پايتەختكىچە بېرىپ ئەرز قىلىشىغا ئىجازەت بەرگەن. ئۇ، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ كاشىلا سېلىشىدىن ئېهتىيات قىلىپ، «هەر دەرىجىلىك هۆكۈمەت مەهكىمىلىرى ۋە مۇهىم قاتناش ئۆتەڭلىرى يۇقىرىغا هال ئېيتىپ بارغۇچىلارنىڭ توسالغۇسىز مېڭىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم، توسىۋالغۇچىلارنىڭ جەددى-جەمەتى قىرىپ تاشلىنىدۇ!» دەپ ئالاهىدە پەرمان چۈشۈرگەن. بۇنىڭغۇ تازا قاتتىق بەلگىلىمە دېگىلى بولار. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قىلغانلىرى، دېگىنىدىنمۇ قاتتىق بولغان. خۇڭۋۇنىڭ 19-يىلى (1386-يىلى) جادىڭ ناهىيىسىنىڭ پۇقراسى گوشۇەنئېر قاتارلىقلار دەرىجە ئاتلاپ ئاستانە (پايتەخت) گە بېرىپ، بۇ ناهىيىنىڭ «رەهبىرى» ياڭ خېڭچۈننىڭ پۇقرالارنى بوزەك قىلغانلىقى ئۈستىدىن ئەرز قىلماقچى بولۇپ، چۇنخۇا بازىرىدىن ئۆتكەندە شۇجايىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى مادېمىڭ، خې تيەنگۈەن تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان. جۇ يۈەنجاڭ بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، ما دېمىڭنىڭ كاللىسىنى ئالغان، خې تيەنگۈەننى جادىڭغا باسقان، گوشۇەنئېر قاتارلىقلار بولسا خاتىرجەم قىلىنىپ ئىنئامغا ئېرىشكەن. شۇنداق تۇرسا، پۇقرالاردىن خاننى هىمايە قىلمايدىغانلار بولامدۇ! قانۇنشۇناسلارنىڭ جۇ يۈەنجاڭنىڭ ئەمەلدارلارنى قانۇن بويىچە قاتتىق باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا بولغان پىكرى بىردەك ئەمەس. ئەمما، ئەلنى ئىدارە قىلىش، ئەلنى تۈزەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەمەلدارلارنى ئىدارە قىلىش، قاتتىق باشقۇرۇشنىڭ هەقىقەتەن بىر ئېسىل دانا تەدبىر ئىكەنلىكىدە شۈبهە يوق. مىڭ خانىدانلىقى يوقالغىلى 400 يىل بولدى. بۈگۈنكى كۈندە خەلق ئەمدى يەنە هاكىمىيەت ئىدارە قىلىدىغان ئوبيېكت ئەمەس، بەلكى هاكىمىيەتنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان خوجايىن، هەردەرىجىلىك ئەمەلدارلار بولسا خەلقنىڭ چاكىرى بوپقالدى. شۇنداق ئىكەن، خوجايىنلار چاكارلارغا قاتتىقراق تەلەپ قويسا نېمىشقا بولمىغىدەك؟! گەپنىڭ راستىنى قىلغاندا، يۇقىرىغا هال ئېيتىپ بېرىش مەسىلىسىدە ئىنكاس قىلىنغىنى خاتا مۇقىملىق نۇقتىئىنەزىرىنىڭ بىر تەرىپىدىنلا ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە مەسىلە يۇقىرىغا هال ئېيتىپ بېرىش بىلەنلا ئۈزۈل-كېسىل هەل بوپكېتىشى ناتايىن. ئادەملەرگە ئۆز كۆڭلىنى ئىزهار قىلالىغىدەك ئەركىنلىك بېرىپ، ئۇلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئىزهار قىلالىشىغا يول قويۇلسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىمۇ ئارامىغا چۈشىدۇ. ئاممىغا نىسبەتەن بىر ئاساسىي مۆلچەر، ئۆزىگە نىسبەتەن بىر ئەقەللىي ئىشەنچ بار بولۇشى كېرەك. هازىر بەزى ئادەملەر

خۇددى «غىلاپ بەندىسى» دەك تولىمۇ خۇدۇكچان بولۇپ، بىرەر چاتاق چىقىپ قېلىشتىنلا ئەنسىرەپ يۈرۈيدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ كەملىكىنىڭ ئىپادىسى. كۆرۈنۈشتە، بۇگويا جەمئىيەت ئالدىدا مەسئۇل بولغانلىقتەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خەلق كۆڭلىنى تۇنجۇقتۇرۇش بولۇپ، جەمئىيەتكە مالىمانچىلىق ئۇرۇقىنى چاچقانلىق بولىدۇ. تارىختا ئۆتكەن خانىدانلىقلارغا، دەۋرلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، خەلقىنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپقاندا، جاھان تىنچ بولغان، خەلق كۆڭلى ئۇيۇشقاندا جەمئىيەت تەرەققىي تاپقان، بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، خەلق كۆڭلى دەردكە تولغان، غەزەپكە كەلگەندە بولسا ئالەم مالىماتاڭ بولغان. روبېسپىئېر مۇقىم، گۈللەنگەن جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «بۇنداق تەرتىپ ئاستىدا ھۆكۈمەت خادىملىرى خەلققە ئىتائەت قىلىدۇ، خەلق بولسا، ھەققە بويسۇنىدۇ؛ بۇنداق تەرتىپ ئاستىدا ۋەتەن ھەربىر ئادەمنىڭ بەخت-سائادەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ھەربىر ئادەم ۋەتەنىنىڭ گۈللىنىشى، ئورتاق روناق تېپىشىدىن پەخىرلىنىدۇ ۋە شادلىنىدۇ؛ بۇنداق تەرتىپ ئاستىدا، ھەممە ئادەم باشقىلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە نائىل بولۇش ئۈمىدىدە ئالىيجاناب ئادەمگە ئايلىنىدۇ.» بۇ نېمىدېگەن ئىناق ۋە گۈزەل جەمئىيەت مەنزىرىسى - ھە!

بىزگە شۇنەرسە ئېنىق بولسۇنكى، بىر نورمال جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇقىملىق ھەرگىزمۇ «تۇمەن تۇلپار كىشنىمەي تۇرۇۋالىدىغان» بۇرۇقتۇرمىلىق ئەمەس. ئۇنداق بولغاندا، بۇ كۆرۈنۈشتە، جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلەرنى يوپۇتۇپ، تىنچ - ئاسايىشلىقنى بىزەۋاتقاندەك ساختا كۆرۈنۈش ھاسىل قىلغاندەك بولسىمۇ، ماھىيەتتىن ئالغاندا، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ چىدىيلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتتە تېخىمۇ چوڭقۇر مۇقىمسىزلىقنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. مۇقىملىق ھەرگىزمۇ ئادەملەرنى نورمال ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىش ئەمەس. نېمە ئۈچۈن مۇقىملىق بولۇشنى تەلەپ قىلىمىز؟ تەرەققىيات ئۈچۈن. نېمە ئۈچۈن تەرەققىياتنى تەلەپ قىلىمىز؟ كىشىلەرنىڭ ماددىي، مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ئادەمنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ئوبدان گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، تەرەققىياتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئادەمنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. ئادەمنىڭ نورمال ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە قانداقتۇر بىر مۇقىملىقنى تەكىتلەشنىڭ بەدىلى تولىمۇ يۇقىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە كەمكۈتىسىز ھالدا مۇھىم ئىش بىلەن ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىشنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەنلىك بولىدۇ! مۇقىملىق ھەرگىزمۇ ھەربىر جەمئىيەت ئەزاسىنى ۋەيرانە بۇتخانىدىكى جانسىز لاي بۇتقا ئايلاندۇرۇپ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس. لاي بۇت ئەلۋەتتە كەلسە-كەلمەس بىلجىرلاپ، قالايمىقان ھەرىكەت قىلىپ يۈرمەيدۇ. ئەمما، تەپەككۇر بولمىسا، جانلىقلىق، جۇشقۇنلۇق بولمىسا، ئىجادىيلىق بولمىسا جەمئىيەت قانداق راۋاجلىنالايدۇ؟ بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇددىئاسى بولمىغان تەرەققىياتقا مۇقىملىقنى ۋاستە قىلىشنىڭ يەنە نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟

---

يې جىجيۇ قەلەمدىكى بۇ مۇلاھىزە ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «خېبېي گېزىتى» - 《河北日报》نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېلىيەتونلار گېزىتى» - 《杂文报》نىڭ 1508-سانىدىن **مەھمۇت ئىسمائىل** تەرجىمىسى، تەرجىمىنى بېكىتكۈچى: **ئىسمائىل ئىبراھىم**(M2)

## «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى



باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت(M1)



مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت(M2)



# دېھقانىنىڭ بالىسى ئوقۇسۇن ھەقسىز

قارىيۇز

پېقىرمۇ بىر مۇھەررىر بولغىنىم ئۈچۈن، ئۆزۈم قول تىققان گېزىت-ژۇرنالغا كۆڭۈل بۆلگەندىن سىرت، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە گېزىت-ژۇرناللارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىمەن ھەم ئەسەر-ماقالىلارنىڭ مۇقامى، سەۋىيىسىگە قاراپ ئاشۇ گېزىت-ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە ساپاسىغا خىيالەن باھا بېرىمەن. رىقابەت شىددەت بىلەن كەسكىنلىشىۋاتقان مۇشۇنداق جىددىي تەرەققىيات ۋەزىيىتىدە ئۆز ئانا تىلىمنى يازا-يۇزا بىلگەندىن باشقا ئارانلا بىلىدىغىنىم بىر خىل تىل — خەنزۇ تىلى. مۇشۇ كىچىككىنە «ئارتۇقچىلىق» مېنى كىتابخانا، گېزىت-ژۇرنال بوتكىلىرىغا سۆرەيدۇ. خەنزۇ يېزىقىدىكى گېزىت-ژۇرناللارنىڭ تولىلىقىدا ھەممىنى ئوقۇپ ئۈلگۈرۈشكە نەدىكى چولا، نەدىكى مادار؟! ئاساسلىق ئوقۇيدىغانلىرىم: «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى» (ئەسلى «يەرشارى گېزىتى» دەپ تەرجىمە قىلىنسىلا كۇپايە ئىدى)، «جەنۇبىي جۇڭگو ھەپتىلىك گېزىتى»، «ياشلار پايدىلىنىش گېزىتى»، «قۇمۇل رادىئو-تېلېۋىزىيە گېزىتى»، «تەرمىلەر»، «نەزەر»، «جەنۇب شامىلى»، «فىلىيەتونلاردىن تاللانما»، «مىكرو ھېكايىلەردىن تاللانما» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللار. قىسمەن گېزىت-ژۇرناللارنى ئوقۇش دائىرەمدىن سىقىپ چىقىرىۋەتتىم. سەۋەبى، ئىقتىسادىي قۇربىم يارىبەرمىدى، مۇھىمى، بۇخىل گېزىت-ژۇرناللار تۇۋلايدىغان مۇقام ماڭا ياقماس بوپقالدى. يەنە بىر جەھەتتىن قىزىقىش ۋە تەپەككۇرۇمدا ئۆزگىرىش بولدى. گېزىت-ژۇرناللارنى ۋە ھەرخىل كىتابلارنى تاللاش-شاللاش مەندىكى ئەڭ چوڭ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك بولسا كېرەك. ئەلۋەتتە مەندىن باشقىلارنىڭمۇ ئۇنداق ھوقۇقى بار. دەرھەقىقەت، خەلق ئەڭ ئادىل باھالىغۇچى. پېقىرمۇ ئاشۇ خەلق توپىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە تاللاش-شاللاش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقىنىمدىن چەكسىز ئىپتىخارلىنىمەن ھەم سۆيۈنىمەن. خەنزۇ يېزىقىدىكى گېزىت-ژۇرنال ۋە كىتابلارنىڭ مەۋقە-مۇقامى، سەۋىيە-ساپاسى ئۆسۈۋاتىدۇ. بەزى مەتبۇئاتلاردا ھەر-ھەر سالماقلىق سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇلاھىزە-قاراشلار، چىرىكلىك-چىركىنلىك ھادىسىلىرى، ھوقۇق سودىسى، تاموژنا سەتچىلىكلىرى، پۇل يۇيۇش قىلمىشلىرى، دېھقانلارنىڭ ھال-دەردى، ئىشسىزلىق-بىكارچىلىق ۋە بۇلارنىڭ ئاقىۋەتلىرى، ئىسراپخورلۇق، چوڭ-كىچىك پارىخورلۇق، ئىشرەتخورلۇق، بايۋەچچىلىك ... لەر دادىللىق بىلەن ئېچىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئاۋام بۇنداق يازمىلاردىن سۆيۈنۈۋاتىدۇ ۋە خاۋاتىرلىنىۋاتىدۇ، دۆلەت ۋە

www.uyghurkitap.com

مىللەتنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەۋاتىدۇ. دېمەك، ئىچكىرىدىكى مەتبۇئاتلار ئىلمىيلىك مەۋقەسىدە چىڭ تۇرغاچقا بۇيەردىكىلەر ئويلاشقىنىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتقان مۇلاھىزە-قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلىۋاتىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ غەربىي دىياردا ئەھۋال باشقىچە. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا دېھقانلارنىڭ قول ئورنىدا ئىشلەيدىغانلىقى، ئەترەت باشلىقى چاغلىق «ئەمەلدار» لارنىڭ ئالدىغا يىراقتىن ئېگىلىپ-پۇكۇلۇپ سالام قىلىپ كېلىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆي-ئايۋانلىرىنى سالىدىغانلىقى، يەرلىرىنى تېرىيدىغانلىقى ھەم قىسمەن يوقسۇللارنىڭ كېسەكنى ياستۇق قىلىپ ياتىدىغانلىقى... دەك تەگسىزلىكلەرنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقىم پەلەككە يەتتى.

مەركەزنىڭ يەرلىكنى قوللىشى باشقا،
يەرلىكنىڭ دوكلاتنى يوللىشى باشقا،
ھوقۇقنىڭ پۇقرانى گوللىشى باشقا...

ئەزەلدىن مەن مەنسەپنى ياراتمايمەن، مەنسەپمۇ ھەم مېنى ياراتمايدۇ. مەن شۇنداق ئويلايتتىم، مەنسەپ ئادەمنىڭ تەبىئىيتىنى ئاستا-ئاستا ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئاقىۋەتتە مەنسەپپەرەسلىك كېسىلىگە دۇچار قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن داجىپ يۈرۈشۈم كېرەك. پېقىرنىڭ مەنسەپدارلىق تەمەسى ھەم مەنسەپ شوتىسىغا يامىشىش غەرىزى بولمىغاچقا، مەنسەپدارلىقنى پەقەتلا چۈشەنمەيمەن. «دوك ۋەزىر لىيۇيۇڭ» ۋە «قارا يۈز» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىدىكى جياڭ فېڭدەك ھەققانىيەتچى - پاك مەنسەپدارلارنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ، دەپ ھەسرەت چېكىمەن. خەلقنىڭ غېمىنى يېمىگەن مەنسەپدارنى «خەلقنىڭ چاكىرى» دېگۈم يوق. مەركەزنىڭ تەكىتلەيدىغىنى، يەرلىك مەنسەپدارلاردىن كۈتۈدىغىنى - خەلقنىڭ غېمىنى يېيىش، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت، پەرمان، چاقىرىقلىرىنى ئۆزماھىيىتى، روھى بويىچە تۈۋەنگە - ئاۋام پۇقراغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈش تۇرسا، بەزى يەرلىك مەنسەپدارلارنىڭ «خاقان» بولۇۋېلىشى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرغانلىق بولماي نېمە؟! «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 5-سانىنى قولۇمغا ئېلىپ ئەڭ ئاۋۋال ئوقۇغىنىم، ماقالىنىڭ بېشى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى ياڭ چۈنشى ئەپەندى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئومۇمىي يىغىنى مەزگىلىدە مۇخبىرنىڭ مەخسۇس زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: ئېلىمىز ھۆكۈمىتى ئالدى بىلەن يېزىلاردا ھەقسىز «مەجبۇرىيەت مائارىپى» نى يولغا قويۇپ، 100مىليوندىن كۆپ دېھقان بالىسىنى ھەقسىز ئوقۇتۇشى، ئەڭ ئاخىرىدا توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ھەقىقىي يولغا قويۇشى كېرەك، دەپ باشلانغان «دېھقان بالىسى مەكتەپتە ھەقسىز ئوقۇسۇن» دېگەن تەرجىمە ماقالە بولدى. (تەرجىمان: توختى باقى ئارتىشى) باشتا دېگىنىمدەك خەنزۇ يېزىقىدىكى مەتبۇئاتلاردا مۇنداق ماقالىلارنىڭ ئېلان قىلىنىشى نورمال ئەھۋال. لېكىن بىزنىڭ مەتبۇئاتلىرىمىز مۇنداق قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماقالىلارغا يولۇقۇپ قالغىدەك بولسا ۋەسۋەسىگە چۈشىدۇ. ئۇيغۇر مەتبۇئاتچىلىقىدىمۇ ئۆزگىرىش - يېڭىلىقلار بولۇۋاتىدۇ. تەرەققىيات قانۇنىيىتىدىن ئېيتقاندا، بۇنچىلىك ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشى تەبىئىي. ئىلمىي ئەمگەككە ئىلمىي يوسۇندا مۇئامىلە قىلماسلىق سەۋەبىدىن ئۇيغۇر مەتبۇئاتچىلىقىدا بۆسۈش بولمايۋاتىدۇ. ئىچكىرىنى قويۇپ تۇرۇپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەتبۇئاتچىلىق ساھەسىگە قارىساقمۇ، ئۇيغۇر مەتبۇئاتچىلىقىدا تالاش-تارتىشلارنىڭ كۆپلىكىنى ھېس قىلالايمىز. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتى «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نەشر قىلىنغىلى ئۇزاق بولمىدى. لېكىن قىسقىغىنە ئارىلىقتا بۇ گېزىت نوپۇزلۇق گېزىتلەر قاتارىغا ئۆتتى (خەنزۇ يېزىقىدىكىسىنى دەۋاتىمەن). تەسىرى مەملىكەت دائىرىسىگە كېڭەيدى. بۇندىن باشقا، بۇ گېزىتنىڭ «شەھەر ئىستېمالى سەھەر گېزىتى» ۋە «ياشلار گېزىتى» قاتارلىق بالا گېزىتلىرىمۇ چىقىۋاتىدۇ. «شىنجاڭ گېزىتى» (خەنزۇ يېزىقىدىكىسى) «شىنجاڭ ئىقتىسادگېزىتى» نىڭ ئىزىدىن «شىنجاڭ مەركىزىي شەھەرگېزىتى» نى چىقاردى. قوشۇمچە گېزىت چىقىرىش، ھەتتا گېزىتچىلىك گۇرۇھى شەكىللەندۇرۇپ گېزىت-ژۇرنال، مەجمۇئە نەشر قىلىدىغان نەشرىياتلارنى قۇرۇش ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئاللىقاچان ئومۇملىشىپ بولغان گېزىتچىلىك ئەندىزىسى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھېچقانداق بىر گېزىتخانا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىرەر قوشۇمچە گېزىت چىقىرىپ باققىنى يوق. بۇ جەھەتتە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنى ئالاھىدە تەرىپلىگۈم كېلىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ چىقىرىۋاتقانلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتەلىگۈدەك مەۋقەدە چىقىرىلمايۋاتقان بولسىمۇ، بىزگە نىسبەتەن يېڭى شەيئى - ھادىسە بولغاچقا تەرىپلىنىشكە تېگىشلىك. ئادەمنىڭ يوشۇرۇن كۈچى زور بولىدۇ. «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى سۇجېنچاڭ ئەپەندى بۇ نۇقتىنى تۇتقا قىلغاچقىمىكىن، بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەم گېزىتىنىڭ نوپۇزىنى مۇناردەك تىكلىدى. بۇ «مۇنار» مەڭگۈ غۇلىمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇلى - يىلتىزى خەلقنىڭ قەلبىگە كۆچتى... سۇ جېنچاڭ ئىستېداتلىق تەھلىلچى، ئوبزورچى (گېزىت ئوبزورچىسى)، سالاھىيىتىگە لايىق مۇخبىر ھەم ئىجتىمائىي پائالىيەتچى. ئۇ يەنە جۇ يۇكې قاتارلىق ياش قابىل كۈچلەرنى بايقاپ ھەم يېتەكلەپ ئۇلاردىكى يوشۇرۇن كۈچنى يەتكۈچە قازدى. ئۇيغۇر مەتبۇئاتچىلىقىدا مۇشۇنداق چولپانلار كۆرۈلمەسمۇ؟ بۇنداق بولۇشىغا ئىشەنمەيمەن. «بىزدىمۇ چولپان بار». ئەمما ئۇلارنىڭ جۇلاسى چەكلىك بولۇۋاتىدۇ، سانىمۇ ئىنتايىن ئاز. ھېلىمۇ ياخشى، بىزدىمۇ نەشرىيات سودىگەرلىرى چىقىپ نەشرىياتلار قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. نەشرىياتلاردىكى قاتماللىق قاچانمۇ تۈگەركىنتاڭ!

گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، بىزمۇ «دېھقاننىڭ بالىسى ھەقسىز ئوقۇسۇن» دېگەندەك ھەقلىق خىتابلارنى قىلساق نېمىشقا بولمىغۇدەك؟! مەنسەپدارلار ئولتۇرۇۋاتقان كاتتا پىكاپلار، يەۋاتقان ئېسىل نازۇ-نېمەتلەر، تۇتۇۋاتقان، ئۆزلۈكسىز دەرىجىسى ئۆسۈۋاتقان مەنسەپلىرىدە دېھقاننىڭ مىننەتسىز قان-تەرى، بەدىلى يوقمۇ؟ دېھقان يىل بويى ئېتىز-قىرلاردا قۇرتتەك ئۆمىلەپ، قاڭشىق تەرگە چۆمۈلۈپ ئىشلىسىمۇ ئېرىشىدىغىنى، كۆرۈدىغان راھىتى چاغلىق. ئوقۇش ھەققى، كىتاب-ماتېرىيال ھەققى، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش ھەققى دېگەندەك

چىقىملار دەستىدە دېھقانىنىڭ بېشىغا قاراتاغ يىقىلدى. ھەرخىل ئوقۇش چىقىملىرىنىڭ ئارتىپ كېتىشى ئەسلىدىنلا يوقسۇل دېھقانلارنى تېخىمۇ ھالسىراتماقتا. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا يۇقىرى نومۇر ئالغان يوقسۇل ئائىلىلەرنىڭ باللىرى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇش ئارزۇسىنىڭ مەرىدىن مەجبۇرىي كېچىۋاتىدۇ. ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردىمۇ قولى قىسقىلىق سەۋەبىدىن ئوقۇشسىز قېلىۋاتقانلارنىڭ سانى ئېشىۋاتىدۇ. پېقىر مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى ئاڭلىسام ئىچىم ئۆرتىنىپ، ئاشۇ سەبىيلەرگە بارلىقىمنى ئاتىۋەتكۈم كېلىدۇ، ئەپسۇسكى، مېنىڭ «بارلىقىم» مۇ تايىنلىق، نامرات بىر زىيالىيمەن. نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم ۋە روھىي مەدەت بېرىش خۇسۇسىدا تولا ئويلىنىمەن، جەمئىيەتتىن كۈچ تەشكىللەپ ئۇلارنىڭ سۇنۇق كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرغۇم كېلىدۇ. مەن 1980-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ يىللاردا 20 نەچچە يۈەنلىك تاماق بېلىتى تارقىتىلاتتى، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بارلارغا كىيىم-كېچەك بېرىلەتتى. ماڭا ئىككى ئايدا بىر قېتىم 20-30 يۈەن ئائىلە پۇلى كېلىپ تۇراتتى. ھازىر ئويلىسام ئاشۇ ئازراقىنە پۇل بىلەن قانداقلارچە مەكتەپ پۈتتۈرگىنىمگە ھەيران قالىمەن. ھازىر 20-30 يۈەن پۇل ئائىلە شارائىتى ياخشى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ جىق بىلىنمەيدۇ. مەن تالاي ئارزۇ-ئىستەكلەرنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ 1999-يىلى ئۆز نامىمدا بىر ھەپتىلىك يېزىقچىلىق كۇرسى ئاچتىم. ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى يېزىقچىلىققا ھەۋەس قىلىدىغان 70 نەچچە ئوقۇغۇچى كۇرسقا قاتناشتى. كۇرستا «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» نىڭ ئالىي مۇھەررىرى، يازغۇچى قادىر ئارسلان بىلەن «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، شائىر ئابلىكىم ھەسەن ئاساسلىق دەرس ئۆتتى. نامرات ئوقۇغۇچىلاردىن كۇرس ھەققى ئېلىنمىدى. بەزى ئوقۇغۇچىلار ھەق تاپشۇرمىدى، ئۇلارنى مەجبۇرلىمىدۇق. كۇرس ئاخىرىدا باللارنى خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى شارلار تېغى (غەربىتاغ يېزىسى دېيىلىدۇ) غا ئاچىقىپ بىر كۈن قانغىچە ساياھەت قىلدۇردۇق، زېھىن سىناش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدۇق. كۇرسنىڭ چىقىمى كىرىمىدىن ئېشىپ كەتكەچكە بوشلۇقنى ئۆزۈم تولدۇردۇم. لېكىن بۇنى ھېچكىمگە چاندۇرمىدىم. كۇرستىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلارغا دەرس سۆزلەش ھەققى بېرەلمىگىنىمگە ھازىرغىچە خىجالەت بولىمەن. ئەلۋەتتە ئۇلار مەندىن ئۇنى تەلەپمۇ قىلمىدى، ئەكسىچە، پېقىرنىڭ روھىدىن سۆيۈندى، مەنمۇ ئۇلاردىن سۆيۈندۈم. ئەڭ مۇھىمى باللار سۆيۈندى، خۇش بولدى ھەم نۇرغۇن تەسىراتلارغا ئېرىشتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دېيىشىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە بۇنداق بىرەر كۇرس ئېچىلىپ باقماپتۇ. ئەسلى ئارزۇيۇمدا بۇ كۇرسنى ھەر يىلى يازلىق تەتىلدە بىر قېتىمدىن ئېچىپ تۇرماقچى ئىدىم. تۇنجى قېتىملىق كۇرسقا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلاردىن تاللاپ ئۇرۇمچىدىكى ئاخبارات-تەشۋىقات ئورۇنلىرىنى، ساياھەت نۇقتىلىرىنى كۆرسىتىپ كەلمەكچى بولغانىدىم. بۇ ئىشلارنى قادىر ئارسلان بىلەن ئابلىكىم ھەسەن باش بولۇپ تەشكىللىمەكچى بولدى. ئۇلارغا كۆڭلۈمدىكى رەھمەت-تەشەككۇرۇم ھازىرغىچە داۋالغۇپ تۇرىدۇ.

شۇغىنىسى، ئۇلارنىڭ كۈتكەن يېرىگە يېتەلمىدىم، يەنى ئوقۇغۇچىلارنى ئۈرۈمچىگە ئاچىقالمىدىم ھەم كېيىنكى قارارلىق كۇرسلارنىمۇ ئاچالمىدىم. بەلكىم بۇنىڭغا نامراتلىقىم سەۋەب بولغاندۇ. چۈنكى مەنمۇ بىر دېھقان پۇشتى، قولى قىسقا نامرات زىيالىيمەن. بەزىلەر: «ئۆزى بولسا زىيالىي، قىلغان ئىشى خىيالىي» دەپ مېنى مازاق قىلىشى مۇمكىن. لېكىن مەن ئۆزۈمنىڭ زىيادە غەملىك ئادەم بوپقالغىنىمدىن، ئەمگەكلىكىمدىن رازى، ئاللا ئىگەمنىڭ ماڭا شۇنداق غەم-ئىشقىنى سالغىنىدىن مىڭ مەرتىۋە خۇرسەنمەن. 2000-يىلىغا كەلگەندە مەندە يەنە بىر يېڭى خىيال - ئارزۇ تۇغۇلدى. نەچچە ھەپتە تەييارلىق قىلىش، تەشكىللەش، مەشىق قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۆكتەبىردە ئىككى مەيدان ئويۇن تەشكىللىدىم. بۇ ئىشنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئوبدان قوللاپ شارائىت يارىتىپ بەردى. كەسپىي خادىملارنى يېتەكچىلىك، رىژىسسورلۇق قىلىشقا ئاجراتتى. ئويۇن نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ئىئانە توپلاش ئارزۇسىدا تەشكىللەنگەچكە ئارتىسلار جاپاغا چىدىدى، قىزغىنلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولدى. ئويۇن ۋاقتى ھاردۇق مەزگىلىگە توغرا كېلىپ قېلىش، تەشۋىقات ياخشى بولماسلىق سەۋەبىدىن بېلەت تۈزۈك سېتىلماي قالدى. ئەسلى پىلان بويىچە ۋىلايەت تەۋەسىدە 20 نەچچە مەيدان ئويۇن قويۇپ كەڭ كۆلەمدە ئىئانە توپلاپ نامرات ئوقۇغۇچىلارنى يۆلەش، ئۇلارنىڭ روھىغا مەدەت بېرىش ئارقىلىق جەمئىيەتتە مائارىپنى قوللاش قىزغىنلىقى قوزغاش ئىدى. لېكىن كېيىن باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پىلان يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قالدى. بىر كىچىك ئارتىسىمىز بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ دادىسى مائارىپنى ئىنچىل قوللاپ كېلىۋاتقان ساخاۋەتلىك تىجارەتچى بولغاچقا ئوغلىمۇ ئۇنىڭ تەسىرىنى ئالغان بولسا كېرەك. بۇجەرياندا ئىككى كىشى 1000 يۈەندىن ئىئانە قىلدى. بېلەت كىرىمى قاتارلىق ھەرخىل كىرىملەر ئۇرۇمچىدىن تەكلىپ قىلىنغان سەنئەتچىلەر، زال ھەققى ھەم باشقا چىقىملارغا يەتمەي قالغاچقا يەنە يېنىمنى كولىدىم. ھەتتا بۇنىڭ دەردىنى كېيىنگىچە تارتتىم. 2001-يىلى مەندە يەنە بىر خىيال تۇغۇلدى؛ جەمئىيەتتىكى ئۆزۈم بىلىدىغان ياشلارنى دالالەت قىلىپ، ھەر ئايدا بەش-ئون يۈەندىن ئىئانە توپلاپ جۇغلاشقا سەپەرۋەر قىلدىم. دەسلەپتە ھەممەيلەننىڭ قىزغىنلىقى بەك كۈچلۈك بولدى. كېيىن بۇ ئىشمۇ پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. مۇشۇ كۈندە خەقتىن پۇل يىغىش زاغرا ناندىن قىل سۇغۇرغاندىنمۇ تەس بوپكېتىپتۇ. ئاخىرى بىر ئامالىنى قىلىپ بۇ پۇلنى 1000 يۈەن قىلىپ پۈتتۈلەپ مەلۇم بىر تاغلىق مەكتەپتىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا خۇپىيانە يەتكۈزۈپ بەردۇق. بۇ ئىشنىڭ تەسىرىدە بەزى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ بىر-ئىككى نەپەر نامرات ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتۇشنى ھۆددىگە ئالغانلىقىنى، بۇنداق خۇپىيانە ياردەمچى - ھەمدەمچىلەرنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆپ ئاڭلاپ خۇرسەنمۇ بولدۇم. يۇقىرىقى بىر قاتار ئەمەلىيەتلەردىن شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، مائارىپنى، توغرىسى نامرات ئوقۇغۇچىلارنى ئېغىزدا قوللايدىغانلار ناھايىتى كۆپ، ئەمەلدە قوللايدىغانلار ئاز بولىدىكەن. گەپ ئەمەلدە كۆرسىتىلمىسە ئۇنىڭ ئۇسسۇرۇقتىن نېمە پەرقى؟!

باشلىقلار يۇقىرىغىلا ياخشى كۆرۈنۈشكە بېرىلىپ كەتسە تۆۋەننىڭ ھال-دەردىنى ئۇنتۇپ

قالىدىغان چاغۋا (چېغى بار ئوخشايدۇ). ئۇلار نېمىشقا بەزى چاغلاردا ئاددىي پۇقرالاردەك ئامما ئارىسىغا كىرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ باقمايدىغاندۇ. پېقىر باشلىق بوپقالغان بولسام چوقۇم شۇنداق قىلاتتىم، دەپ ئويلايمەن بەزىدە. لېكىن شۇنداق بوپقالسا مەنمۇ تايىنلىق. چۈنكى باشلىق يۇقىرىغا يارىمىسا بىكار. شۇنىڭ ئۈچۈن باشلىق بولمىغىنىم تۈزۈك. شۇڭا دەيمەن: مەن مەنسەپدارلىقنى ياراتمايمەن، مەنسەپدارلىقمۇ مېنى ياراتمايدۇ دېگەندەك.

بەزى باشلىقلار ئامما ئارىسىغا يۈرەكلىك كىرەلمەيدىكەن، ئاممىۋى ئاساسى ياخشى بولسا نېمىدىن قورقىدۇ؟ بۇنداق مەنسەپدارلارنىڭ چوقۇم قورسىقىنىڭ ئاغرىقى بار. باشلىقلار نامرات ئوقۇغۇچىلارنى ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقسا نېمە بوپكېتەر! ئۇلار يا شۇنچە ئالدىراشمىدۇ. ئۇلار خەلقنىڭ چاكىرى بولغاندىكىن خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇشى ئەقەللىي ئىشقۇ!

مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا مۇشۇنداق تەرجىمە ماقالىنىڭ ئېلان قىلىنغىنىدىن چەكسىز سۆيۈندۈم. ناۋادا، دېھقاننىڭ بالىسى ھەقىقەتەن ھەقسىز ئوقۇيدىغان كۈنلەر كەپقالسا قانچىلىغان دېھقاننىڭ بېشىدىكى قارا تاغ ئېلىپ تاشلىنار-ھە! جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ 80 پىرسەنتى، ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ 90 پىرسەنتى دېھقان. دېمەك شۇنداق كۈنلەر كەلسە پۈتكۈل خەلق، دۇنيا، ھەتتا ئاللامۇ بۇنداق سىياسەتكە ئاپىرىن ئېيتقان بولار ئىدى. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ بۇ سانىدا ماڭا ئەڭ كۈچلۈك تەسىر قىلغىنى مۇشۇ ماقالە-چاقىرىق، ياق، خىتاب ياكى نىدا بولدى. بۇ نىداغا مېنىڭمۇ بىر كىشىلىك كۈچ قاتقۇم كەلدى. نىداغا كۈچ قوشىدىغانلار كۆپەيسە، نىدا ئاخىرقى ھېسابتا سادا ھاسىل قىلىدۇ.

دېھقاننىڭ بالىسى ھەقسىز ئوقۇسۇن!
بىلىمدىن خاتىرجەم كەشتە توقۇسۇن.
يوقسۇزلۇق، مەھكۇملۇق تېزراق يوقسۇن،
بۇ نىدا جىمى دىل-ئەلنى نوقۇسۇن.

دېھقاننىڭ بالىسى ھەقسىز ئوقۇيدىغان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟ بۇنىڭغا سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى جاۋاب بېرىپ باقسۇن.

دېھقاننىڭ بالىسى ھەقسىز ئوقۇسۇن! بۇ خىتابنىڭ تېزراق ساداغا ئايلىنىشىنى تىلەيمەن.

2002-يىل نويابىر، شەھىرى قۇمۇل (M1)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ شىنجاڭ بويىچە 65 ناھىيە، شەھەردىكى شارائىتى ناچارراق شەھەر، بازار ۋە يېزا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى 2 مىليون 50 مىڭ نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ دەپتەر-قەلەم پۇلى بىلەن ئوقۇش پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىپ، نامرات، ئوقۇش يېشىغا تولغان بارلىق بالىلارنى دۆلەتنىڭ توققۇز يىللىق مۇنتىزىم مائارىپىنى قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى قارار قىلدى

«ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئاچقۇچ — مائارىپتا. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ئىقتىسادىنىڭ يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتىنى كۆزدە تۇتۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ پۈتكۈل شىنجاڭدىكى 65 ناھىيە، شەھەر (بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئىككى ئوبلاستتىكى 42 ناھىيە، شەھەر) دىكى شارائىتى ناچارراق شەھەر، بازار ۋە يېزا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى 2 مىليون 50 مىڭ نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ دەپتەر-قەلەم پۇلى بىلەن ئوقۇش پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىپ، نامرات، ئوقۇش يېشىغا توشقان بارلىق بالىلارنىڭ دۆلەتنىڭ توققۇز يىللىق مۇنتىزىم مائارىپىنى قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ، پۈتكۈل شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىدىغان چوڭ ئىش، شۇنداقلا جەنۇبىي شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك تۈپ تەدبىر.

جايلار، تارماقلار ئالاقىدار تەلەپلەر بويىچە بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشى كېرەك.»

— جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەننىڭ «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى» دىن

2003-يىل 13-ئىيۇن

---

* ماۋزۇ باش مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2003-يىل 17-ئىيۇن سانىدىن (M1)



# ئادەملەردە ئۆلۈم ۋە مۇھىت ئېڭى

ئابدۇلباسىت ئابدۇراھمان

ئىنسانلار ھايات ھەقىقەتلىرى ئۈستىدە قانچە ئىزدەنگەنسېرى ئۆلۈمنىڭ خەۋپى شۇنچە گەۋدىلىنىپ باردۇ. ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەت ھەرقانداق بىر جان ئىگىسىگە ئەجەلنىڭ تەمىنى تېتىتىپ، جۇدالىق شارابىنى ئىچكۈزۈپ، ھەسرەت-نادامەت يەرلىكىگە دەپنە قىلدى. ئۆلۈم شۇنداق بىر قۇدرەتلىك كۈچكى، بارلىق پادىشاھلارنى، ئىمپېراتورلارنى، تىلسىم سىرلىرىنى ئاچقۇچى ھەكىم-دانىشمەنلەرنى ئەجەل تىغى بىلەن تەسلىم قىلدۇرۇپ ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ئۆلۈمنىڭ مىللەت چەكلىمىسى، ئىرقىي ئايرىمىسى بولمىدى. تېررورتورىيە سىزىقلىرى ئۇنىڭغا تېخىمۇ كار قىلالمىدى. ئۆلۈم سىرلىق، ئەجەل دەقىقىلىرى ئىنسان ئۈچۈن مەۋھۇمدۇر.

شەرق-غەرب تېبابىتىگە ئاساس سالغۇچى بۈيۈك ئىسلام پەيلاسوپى ئىبنى سىنا ھەزرەتلىرى تېببىي ئىجتىھاتلىرىدا كۆپ ئەجىر-بەدەللەر سىڭدۈرۈپ ئۆلۈم ھەققىدە ئىزدەنگەن بولسىمۇ، ئاخىر ئۆلۈمنىڭ سىرىنى يېشەلمەي:

قارا يەر قەرىدىن تا ئەۋجى زۇھەل،
كائىنات مۇشكۇلىن بارىن قىلدىم ھەل.
كۆپ مۇشكۇل تۈگۈنىنى چۇشەندىم، يەشتىم،
ئېچىلماي تۈرغىنى بىرگىنە ئەجەل①

دەپ يېزىپ ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ ئەجەل تەرىپىدىن بەربات قىلىنىپ ئۆمرى ئاخىرلاشقانلىقىنى خۇلاسە قىلغانىكەن. ئۆلۈمنىڭ بالاغىتى تالاي شانۇ-شەۋكەتلەرنى بەربات ئەتتى. ئۆلۈمنىڭ ئەنە شۇنداق

روھ چوقانلىرى

① «ئىبنى سىنا ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى»، ئېھسانسەر تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

www.uyghurkitap.com

خەۋپىنى ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق تەخمىن بىلەن قەلەمگە ئالغان.

6290. تۇغۇلغان ئۆلۈر، بۇ شېرىن جان كېتۇر،
نەبەگۇ - نەقۇل ۋەرەسۇللار قالۇر.

6291. ئۆلۈم بىز ئۈچۈن ھەم تەييار بۇنى ئۇق،
ئۆلۈمگە قورال يا ياراغ چارە يوق.

شۇنداق، ئۆلۈم سىرلىق، ئۆلۈم ۋەھىمىلىك. ئۆلۈمنى ئويلىغان ھەربىر جان ئىگىسى كۆپ تەشۋىش بىلەن ھايات مەنزىللىرىگە قايرىلىپ باقىدۇ. ئۆلۈم ئىنسان روھىيىتىنى دائىما ئىدىتلاپ ھايات بىلەن دىئالوگ قۇرۇشقا چاقىرىپ تۇرىدۇ. ئۆلۈمنى كۆپ ئويلىغان ئىنسان ئادەم ۋە زاماندىن يەتكەن بۇزۇقچىلىقلارغا سوغۇق قاراپ، كۆللىي كائىناتتىكى تەگرى مەۋجۇداتلىرىغا مۇھەببەت ۋە ئىزگۇ بىلەن تەلپۈنۈپ، ئۇنى تەپەككۇر كۆزى بىلەن كۆزىتىدۇ. شۇندىلا ئۇنىڭ ۋۇجۇد سەھراسى ھېكمەت بوستانىغا ئايلىنىدۇ، قەلبى ياخشىلىق ئىزدەپ چۆل-گۈلىستانلاردا سەير ئېتىدۇ. بىز شەرقچە تەپەككۇر بىلەن دۇنياغا باقىنىمىزدا، ئۆمۈر مەنزىلىمىزدىن چاقناپ تۇرغان بىر يۇلتۇزنى كۆرىمىز. ئۇ ھامان بىر كۈنى ساقىپ چۈشىدۇ. ساقىغان يۇلتۇزنىڭ سىماسىنى كۆرگەنلەر ئاز ئەمەس. ئۇ ساقىپ چۈشكەندە ئاسمان يۈزىگە ئاجايىپ گۈزەل نۇرلۇق سىزىقنى سىزىپ چۈشىدۇ. ئۇ، ئىنساننىڭ بېسىپ ئۆتكەن بارلىق يولىدۇر، تەبىئەت بىلەن ئىنساننى باغلىغۇچى گۈزەل رىشتىدۇر. ھاياتلىق ۋە ئۆمۈر لەززەتلىكتۇر، يەنە بىر جەھەتتىن ئازابلىقتۇر. لەززەتلىك تەرىپى: پۈتكۈل دۇنيانى، ئىنسانىيەتنى ۋە ۋەتەننى سۆيگەن ۋاقىتتىكى مۇھەببەتتىن كېلىدۇ. ئازابلىق تەرىپى: دۇنيانى، ئىنساننى ۋە ۋەتەننى سۆيۈش بەدىلىگە ئېرىشكەن زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىكتىن كېلىدۇ. ئۆلۈممۇ ھاياتقا ئوخشاشلا لەززەتلىك ۋە ئازابلىق بولىدۇ. ھەقىقەت جەڭگاھىدىكى شەھىدلىك مۇقامى لەززەتلىك ئۆلۈمدۇر. قورقۇنچاق، ئىككى يۈزلۈك، بىخۇد ئادەمنىڭ يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدىكى ئۆلۈم دەقىقىسى ھەقىقەتەن ئازابلىك ئۆلۈمدۇر. بۈگۈنكى دۇنيا مەدەنىيىتى كۆپ قۇتۇپلاشقان، پارچىلىنىۋاتقان، خوراۋاتقان ۋە كرىزىسقا تولغان بىر مەدەنىيەتتۇر. مۇشۇ مەدەنىيەت يۈنىلىشىدە بەزىدە ئىتتىرىلىپ، بەزىدە چېكىندۈرۈلۈپ يېتىلىنىپ كېتىۋاتقان ئەخلاق ئۆز ئۆتمۈشىگە قىيمىغان ھالدا قايرىلىپ باقماقتا. كۈنسايىن ئەخلاقتىن ۋەيدالىشىۋاتقان ئىنسانلار زامانىۋى نادانلىقتا، پۇلپەرەسلىككە، قورقۇنچاقلىقتا ۋە ياۋۇزلۇقتا يۈزلىنىپ، قەلبلىرىدە ئۆلۈمنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى كۆچىيىۋاتقان بولسىمۇ، بۇزۇلغان ئەخلاقتا بولغان چەكلەش ئورنى تۆۋەنلەپ بارماقتا. نىھايەتكى، ئەھۋال شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن بولسىمۇ فارابىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئىنساننىڭ بۇرچى ھەققىدە ئېيتقان مۇنۇ ھېكمىتىنى زىكىر قىلماقتىن ئۆزگە ئىلاجىمىز يوقتۇر:

يىراق يۈز بولسا باتىل، سۆزى يالغان،
ھەقىقەت تارقىتىپ كەت بولسا ئىمكان.
بىزگە دۇنيا بولمىدى ئابادە ئۆي،
كەلمىگەچ تەڭ بۇ ئۆلۈمگە ھېچبىر ئىنسان①

* * *

ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسلىرىدا ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ئۆمۈر چېكى 120 ياش ئەتراپىدا بولىدىغانلىقى، بۇ ياشقا يەتمەي ئۆلۈپ كېتىشنى بولسا نورمالسىز تاشقى ھادىسە - سەۋەبلەردىن بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. مەن ھازىرقى مەتبۇئات ۋاسىتىلىرىنىڭ بىرىدىن ئىنسانلارنىڭ ئۆمرىنى 250 يىلغىچە ئۇزارتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئوقۇغانىدىم. ئىسلام تارىخىي مەنبەلىرىدە تۇنجى يارىتىلغان ئىنسانلارنىڭ بوۋىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ 1000 ياشقا كىرگەنلىكى، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى دەپ ئاتالغان نۇھ ئەلەيھىسسالام (نۇھ ئىبنىي ئادەم سانىي) نىڭ 950 يىل ئۆمۈر كۆرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. يەنە «قۇرئان كەرىم» تەپسىرلىرىدە لوقمان ھەكىمنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلىكى يەتكۈزۈلگەن. شۇنىڭغا مۇتابىق ھالدا خەلقىمىز ئارىسىدا لوقمان ھەكىمنىڭ 4400 ياشقا كىرگەنلىكى ھەققىدە رىۋايەتلىك مەنبەلەر بار. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر خەلقى لوقماننى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ سىمۋولى قىلىپ مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىختىن بۇيان زىكىر-سۆھبەتلىرىدە ياد ئېتىپ كەلمەكتە. دۇنيا مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئىنسانىيەت شانۇ-شەۋكەتلەرگە ۋە قىسمەتلەرگە تولغان تارىخلارنى تاماملىدى. گەرچە بۈگۈنكى دۇنيا ئۆتمۈشتىكى دۇنيادىن ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت، ئەخلاقلار قاتارلىق جەھەتلەردىن تولىمۇ يىراقلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھاياتلىق خىرىسىغا كۈندىن كۈنگە يېقىنلاپ بارماقتا. بىز ئەنئەنىۋى تارىخ كىتابلىرىمىزنى ئاچىدىغان بولساق ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئىمكانىيەتلىرىنى بايقايمىز. ھازىرقى تېببىي ئۈچۈرلاردىن قارىغاندىمۇ ئىنسان ئورگانىزملىرىنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى 250 يىللىق مۇساپىنى بېسىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ھازىرقى دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 50 ياشقا ئۇلاشمايدۇ؟ ھالبۇكى، تېببىي ئىلىم تەرەققىي قىلدى دېيىلىۋاتقان يېڭى ئەسىر شارائىتىدا ئامېرىكا، بىرىتانىيە، گېرمانىيە، جۇڭگو، ياپونىيە، فرانسىيە ۋە باشقا بىر قىسىم ئەللەرنىڭ تېببىي ئالىملىرى ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن بىرلەشمە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئىنسانىيەتنىڭ گېن كۆرۈپپىسى خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى. بۇ ھازىرقى دۇنيا تېبابەت ساھەسىدىكى بىر بۆسۈش بولۇپ، بىر قىسىم ۋە داۋاسى ئېنىق بولمىغان يامان سۈپەتلىك، جاھىل كېسەللەرگە ئۈمىد بېغىشلىغان بولسىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆمرى ۋە ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك خۇشاللىنارلىق ئىلگىرىلەش بولمىدى. كېسەلنى دەماللىققا داۋالاپ ساقايتىش بىر مەسىلە. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن شۇ بىمارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇرايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ كېسەل بولدى دېگەنلىك ئۆمۈر قىسقاردى دېگەنلىكتۇر. چۈنكى كېسەللىك بەدەن ئورگانىزملىرىنىڭ ئىقتىدارىنى خورىتىپ، ھۈجەيرىلەرنىڭ قېرىشىنى تېزلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىممونىتېت تۆۋەنلەپ كېسەللىك تەكرارلىنىش ئارقىلىق ئاخىرىدا ئۆلۈم ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ. گەرچە كېسەل بولۇش ئادەملەرنىڭ گىگىيېنىسىغا ۋە فىزىئولوگىيىسىگە مۇناسىۋەتلىكتەك كۆرۈنسىمۇ، چوڭ جەھەتتىن پۈتكۈل يەرشارىنىڭ مۇھىتىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. گېلىڭىزدىن تۈيۈقسىز تاماق ئۆتمەس بوپقالسا دوختۇرنىڭ قېشىغا يۈگرەيسىز. دوختۇر سىزگە دىئاگنوز قويۇپ قىزىل ئۆڭگەچ راكىغا گىرىپتار بولغانلىقىڭىزنى ئېيتىدۇ. سىز شۇ جايدىلا دىئاگنوز قەغىزىڭىزنى سىقىمداپ قورقۇنچتىن بىر قېتىم ئۆلۈپ كېتىسىز. دوختۇر سىزگە يەنە تەسەللىي بېرىدۇ. ئوپېراتسىيە قىلىش ھەققىدە تەكلىپ ئالىسىز!

① ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئوچېركلار»، 43-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىل 1-نەشرى.

60.50 ـ مىڭ يۈەنني غەملەپ دوختۇرنىڭ ئالدىغا كەلگىچە تۇرمۇشنىڭ، ئىقتىسادنىڭ قاتتىقچىلىقىدىن يەنە بىر قېتىم ئۆلىسىز. دوختۇرلار تولا ئوپېراتسىيە قىلىۋېرىپ ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەن پىچىقى ۋە ۋە چىۋەرلىشىپ كەتكەن قولى ئارقىلىق كېسەللەنگەن قىزىل ئۆڭگىچىڭىزنى كېسىپ ئېلىۋېتىپ ياپونىيىدىن ئىمپورت قىلىنغان سۈنئىي قىزىل ئۆڭگەچ تەنچىسىنى ئۇلاپ قويىدۇ. سىز بىرەر ئايدىن كېيىن كېلىڭىزدىن بىر پىيالە ئۈگرە ئۆتكەندەك ھالغا كېلىسىز-دە، دوختۇرخانىدىن چىقىسىز. شۇنىڭ بىلەن غورىگىلچىلىك ئىچىدە ئۈچىنچى قېتىملىق ئۆلۈمىڭىزنى باشلايسىز. سىز شۇ چاغدا كېسەللىك سەۋەبىڭىز، مۇھىتىڭىز ۋە ئۆزىڭىز كۆڭۈل بۆلمىگەن دۇنيايىڭىز ھەققىدە ئويلىنارسىزمۇ؟ نەپەسلىنىۋاتقان ھاۋاغا، يەۋاتقان يېمەكلىكلەرگە، كىيىۋاتقان كىيىملەرگە قايتىدىن گۇمانىي نەزىرىڭىز بىلەن قاراپ چىقارسىزمۇ؟ سىز سانائەت بۇلغانمىلىرى بىلەن نەپەسلەندىڭىز، سۇلياۋ يوپۇق يېپىلغان، زەھەرى كۈچلۈك خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلانغان ئاشلىقلاردىن ئوزۇقلاندىڭىز، سۇلياۋدىن ئىشلەنگەن سۈنئىي توقۇلمىلاردىن كىيىم كىيدىڭىز. مۇشۇلارنى ئىلمىي تەھلىل قىلالىسىڭىز 40 ياشقىچە ياشىيالمىغانلىقىڭىزدىن ھەيران قالىسىز. شۇنداقلا ئاشۇ خىل زەھەرلەرگە بەرداشلىق بېرىپ 40 يىل ياشىيالىغان بەدەننىڭ ساپ-پاكىز مۇھىتتا ئېرىشەلىسە 250 يىل ياشىيالايدىغانلىقىنىمۇ ئىشىنىپ قالىسىز. يىغىپ ئېيتقاندا ھازىرقى يەر شارىدا يۈز بېرىۋاتقان داۋاسى ئېنىق بولمىغان يىغىندى ئالامەتلىك كېسەللىكلەر ئىنسانلار ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىلىم-پەن، مۇھىت، ئەخلاق ۋە سىياسىي بوھرانلارنىڭ سەۋەبىدىندۇر.

* * *

نېمە ئۈچۈن ئىنسانىيەتنىڭ بىئولوگىيىلىك ئەجەل سائىتى بۇرۇن توشۇپ قالىدۇ؟ بۇ مۇلاھىزىمىزنى ئۆلۈم، مۇھىت ۋە سىياسىيغا بېغىشلاپ تۆۋەندىكىدەك داۋام ئەتتۈرىمىز.

فرانسىيىلىك ئاپال ئەدىب فرانسۇۋا زىبارجىنىي نيۇ-يوركنى ئىككى قېتىم زىيارەت قىلىپ مۇنداق خۇلاسىگە كەلگەنىكەن: «نيۇ-يورك ئاسمانپەلەكلەرنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈك بوپقاپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇش سۈرئىتى ئاھالىسىنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشىدىن تېخىمۇ قاتتىق ئىكەن. ئەمەلىيەتتە نيۇ-يورك ئاھالىسى ئۇچرىغان كرىزىس پسىخىكا جەھەتتىكى كرىزىستىن ئىبارەت. بۇ تۇرمۇش رىتىمى ھەم كۈچلۈك ھەم تېز، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ مۇسكۇللىرىدا ئالدىراقسانلىق، ئاسان خاپىلىنىشنىڭ قېنى ئېقىپ تۇرىدىكەن. ئۇلار ۋاقىتنى ئىمكانقەدەر تېجەشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، ئەمما يېتەلمەيدىكەن»① مانا بۇ بۈگۈنكى دۇنيانى پرىسلاۋاتقان ئامېرىكا جەمئىيىتىگە بېرىلگەن ئەڭ توغرا باھا بولسا كېرەك. دۇنيا ئامېرىكا تەرىپىدىن پىششىقلاپ ئىشلىنىۋاتىدۇ. جەمئىيەت سۈرئىتىنىڭ ئىنتايىن تېزلىشىپ كېتىشى ئىنسانىيەت ئۈچۈن غايەت بېسىملارنى ئەكەلدى. ئىشسىزلار ئىش ئىزدەپ ئالدىرىسا، ئىشى بارلار خىزمەت ئۈچۈن ئالدىرايدۇ. كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياج ئىنسانىيەتنى بىرمىنۇتمۇ ئارام ئالدۇرماي ھاياتلىق ئەندىزىسىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەكەلدى. كۆپ تىلسىملارنىڭ سىرلىرى ئېچىلدى. بۇرۇنقى ئالتە ئايلىق مۇساپىدىكى يوللار نەچچە مىنۇتلۇق ئارىلىققا قىسقاردى. يەرشارىنىڭ ئەڭ غەربىدىكى ئۇچۇر ئەڭ شەرقىغە نەچچە سىكونت ئىچىدىلا يېتىپ بارىدىغان بولدى. يىراق ئۆتمۈشتىكى ئېپوس ۋە چۆچەكلەر، دىنىي رىۋايەتلەر بىلەن تويۇنغان مەنىۋى دۇنيا بارغانسېرى ماددىي دۇنياغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت پۇلنىڭ بەندىسىگە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئىنسانلارنىڭ مېڭىسىگە ناھايىتى يۇقىرى زىچلىقتا سان-سىفىرلار ۋە ئۇچۇرلار قاچىلىنىشقا باشلىدى. يەر ئاستىدىن ئىلغار تېخنىكىلار بىلەن مەدەنلەر كولاپ ئېلىندى. ئېغىر قوراللار يەرشارىدا كۆپلەپ سىناق قىلىندى. كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى بىئوخىمىيىلىك قوراللار كۆپىيىپ يىغىشتۇرۇۋالغۇسىز دەرىجىدە تەھدىت پەيدا قىلدى. مانا مۇشۇ خىل جىددىي تۈس ئالغان يەرشارى كەيپىياتى كىشىلەرنى تېخىمۇ جىددىي ھالغا كەلتۈرۈپ، ھەربىر جان ئىگىسى ئۈچۈن تالاي سوئاللارنى تاشلاپ تۇرۇپتۇ. يەرشارىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇۋازىنىتى بۇزۇلۇپ ھايۋانلارنىڭ نەسلى قۇرۇشقا باشلىدى. ئىنسانلاردىكى روھىي بېسىم ۋە تۈرلۈك جىددىيچىلىك سەۋەبلىك ئادەم ئورگانىزمىنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىزلاپ راك ۋە باشقا جاھىل كېسەللەرنىڭ تۈرى كۆپىيىشكە باشلىدى. تەبىئىيلىكى بۇزۇلۇشقا باشلىغان يەرشارىدىكى كىشىلەر شەخسىيەتچىلىك ۋە «زامانىۋى مۇتەئەسسىپلىك» بىلەن ئۆز ھۆكمىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان شارائىتتا مۇھىت ۋە ئىنسانلار دۇچ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قانچىلىك ئورۇن بار! ئىنسانىيەت ياشاش ئۈچۈن شەخسىيەتچىلىك قىلغانسېرى ياشاش ماكانى تېخىمۇ تارىيىپ ئەجەل تېخىمۇ يېقىنلاپ كەلمەكتە. شەھەرلەشكەن، ياتلاشقان ۋە يالىڭاچلانغان مەدەنىيەت ئۆتمۈشتىكى زىبالىقنى ۋە ئەقىدىلىرىنى ئۇنتۇپ، «كلون» قىلىنغان يېڭى تىپلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى يەر يۇتۇپ كېتىشكە سەۋەبچى بولغان بەچچىۋازلىق يەرشارىدا قانۇنلىشىش گىرداۋىغا بېرىپ يەتتى. ئەخلاقتىن ياتلىششنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن بولغان ئەيدىز ۋىرۇسى دۇنيا بويىلاپ يامراشقا باشلىدى. زەھەر چېكىشتىن كېلىپ چىققان زەھەر ئەتكەسچىلىكى قاراقوللار گۇرۇھىنىڭ تەسىرى خەلقئارا قانۇنلارنىڭ ئورنىنى تەۋرىتىپ قويدى. ناجىنسلىق بىلەن بۇلغانغان دۇنيا «كلون»لانغان «ئادەم»لەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلىگىنى بىلەن «كلون»لانغان يەنە بىر يەرشارىنى مەيدانغا چىقىرالمايتتى. ئىلىم-پەننىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنى سەلبىي تەرەپلىرى بېسىپ چۈشۈۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيا ئۆتمۈشتىكى ئىس-تۈتەكسىز گۈزەل چاغلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. «ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتى گاڭگىراشنىڭ كۆپىيىشىدىن، جەمئىيەتنىڭ قالايمىقان بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھەممە ئىلىم-پەن كۈندىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىدىن ئىبارەت بايراق ئاستىدا ئېنىق بىرلىككە كەلگەن ئەھۋال ئەمەلگە ئاشمىغاندا، بۇ ئىلىم-پەنلەر ئۆزىنى كەشىپ قىلغان ئالىملارنىڭ ئىدىيىسىنى ئازاد قىلالمايدۇ. ئەكسىچە، ئىلىم-پەن ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى گۇمران بولۇش ۋە ھېرىپ كېتىش يولىغا باشلاپ كىرىدۇ»② ئۇنداقتا مۇشۇنداق يامان سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنيانى كۈتۈۋاتقىنى نېمە؟ بىز كۆپ تەسەۋۋۇرلاردىن نىھايەت «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن «سۈرە ـ زەلزەلە»نى ئوقۇش بىلەن كۇپايىلىنىمىز. تارىخنىڭ ئىس-تۈتەكسىز ئۆتكەن جەريانلىرىنى

① مىسىرلىق ئىسلام ئالىمى، جەمئىيەتشۇناس يۈسۈپ قەرزاۋىينىڭ «ئىشەنچ ۋە بەخت» دېگەن ماقالىسىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2003-يىل 2-سان.

② يۈسۈپ قەرزاۋىينىڭ «ئىشەنچ ۋە بەخت» دېگەن ماقالىسىگە ئامېرىكىلىق پسىخولوگ ھېنرىي دانىك سۆزىدىن ئېلىنغان نەقىل سۆز.

ۋاراقلاپ كۆرگىنىمىزدە، ھازىرقى ئىنسانلارنىڭ زامانىۋى قوراللار ئارقىلىق بىر-بىرىگە قەتلىئام يۈرگۈزۈۋاتقان ھالىتىنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرالمايمىز. ئۇ چاغلاردا ئۇرۇشلار ھازىرقىدەك سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە تېررورىزىملىق ھىيلە-نەيرەڭلەرگە ئەمەس، ئۇستىگە قۇرۇلمايتتى. پالۋانلار ھەق-ناھەق ئۇستىدە يەكمۇ-يەك ئېلىشىپ ئۆز ماھارەتلىرىنى ئەل ئالدىدا نامايان قىلاتتى. ئۇچاغنىڭ باتۇرلىرى غالىبلىقتىكى ئەركەكلىكىدىن ۋە ھەقىقەت يولىدىكى ئۆلۈمىدىن لەززەت ئالالايتتى. بىز ئەمدىلىكتە بۇ خىل باتۇرلۇق ۋە ئۆلۈم روھىنى پەقەت ئېپوس-داستانلاردىن ۋە يىراق ئۆتمۈش چۆچەكلىرىدىن ھېس قىلالىشىمىز مۇمكىن. ئۇ چاغلاردا دۇنيا سىرلىق، مۇساپىلەر يىراق ئىدى. تەبىئەت گۈزەل ھۆسنى بىلەن ئىنسانىيەتنى قۇچاقلايتتى. ھازىرقى دۇنيا ئىنسانلارنىڭ ئىلىم-پەنى ۋە روھىي غالىبلىقى ئالدىدا كىچىكلەپ خۇددى پۇتبولچىلىكلا قالدى. بۇ «پۇتبول»نى ئوينىۋاتقان سىياسىي كوماندىلارنىڭ ئىچىدىكى كۈچلۈكرەك دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىرى مەلۇم سىياسىي مەقسەتتە تىكلەنگەن ۋاراتاغا خالىغان يۆنىلىشتە تېپىپ كىرگۈزۈۋېتەلەيدىغان بولدى. ئاشۇ خىل «پۇتبول» ئويۇنى تۈرىدىكى ھەربىي ھازىرلىقلارنىڭ تېخنىكىسى قانچىكى ئىلغار بولسىمۇ «ئوقنىڭ كۆزى يوق» دېگەندەك (باش مۇھەررىردىن)، يىراق مۇساپىلىق بومبىلار بىگۇناھ پۇقرالارنى ئاياپ قويمايدۇ. سىياسىي نەيرەڭۋازلارنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتلىرى سەۋەبلىك تىنچلىقپەرۋەر خەلق ئۇرۇش پاتقىقىغا سۆرەپ كىرىلىدۇ. ساختا «ھەقىقەتلەر» دەستەك قىلىنىپ ئاجىزلارنىڭ زېمىنى «قانۇنلۇق» بېسىۋېلىنىدۇ. «مەدەنىيەت» ۋە «ئىلىم-پەن» ئۈگىتىش زاكونى ئاستىدا ئاجىز قەۋملەر ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىدۇ. بۇ خىل «سىياسىي»نى ھەزىم قىلالمىغانلارغا «تېررورىزىم» قالپىقى كىيگۈزۈلىدۇ. مانا بۇ دۇنيا سىياسىي مۇھىتىنىڭ كۆنايىن بۇلغىنىۋاتقانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر.

«11-سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر دۇنيانىڭ سىياسىي سەھنىسىدە ئاجايىپ كومېدىيە ۋە تراگېدىيەلەرنى ئويناپ چىقتى. «11-سېنتەبىر پاجىئەسى» ئامېرىكىدىكى بىگۇناھ خەلقنىڭ پاجىئەسى بولغان بولسىمۇ، ئامېرىكىنىڭ جاھانگىرلىك مەنپەئىتىدە بىرقەدەر ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئامېرىكا ئۇزۇندىن بويان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە سىياسىي تەسىر كۆرسىتەلمەي كېلىۋاتاتتى. ئافغانىستاندىكى «ئەلقائىدە» تېررورىستلىرى (بازا تەشكىلاتى) نى تازىلاش ۋە ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇش باھانىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئەسكىرىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. تېررورچىلار بېشى بىن لادىن ئامېرىكىنىڭ پۈتكۈل ئىسلام ئەللىرىنى قېدىرىپ ئوپېراتسىيە قىلىشىدىكى بىر يەمچۈككە ئايلىنىپ قالدى. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئىسلام ئەللىرىدە كەلتۈرۈپ چىقارغان رېئاكسىيىسى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان غەربكە قارشى ئىسلامىي تۈس ئالغان قارشىلىشىش ھەرىكەتلىرى غەرب سىياسىيئونلىرى تەرىپىدىن «خەلقئارا تېررورىزىم» نامىدا دۇنياغا جاكارلىنىپ، بۇنىڭغا قارشى «ھەقىقانىي كۈرەش» نىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان «ئىسلام ئەللىرىنى كونتروللۇق ئاستىغا ئېلىش» ھىيلىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇرۇلدى. غەرب سىياسىيئونلىرى دۇنيانى مۇشۇ خىل سىياسىي يۆنىلىشكە باشلىغىچە بولغان جەرياندا قانچىلىك مۇسۇلمان، قانچىلىك خرىستىئاننى بىگۇناھ ھالدا قۇربانلىق قىلىۋەتتى؟ بۇ ساننى سىياسىي ئىستراتېگىيىچىلەر ئۆزى بىلىدۇ. شۇنچىۋالا شىددەتلىك جەڭلەردە نېمە ئۈچۈن بىن لادىن بىلەن سادام ئۆلمەيدۇ؟ چۈنكى ئامېرىكا ئۇلارنى تۇتۇشنى خالىمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىككىيلەن ئامېرىكىنىڭ سەلبىي «دوستلىرى». ئاۋادا بۇلار ئۆلۈپ كەتسە تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇش ئاخىرلىشىپ قالىدۇ-دە، ئامېرىكىنىڭ ئىسلام ئەللىرىگە قاراتقان ھەربىي مۇداخىلىسى يېرىم يولدا توختاپ قالىدۇ. بۇ خۇددى سىنارىستىنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە باش قەھرىماننى فىلىم ئاخىرلاشمىغىچە ئۆلتۈرمىگىنىگە ئوخشايدۇ. نېمە ئۈچۈن پۈتكۈل دۇنيا خەلقىنىڭ قارشى ساداسى ئامېرىكىنىڭ ئىراققا قارشى ھۇجۇمىنى توسۇپ قالالمىدى؟ چۈنكى ئامېرىكا يوقنى ھالىغا، ھالىۋىنى يوققا ئايلاندۇرالايدىغان سېھرىي كۈچكە ۋە بىدئەت ئىلىم-پەنگە ئىگە قاغدالما بىر دۆلەتتۇر. دۇنيانىڭ چىرىك تەرەپلىرى ھەققىدە ب د ت دىن خاپا بولۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ جايغا ئاق كۆڭۈل، ئىلاجىسىز كىشىلەر توپلاشقان بىر جايدۇر. بۇجايدىكى كىشىلەرنى قاچاندىلا تېلېۋىزوردىن كۆرسىڭىز ھېجىيىپ-كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغىنىنى كۆرىسىز. چۈنكى ئۇلار دىپلوماتلاردۇر. دۇنيانىڭ سىياسىي مۇھىتى ئەنە شۇنداق غۇۋا ھالدا ئىلگىرىلىمەكتە. ھەرىيلى مىليونلاپ كىشىلەر ئاشۇ غۇۋالىق ئىچىدە سىياسىينىڭ قۇربانىغا ئايلانماقتا. مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىۋاتقان سىرتقى ئامىللاردۇر. بۇ، ئىنسانلار ئارىسىغا سىياسىيئونلار ئارقىلىق يۇقتۇرۇلىدىغان «سىياسىي كېسەللەر» دۇر.

* * *

ئۆمۈر ۋاقىت دېمەكتۇر. ئۆلۈم بولسا ئاشۇ ئۆمۈر سائىتىنى ئىسترېلكىسىنىڭ توختىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان ئۇقۇمدۇر. ۋەھالەنكى يەرشارىدا نەپەسلىنىۋاتقان بىئولوگىيىلىك ئۆمۈر سائىتى يەنە قانچىلىك چېكىلدىيالايدۇ، بۇ ئاشۇ سائەت ئىسترېلكىسىنى كەينىگە بۇراپ تۇرۇدىغان تەبىئەتنىڭ ھىممىتىگە باغلىق ئىشتۇر. «ۋاقىت ئىنسانىيەت مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن ئالەم قۇرۇلمىسىدا ئاپىرىدە قىلىنغان ئوبيېكتىپ مەۋجۇدلۇق ھەم ئىنسانىيەت ئەخلاقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆزگىرىش ئىچىدىكى سۇبيېكتىپ مەۋجۇدلۇق. ئالەمنىڭ ئوبيېكتى ۋاقىت، سۇبيېكتى يۈكسەك ئاڭ. بارلىق ھەرىكەت ۋاقىتتىكى ھەرىكەت. بارلىق ئۆزگىرىش ۋاقىتتىكى ئۆزگىرىش. مەۋجۇدلۇق ۋاقىتنىڭ مەۋجۇدلۇقى. ئىنسان ۋاقىت ئارقىلىق بار ياكى يوق. ئۆلۈك ياكى تىرىك ياكى تۆپراقتۇر... مەدەنىيىتىمىز قارشى يۆنىلىشكە قاراپ كېتىۋاتىدۇ. ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن ھەرخىل ماشىنىلارنى ياسىدۇق. ئەكسىچە، ۋاقىتنىڭ سۈرئىتىمۇ بۇرۇنقىدىن ئىتتىكلەپ كەتتى. ۋاقىتنىڭ سۈرئىتىگە يېتىشكىلى بولمىدى. تېزلىك ھەيران قالغۇدەك دەرىجىگە يەتكەن ئۈچۈن دەۋرىگە قەدەم قويدۇق. بىراق ۋاقىت يېتىشمەي تېخىمۇ جىددىي رىتىم ئىچىگە كىرىپ قالدۇق. ھەممىسى ۋاقىت ئۈچۈن ئىدى. بىراق نەتىجە ئەكسىچە بولدى. ئېرىشمەكچى ئىدۇق، يوقىتىپ قويۇۋاتىمىز. مەڭگۈلۈككە ماڭماقچى ئىدۇق، ئىزلىرىمىز دەقىقىلەردە ئۆچۈپ قېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ياسىيالايدىغىنىمىز ۋاقىت ئەمەس پەقەتلا سائەت. بىز ئەڭ مۇھىم نەرسىنى ئۇنتۇپ قالدۇق. بىز ئالەم بېغىدىكى ئەڭ ئېسىل مېۋىگە قول ئۇزاتتۇق، لېكىن باغۋەننى ئۇنتۇپ قالدۇق»①

---

① ئادىل تۇنىياز: «ئەرەب قەلئەسىدىكى كۈنلەر»، «مىراس» ژۇرنىلى 2003-يىل 1-سان.

مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا فىزىكىغا كۆپرەك قىزىقاتتىم. مودېل ئويۇنچۇقلارنى ياساشقا، دەرسلەرنى چۈشۈپ-قۇراشتۇرۇشقا ئامراق ئىدىم. بىر كۈنى مۇئەللىم: «فىزىكا 1-قىسىم»نىڭ «ئاددىي مېخانىزملار» دېگەن بابىدىن «پىشاڭ» ھەققىدە سۆزلەپ، پىشاڭ پرىنسىپىنىڭ كەشپ قىلغۇچىسى ئارخىمېدنىڭ تولىمۇ قاپ يۈرەكلىك بىلەن ئېيتقان مۇنۇ سۆزىنى نەقىل كەلتۈردى: «ماڭا بىر يېتەرلىك تايىنىش نۇقتىسى بىلەن يېتەرلىك ئۇزۇنلۇقتىكى بىر تال كالتەك بولسىلا يەر شارىنى ئورنىدىن قوزغىتالەيمەن». مەن شۇنىڭ بىلەن پىشاڭغا قىزىقىپ قالدىم. پىشاڭنىڭ پرىنسىپلىرىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ چىقتىم. پىشاڭ ھەققىدە تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن تەجرىبە قىلىپ سىناپ باقماقچى بولدۇم. ئارخىمېدنىڭ: «يەرشارىنى قوزغىتالەيمەن» دېگەن سۆزىدىن تولىمۇ ئىلھاملىنىپ كەتكەن چېغىم، ئۆيگە قايتىپ بېرىپ تەجرىبە ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتىم. بىزنىڭ ئۆينىڭ چالما بىلەن قوپۇرۇلغان ھويلا تېمىنى تەجرىبە ئوبيېكتى قىلىپ تاللىدىم-دە ئۇزۇن ياغاچتىن بىرنى تاپتىم. كەتمەننى ئاچقىپ تامنىڭ تۈۋىنى ئازراق كولاپ ياغاچنىڭ بىر ئۇچىنى كولىغان جايغا مۇقىملاشتۇردۇم. يەنە بىر تال چوڭراق تاشنى ئېپىپ كېلىپ پىشاڭنىڭ تايىنىش نۇقتىسى قىلىپ ياغاچنىڭ ئاخىرقى ئۇچى ئاستىغا قويدۇم. ئاندىن «ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ يەلكىسى»نى يەنى ياغاچنىڭ بىر ئۇچىنى باستىم. ئازراقلا كۈچىۋىدىم، «پاھ»، كارامەت ئىش بولدى: ئارخىمېد پرىنسىپى كۈچىنى كۆرسىتىپ ھويلا تېمىنىڭ پۈتۈن بىر تەرىپى گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى. ئارخىمېد بىكار ئېيتماپتىكەن، پىشاڭ راستىنلا ئاز كۈچ بىلەن زور ئىش تەۋرەتكىلى بولىدىغان ئېسىل نەرسە ئىكەن، دەپ ئۆز ئىشىمدىن پەخىرلىنىپ تۇرۇشىمغا، گۈمۈرۈلگەن ئاۋازدىن چۆچۈگەن دادام ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ماڭاكايىشقاباشلىدى: «بالام نېمە قىلغىنىڭ بۇ، ساراڭ بولدۇڭمۇ. مەن نەچچە كۈن ئىشلەپ ئاران قوپۇرغان تامنى ئۆرۈۋەتكىنىڭ نېمىسى؟

» مەن دادامنىڭ ئەمگىكىگە قىلغان ھۆرمەتسىزلىكىمدىن خىجىل بولغان ھالدا يەرگە قاراپ تۇرۇپ، «ئارخىمېد پرىنسىپى» ۋە «تەجرىبە» جەريانىنى سۆزلەپ بەردىم. دادام ئۆرۈلگەن تامغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن: «بالام، ‹تەجرىبە› دېگىنىڭ قورسىقى توق، ئىش بىلەن خۇشى يوق كىشىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى. بىز دېگەن كەتمەن چېپىپ نان يەيدىغان كىشىلەر. مۇشۇ ئىشنى قىلمەن دېگۈچە كالا-قويلىرىڭنى باقساڭ بولماسمىدى» دېدى. مەن ئۈنچىقماي تىرنىقىمنى تاتىلاپ تۇردۇم. دادام مېنىڭ تاللىشىمغا ھۆرمەت قىلىدىغان ئېسىل ئادەم ئىدى. ئارتۇقچە تەگەپ كەتمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن دادام، ئاكام ۋە مەن «ئارخىمېد پرىنسىپى» سەۋەبىدىن ئۆرۈلگەن ئاشۇ تامنى توپتوغرا ئۈچ كۈن جاپالىق ئىشلەپ قايتا ئېتىپ چىقتۇق. مەن شۇندىن بۇيان ھەرقانداق مەسىلىنى چوڭقۇر ئويلىنىدىغان، يېشىمى تولۇق چىققانغا قەدەر تەپەككۇر قىلىدىغان بولدۇم. ئىلمىي تەپەككۇر قىلىش مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشتىكى ئاچقۇچتۇر. ئارخىمېد قانداق ئادەم؟ ئۇ قايسى مىللەتتىن؟ «ئارخىمېد پرىنسىپى»قانداق پرىنسىپ؟ ئۇنىڭ كەشپىياتلىرىنىڭ ئىنسانلارغا قانداق پايدىسى ۋە بالايىئاپەتلىرى بار؟ مانا بۇلار بىلىش نۇقتىسىدىكى سوئاللار ئىدى. تىنىم تاپماي سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەيتتىم. ساماۋى كىتابلارنى، تارىخىي كىتابلارنى ۋە يەنە ئىنسان روھىيىتى بىلەن گىرەلەشكەن رىسالىلەرنى ۋاراقلايتتىم. تۈرلۈك-تۈمەن تەبىقىدىكى ئادەملەر ئارىسىغا باراتتىم. كەڭ كەتكەن كائىنات ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، يەر، سۇ، ھاۋا ھەققىدە خىيال قىلاتتىم. ۋۇجۇدەم «ھىراسى»① دا ئىستىقامەتلەر قىلىپ روھىيەت دالاسىغا نەزەر تاشلايتتىم. بەزىدە پادىشاھلارنىڭ تەختىگە قەلەندەرلەرنى ئولتۇرغۇزغۇم كېلەتتى. ئالىملارنىڭ شەرەپ تاجىنى پادىشاھلارغا كىيگۈزگۈم كېلەتتى. چۈنكى شاھنىڭ قەلبىدە قەلەندەرنىڭ ئادالىتى تېپىلمايتتى. ئالىملاردا پادىشاھلاردىكى مەسئۇلىيەت ۋە مېھرىبانلىق تېپىلمايتتى. پادىچىلارنىڭ ھايۋانغا قىلغان ئىللىق، مېھرىبانلىقىنى ئالىملار ئىنسانغا قىلالمايتتى. بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىللار ئىلگىرىكى گىرېك ئالىمى ئارخىمېد نېمە دېگەنىدى؟ ئەگەر قۇدرىتى يەتسە يەرشارىنى قوزغىتىدىغانلىقىنى ئەمما قۇدرىتى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. بۇ بىر قاراشتا ئەخمىقانە، بىر قاراشتا قەبىھ تۇيۇلىدىغان سۆزدۇر. يەرشارىنى قوزغىتىش دېگەن سۆز يەنە بىر مەنىدە يەر شارىنى ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتقان ھالىتىدىن قوزغاپ باشقا پلانېتلارغا سوقۇپ كۆمپەيكۇم قىلىپ تاشلاش دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرگە ئايان بولغاندەك ھەر بىر پلانېت ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلانغاندىن باشقا قۇياشنى مەركەز قىلىپ قانۇنىيەتلىك، ئىزچىللىق، ئىنچىكىلىك ئاساسىدا ناھايىتىمۇ زىچ بولغان پلانېتلار ئايلانما تورىنى شەكىللەندۈرۈپ تىنىم تاپماي ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق زىچ تەبىئىي قانۇنىيەت بىلەن ئايلىنىپ تۇرۇۋاتقان پلانېتلارنىڭ بىرى بولغان يەرشارى ئۆز نۇقتىسىدىن بىر سانتىمېتىر قوزغىتىلسا قانچىلىك پلانېتلار ئۇنىڭغا سوقۇلىدۇ؟ پۈتكۈل كائىنات ئۆز كونتروللۇقىنى يوقىتىپ چۇل-چۇل بوپكېتىشى، ئالەم ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىشى مۇمكىن. بۇ، ئارخىمېدنىڭ «يەرشارىنى ئورنىدىن قوزغاش» مەپكۇرىسىنىڭ خاتالىقىغا قارىتىلغان بىر تەسەۋۋۇر. ئەمما ئارخىمېدنىڭ بۇ سۆزى پىشاڭنىڭ رولىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن دېيىلدى، دېگەن تەقدىردىمۇ، بەش مىليارتتىن ئارتۇق ئادەم تىرىكچىلىك قىلىدىغان، ياشايدىغان بىردىنبىر ھاياتلىق ماكانى بولغان يەرشارىغا چاقچاق قىلىمسا بولاتتى. ئەينى دەۋردىكى بۇ سۆزنى، يەرشارى ھازىرقىدەك ئىنسانلارنىڭ ئېغىر خىرىسىغا دۇچ كېلىۋاتقان ۋە خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان پەيتلەردىمۇ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىغا نەقىل ئوقۇشلۇقى قىلىپ كىرگۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى بۇنىڭ بىلەن «ئىلھام» لاندۇرغىنىمىز تازا ياخشى كەيپىيات ئەمەس. بۇ، ئىلھاملاندۇرۇش بولماستىن زەھەرلەشتۇر. چۈنكى بۇ سۆز ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەرشارىغا، تەبىئەتكە، ياشاش ماكانىغا بولغان ھۆرمەتسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، مۇھىت ئېڭىدىن ياتلاشتۇرىدۇ. مەن ئوقۇغۇچىلىق دەۋرلىرىمدە شۇ نەقىلدىن ئالغان «ئىلھام» بىلەن ئۆرۈۋەتكەن دادامنىڭ ھويلا تېمىنى ئۈچ ئادەم ئۈچ كۈن ئىشلەپ ئېتىپ چىققاندۇق. لېكىن« ئارخىمېد پرىنسىپى» بىلەن ۋەيران بولغان يەرشارىنى قايتىدىن بىنا قىلىش مۇمكىنمۇ؟ «ئارخىمېد پرىنسىپى» بىر ئاددىي پىشاڭ شۇنداقلا ئەڭ ئاددىي مېخانىزمدىن ئىبارەت. ئىنسانلار ئەسىرلەردىن بۇيان مۇشۇ ئاددىي مېخانىزملاردىن پايدىلىنىپ مۇرەككەپ مېخانىزملارنى بارلىققا كەلتۈردى. ۋېلسىپىت، ماشىنا، پويىز، پاراخوت، ئايروپىلان، سۈنئىي ھەمراھ... ھەمدە ھازىرقى زاماننىڭ ئەڭ ئىلغار مىكرو ئۈسكۈنىلىرىگىچە ھەممىسى ئاشۇ «ئاددىي مېخانىزم» پىشاڭنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇرەككەپ مەھسۇلدۇر.

---

① ھىرا — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋەھىي تاپشۇرۇۋالغان غار.

21-ئەسىرگە قەدەر ئىنسانىيەت غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. تەپەككۇر كۆزىمىز بىلەن قارايدىغان بولساق تەرەققىيات ئىنسانلارغا بەخت ئەكېلەلىدىمۇ؟ ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ روسسېل «كىشىلەرنىڭ ئىلىم-پەننى ۋاستە قىلىپ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن كۈرەش قىلىشى داۋامىدا بەزى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى، كىشىلەر ئۆزى بىلەن كۈرەش قىلغاندا غەلىبە قىلالمىغانلىقىنى، ئىلىم-پەندىن ئىبارەت بۇ قورالنىڭ بۇ جەھەتتە ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا بەرمىگەنلىكىنى»① نى ئېتىراپ قىلغان. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ ئىلىم-پەن ئارقىلىق ئېرىشكىنىدىن يوقاتقانلىرى نەچچە ھەسسە كۆپ بولدى. قاتناش قوراللىرى تەرەققىي قىلىۋىدى، كىشىلەر پىيادە يول يۈرۈشنى خالىماس بولۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بەدەن مۇشكۇلات بىلەن چېنىقىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، فىزىئولوگىيىلىك ماددا ئالماشتۇرۇش ئاستىلاپ، بەدەندىكى ئېنېرگىيە خورىماي، ياغ توپلىنىشتىن سېمىزلىك كېلىپ چىقتى. سېمىزلىكتىن ئاشقازان ئاستى بېزىنىڭ خىزمىتى نورماللىسىزلىشىپ، ئىنسولىنغا بولغان ئېھتىياج ئېشىپ، قەنت (دىئابىت) كېسىلى كېلىپ چىقتى. بۇ خىل كېسەللىك يەرشارىدا ئەڭ كۆپ يۈز بېرىۋاتقان كېسەللىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنى ئۈزۈل-كېسىل ساقايتىش ئىمكانىيىتى يوق. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يىغىندى ئالامەتلىك كېسەللەر ناھايىتى كۆپ. بۇ، يۈرەك تىقىلمىسى، تۈرلۈك بوغۇم ياللۇغى، ئۆپكىنىڭ ھاۋا سىغىمچانلىقى ئارتىش، ئازراق يول ماڭسا ھاسىراش قاتارلىق بەدەن ساپاسىنىڭ تەدرىجىي ناچارلىشىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللىكلەر بولۇپ، تەبىئىي تەنتەربىيە ۋە تەبىئىي مۇشكۇلاتلاردىن يىراقلىشىپ كەتكەن ئاتالمىش «سائادەتمەنلەر» دە بولۇدىغان كېسەللەردۇر.

ئالفېرت نوبېل( 1833 ـ 1896) ستوكھولمدا 1866-يىلى پارتلاتقۇچنى كەشپ قىلىپ تارىختا تۇنجى بومبىنى پارتلاتقاندىن كېيىنكى يەرشارى ئېكولوگىيىسى قايسى يۆنىلىشتە ماڭدى؟ بۇنىڭ جاۋابى تولىمۇ ئەپسۇسلۇقتۇر. ئاددىي پارتلاتقۇچتىن تەرەققىي قىلىپ ئاتوم بومبىسىغا، بىئوخىمىيىلىك قىرغۇچى قورالغا، يىراق مۇساپىلىق كومپيۇتېرلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا ئايلاندى. نوبېل ئەينى چاغدا ئۆزى ياسىغان پارتلاتقۇچنى سىناق قىلىش جەريانىدا يارىلىنىپ ئىنسانىيەت ئۈچۈن مەنپەئەتسىز كەشپىياتنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىپ «گۇناھى» نى يۇيۇش يۈزىسىدىن «تىنچلىق مۇكاپاتى» نىمۇ مۇكاپات فوندىغا كىرگۈزۈپ قويغان. ئەپسۇس، بۇ كىمياگەر تىنچلىق كەپتىرىنىڭ بومبىدىن ئۈركۈيدىغانلىقىنى ھېس قىلالمىغان بولغىيمىدى؟ رابىن بىلەن ئەرافات نوبېلنىڭ ئاشۇ «تىنچلىق مۇكاپاتى» غا نائىل بولۇۋىدى ئىسرائىلىيە بىلەن پەلەستىندە پارتلاش ئازايدىمۇ؟ ياق، تېخىمۇ قاتتىق پارتلاش ئاۋازلىرى ياڭراپ تۇرۇۋاتىدۇ. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا كىشىلەر بىر-بىرىنى ئاشۇ «پارتلاتقۇچ» ئارقىلىق قىرغىن قىلدى.

مىللەت، مەدەنىيەت، دىن، ئىرق ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىق ھەمدە ئىقتىسادىي تەڭسىزلىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان خەلقئارا جەڭگى-جېدەللەر ئاشۇ پارتلاتقۇچنىڭ دەھشەتلىك گۈمبۈرلىشى بىلەن ئىجرا ئېتىلدى. دۇنيا سىياسىيسىدا مەيدانغا كەلگەن تۈرلۈك «ئىزم»، «ئېقىملار» ئاشۇ پارتلاتقۇچ بىلەن قۇۋۋەتلىنىپ كەلدى. ھازىرقى دۇنيانى خەۋپ ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋاتقان تېررورىزم ھەم شۇ پارتلاتقۇچ بىلەن ئۆز مەپكۇرىسىنى ئىپادىلەشكە ئۇرۇنۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. 1990-يىلىدىكى چوڭ بۇش بىلەن سادام ئوتتۇرىسىدىكى «پارس قولتۇقى ئۇرۇشى» دا تۆكۈلگەن بىگۇناھ پۇقرالارنىڭ قېنىغا چىداپ تۇرالمىغان مېكسىكا شائىرى ئوكتاۋىئوپاز «بۇش بىلەن سادام شېئىر ئوقۇشقا قىزىققان بولسا ئوتتۇرا شەرقتە قىرغىنچىلىق توختايتتى» دەپ ھەسرەت چەكتى. بۇ ئاق كۆڭۈل ئەسلى ساددا شائىر مەنپەئەت، بومبا ۋە شېئىرنىڭ ھازىرقى دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدىكى ۋەكىللىك ئورنىنى خاتا مۆلچەرلىگەن بولۇشى مۇمكىن. قورال كۈچى ئارقىلىق تىنچلىققا ئېرىشمەكچى بولۇۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيا ئۈچۈن شائىر پازنىڭ سۆزى قانچىلىك تەسىر قىلار. ھالبۇكى تىنچلىق ھەققىدە سۆزلەۋاتقان بۇ شائىر ئەپەندىمۇ ئالفېرت نوبېلنىڭ ئىجاد قىلغان بومبىسى بەدىلىگە ئېرىشكەن فوند بىلەن تەسىس قىلغان «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى» نىڭ لائۇرىياتى ئىدى. ۋەھالەنكى شېئىر ۋە تىنچلىق بومبا بىلەن بىر قاتاردا تۇرالمايتتى. نېمە ئۈچۈن تىنچلىقنى سۆيگەن پاز مۇكاپات تاپشۇرۇۋېلىش نۇتقىدا بومبىنى تەنقىد قىلالمىدى؟ «1901-يىلدىن 1996-يىلىغىچە فىزىكلار، كىمياگەرلەر، تېبابەتچىلەر، ئەدىبلەر، تىنچلىق قوغدىغۇچىلىرى، ئىقتىسادشۇناسلاردىن جەمئىي 680دىن ئارتۇق ئالىم نوبېل مۇكاپاتىغا نائىل بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم خەلقئارالىق تۆھپىكار تەشكىلاتلار، كوللېكتىپلار، قىزىل كرېست جەمئىيەتلىرىمۇ بار ئىدى. يەنە 1981-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى‹مۇساپىرلار ئورگىنى› تىنچلىق مۇكاپاتىنىڭ نائىلى بولغانىدى»② نوبېل مۇكاپاتى ھازىرقى دۇنيا كىشىلىرىگە ئىنتايىن سېھىرلىك ۋە سۆيۈملۈك شۇنداقلا ئالىي شان-شەرەپ تۇيۇلىدۇ. ئويلايدىغان بولساق مۇشۇ نوبېل لائۇرىياتلىرى ۋە ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى ئاقساقاللار ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرىدە ۋە يەرشارى ئېكولوگىيىسىدە قانداق روللارنى ئوينىدى؟ ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلگۈسى مۇھىت ئۈچۈن قانچىلىك دەرىجىدە نىشان-پروگراممىلارنى تۈزۈپ چىقالىدى؟ يەرشارى مىقياسىدا كىمياگەر ئالىملار تەرىپىدىن ئورغۇنلىغان يېڭى ئېلېمېنتلار بايقالدى. بۇ خىل ئېلېمېنتلار سانائەتتە رېئاكسىيىگە كىرىشتۈرۈلۈپ يەنە يېڭى-يېڭى ماددىلار مۇھىتنى قاپلىدى. «ئېلېمېنتلار دەۋرىي جەدۋىلى» نىڭ ھەجمى قانچىكى چوڭايغانسېرى يەرشارى بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىكى خىرىس شۇنچىلىك كۈچلۈك بولدى. سانائەتنىڭ كاپىتالدىكى ئورنى «تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش» دېگەن خەۋپلىك مەپكۇرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىشىغا سەۋەب بولدى. تەبىئەت ئېچىلدى، شۇنداقلا شىددەت بىلەن ئېچىلىۋاتىدۇ. يەرشارى ئېكولوگىيىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇق ھالىتىنى ساقلاش جەھەتتە زور رول ئوينايدىغان تەبىئىي مەۋجۇدىيەتلەر «تەبىئىي بايلىق» نامىدا قېزىلىپ، مۇھىت مەسىلىسى مەپكۇرىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلدى. بۇ خىلدىكى «ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش» ئىشلىرى كۆپىنچە ئالىملارنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىلغاچقا، ئالىم بولمىغان كىشىلەر خەتەر تۇيغۇسىنى ھېس قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن يەرشارى ئىنسانلار تەرىپىدىن خالىغانچە تالان-تاراج قىلىنىدىغان كونا قەلئەگە ئوخشاپ قالدى. مۇشۇنداق شارائىتتا ھەممە ساھەدىن ئورتاق توپلانغان نوبېل سېپىدىكى ئالىملار

① يۈسۈپ قەرزاۋىي: «ئىشەنچ ۋە بەخت»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2003-يىل 2-سان.

② بۇ ستاتىستىكا: لىۋان ـ بېيرۇت «دارىلمەشرىق» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئەرەبچە «يېتەكچى قامۇس» تىن ئېلىندى، 1996-يىلى 35- نەشرى.

بىر يەرگە كېلىپ مۇھىت سىگنالىنىڭ كونۇپكىسىنى باسالمىدى ياكى بېسىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. جۈرئەت قىلغان تەقدىردىمۇ ھېچقانداق ئەمەلىي ئۈنۈمى بولمىدى. بۇ، 20-ئەسىردىكى دۇنيا ئالىملىرىنىڭ مۇھىت مەسىلىسىدىكى كەيپىياتى ئىدى. ھىراق يەرشارى يەنىلا نۇرغۇنلىغان مۇھىت بوھرانىنى يۈدۈپ 21-ئەسىرگە كىرىپ كەلدى. مۇشۇنداق خەۋپلىك مۇھىت مەسىلىسى شارائىتىدا ئىنسانلاردىن يەرشارى نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟ بۈگۈنكى دۇنيا ئالىملار ۋە كۆزقاراشلار كۆپىيىۋاتقان، مېھىر-مۇھەببەت ۋە ئەقىدە ئازىيىۋاتقان بىر دۇنيادۇر. رەھىمسىزلىك رىقابەت ئاملى سۈپىتىدە دۇنياۋى كەيپىياتقا ئايلىنىپ، مەنپەئەت ئۈچۈن ئادەم ئادەمنىڭ تېرىسىنى «ئىلمىي رىقابەت» ناركوزى بىلەن ناركوز قىلىپ شىلىۋالىدىغان بولۇشتى. بۇ، ئالىملارنىڭ ئىلىم-پەن ۋە تەرەققىيات ئىختىراسىدىكى ئىنسانلار پسىخولوگىيىسىگە كۆرسىتىۋاتقان مەنپىي ۋە مۇسپىي رېئاكسىيىلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇ خىل شارائىتتا ئالغا قاراپ ئالدىراش كېتىۋاتقان ئادەم ۋە جەمئىيەتكە ئەخلاق ۋە ئەقىدىنى تەدبىقلاشقا بولامدۇ؟ ئېينشتېين ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا: «تەتقىقات نەتىجىلىرىمنى ئېيسانىڭ بىر جۈملە سۆزىگە تەڭ قىلالمايمەن. ئېيسا ئىنسانلار ئارىسىدا مۇھەببەت تارقاتقانىدى. مەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇھەببەتكە تىغ ئۇرۇدىغان قورالنىڭ ئىجادكارى بوپقالدىم»[1] دېگەنىكەن. مانا بۇ ئېينشتېيننىڭ پۈتكۈل ئالىملارغا تەدبىقلاشقا بولۇدىغان سەممىي ئېقرارىدۇر. ئىلىم-پەن، مۇھىت، ئادەم، مۇھەببەت ھەققىدە ئويلانغان ئېينشتېين پەن ئارقىلىق ئېرىشكىنىدىن يوقاتقىنىنىڭ ۋە يوقىتىۋاتقىنىنىڭ نەچچە ھەسسە كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئالىمدۇر. بۇ ھەقتە يۈسۈپ قەرزاۋىي مۇنداق دېگەن: «ئىلىم-پەن بىر خىل ئارزۇ بولۇپ، ئارزۇنىڭ كەينىدە بەخت مەۋجۇد ئەمەس. نۇرغۇن ئالىملار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىم-پەنگە بېرىلىپ، يىل بويى باش چۆكۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ. ئۆمرى ئاخىرلاشقاندا، پۇشايمان بىلەن ئويغىنىدۇ ۋە ئازابلىنىدۇ. ئۇلار شۇغۇللانغان ئىلىم-پەن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاپىلىق ۋە قايغۇ پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شاگىرتلىرىغا كىشىلىك ھاياتتا تەبىئىي خۇسۇسىيەت بويىچە ئىش قىلىش، ئىلىم-پەن ئارقىلىق غايىبنىڭ سىرلىرىنى يېشىشكە ئۇرۇنماسلىق توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلىدۇ»[2] ئىلىم-پەن جەھەتتە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ئىبارەت بىدئەت خاھىش ھامان ئىنسانلارغا جاۋاب بېرىدۇ. ئىنسانلار ، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە يەرشارى ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي ھاياتلىق زەنجىرىگە ھېكمەت نەزىرىمىز بىلەن قارايدىغان بولساق ئاجايىپ مۆجىزىلىك كارامەتلەرنى بايقايمىز. بۇلار ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىلمىسا، بىر-بىرىنى تولۇقلاپ، بىر-بىرىگە تايىنىپ تەڭ-باراۋەر بولغان ئېكولوگىيە مىزانىنى ساقلاپ قالمىسا تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە تەھلىكىلىك ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئىنسانلار يەرشارىغا بولغان «ئېچىش » ھۇجۇمىنى كۆپەيتسە يەرشارى ئۆچ ئېلىش خاراكتېرىدە ئازراقلا تەۋرەپ قويىدۇ-دە، بىرەر يۇرتنىڭ ۋە ياكى بىرەر شەھەرنىڭ خەلقى تالاپەتكە ئۇچرايدۇ. تەبىئىي ئورمانلار ھەددىدىن ئارتۇق كېسىلىپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، كۆللەر قۇرۇتۇلسا مەلۇم رايون بورانىنىڭ، قۇمنىڭ، سۇنىڭ ياكى قۇرغاقچىلىقنىڭ تەھلىكىسىگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن. مەدەنلەر يەرئاستىدىن كۆپلەپ قېزىلىپ، سۈمۈرۈۋېلىنسا ئەمەلىي ئىشلىتىش جەريانىدا رېئاكسىيە قازىنىدىن كۆتۈرۈلگەن گازلار ۋە باشقا غەيرىي ماددىلار ھاۋاغا تارقاپ ئىنسانلارنىڭ نەپەسلىنىش ئەزالىرى ۋە باشقا ئورگانىزملىرىدا يامان سۈپەتلىك كېسەللەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. يەنە يەر يېغى (نېفىت) نىڭ كۆپلەپ سۈمۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە تۇپراقتا شورلىشىش ۋە قۇملىشىشتىن ئىبارەت غەيرىي تەبىئىي ئېكولوگىيە ھاسىل بولۇپ، ئىلگىرىكى مۇنبەت تۇپراقنىڭ باراقسان يېشىللىقى تارىختا ئايلىنىشى مۇمكىن. بۇ ئەلۋەتتە پەرەز ئەمەس، رېئاللىقتىكى ئىنسانلار ئورتاق كۆتۈۋېلىۋاتقان جىددىي خىرىستۇر.

* * *

يېقىندا بايقالغان سارس (SARS) ۋىرۇسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ دەسلەپكى تەتقىقات نەتىجىسى تېببىي مۇتەخەسسىلەرنى «SARS ياۋايى ھايۋاناتلارنىڭ گۆشلىرىنى كۆپ يېيىشتىن كېلىپ چىققان» دېگەن كۆز قاراشقا ئورتاقلاشتۇردى. ئەينى چاغدا خەتەرلىك ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ مايمۇن تۈرىدىن يەنى شىمپەنزىدىن كەلگەنلىكى ئېنىقلانغانىدى. گەرچە بۇ خىل ۋىرۇسلارنىڭ زادى قانداق تاشقى سەۋەبلەرنى ئۆزئىچىگە ئالىدىغانلىقى تېخىچە ئېنىق بولمىغان بولسىمۇ تەبىئەتنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ نەسلىنى قوغداۋاتقان ئىنسانلارغا «ياۋايى ھايۋانلارغا يېقىنلاشماسلىق» ھەققىدە بەرگەن بىشارەتلىك ساۋىقىدۇر. چۈنكى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ياشاش ماكانى كۈندىن كۈنگە تارايماقتا. ياۋايى ھايۋانلار قوغدىلىدىغان ئاتالمىش قانۇنلار قانچىكى كۆپ تۈزۈلگەنسېرى ياۋايى ھايۋانلار شۇنچىكى كۆپ ئۆۋلىنىپ يېيىلىدىغان بولدى. قانداقلىكى ھايۋاناتقا «مانچىنچى» دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان دېگەن تاج كىيدۈرۈلسە شۇ ھايۋاننىڭ قانۇنسىز بازاردىكى قىممىتى نەچچە ھەسسە ئېشىپ ئۇنىڭ گۆشى شۇنچىكى مەززىلىك تېتىيدىغان بوپكەتتى. يالغانچى، خۇپپيانە، ئاققۇن تېۋىپلار قوغداش تۈرىدىكى قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى، پەيلىرىنى، سۆڭەكلىرىنى، تېرىلىرىنى ھەتتا مايىق، سۈيدۈكلىرىگىچە «ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان دورا» كۆرسىتىپ داڭلاپ ماختاپ، مەخپىي ساتىدىغان بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىش قىزغىنلىقى كۆتىرىلىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز يوسۇندا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئەزالىرىنى خام ئەشيا قىلىپ دورا ياسايدىغان «دورا زاۋۇتلىرى» ، «مەخسۇس ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشى پىششىقلاپ سېتىلىدىغان رېستوران» لار ۋە توپ - پارچە سېتىلىدىغان «بازار» لار مەيدانغا كېلىپ، قىممەتلىك ياۋايى ھايۋانلارغا بولغان قىرغىن قىلىش ئەۋجىگە چىقىپ ، نۇرغۇنلىغان تەبىئىي كۆپىيىش ئىقتىدارىغا ئىگە ھايۋانلارنىڭ نەسلى يەرشارىدىن ۋاقىتسىز يوقالدى. ئىنسانلار بۇ خاتالىقنىڭ ئورنىنى مەڭگۈ تولدۇرالماسلىقى مۇمكىن. «قىممەتلىك ھايۋان» دېيىلگەندىكى «قىممەت» ئېكولوگىيىگە بولغان «قىممەتلىك» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ھەرگىزمۇ دورىلىق، ئوزۇقلۇق جەھەتتىكى «قىممەت» نى كۆرسەتمەيدۇ. ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشى ھەقىقەتەن ئىنسان ئورگانىزمىنى كۈچلەندۈرەلەمدۇ؟ بۇنداق بولۇشى ناتايىن. «ياۋايى ھايۋاناتلارنىڭ گۆشى تەبىئىي يېمەكلىك، كۆپ ئىستېمال قىلسا بەدەنگە ئىنتايىن پايدىلىق» دېگەن خاتا كۆز قاراش

---

① ئادىل ئابدۇقادىرنىڭ «يېڭى ئەسىرنىڭ كۆز يېشى» دېگەن ماقالىسىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل جۈملە، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2001-يىل 6-سان.

② يۈسۈپ قەرزاۋىي: «ئىشەنچ ۋە بەخت»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2003-يىل 2-سان.

www.uyghurkitap.com

سەۋەبىدىن كۆپ يېيىلىدىغان بولسا مىزاج ۋە خىلىتلاردا بۇزۇلۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بەدەندە مەلۇم بىر خىل غەيرىي تەبىئىي كېسەللىك پەيدا بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا ھايۋانلارنىڭ «قىممەتلىك» لىكىنى ئېكولوگىيىگە باغلاپ چۈشىنىشىمىز توغرا بولغان ئىلمىي قاراشتۇر. ياۋايى ھايۋانلارنى قوغدايدىغان خەلقئارا قانۇنلار ھايۋاناتلار دۇنياسىغا قانچىلىك دەرىجىدە ئەركىنلىك ئاتا قىلالىدى؟ بۇنىڭ ئۈچۈن SARS ۋىرۇسى ئوبدان جاۋابلارنى بېرىشى مۇمكىن.

بەرشارىدىكى مۇھىت مەسىلىسى ئەڭ ئاخىرىدا ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق مەسىلىسىدۇر. ئىلىم-پەن ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي قانۇنىيەتلىك ھاياتلىق ئەنئەنىسىنى كۈچلۈك يېڭىلىق رادىئاتسىيىسى بىلەن پارچىلاپ تاشلاۋاتقان دەقىقىلەردە كىشىلەر ئۆزىۋۇجۇدىدىن كۆپ نەرسىلەرنى يوقىتىپ قويۇۋاتقانلىقىنى سەزمەستىن دۇنيا تاپاۋەتلىرىگە بەنت بولۇپ، مۇھىت مەسىلىسىگە يەنىلا گۇمراھلىق بىلەن مۇئامىلە قىلماقتا. ھازىر تېبابەت ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى تىلغا ئېلىنسا كىشىلەر داۋالاشتىكى غايەت زور تەرەققىياتلارنى ۋە يېڭى تېخنىكىدىكى ئۇتۇقلارنى تىلغا ئېلىشىدۇ. لېكىن ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىلمىي ھەقىقەت باركى، ئۇ بولسىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆمۈر چېكى ئاشۇ تېبابەت تەرەققىيات بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولماستىن ئەكسىچە مۇھىت مەنبەلىك، دىئاگنوزى ئېنىق بولمىغان كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن كىشىلەرنىڭ ئۆمرى قىسقىراپ بارماقتا. ھازىرقى تېبابەت تەرەققىيات نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئانالىز قىلساق ئىنسانلارنىڭ ئۆمرى ھازىرقى چەكتىن ئىككى ـ ئۈچ ھەسسە ئۇزۇن بولسا بولاتتى. چۈنكى ئەزالارنى كۆچۈرۈش، سۈنئىي ئورگانىزملارنى سەپلەش، ئىممۇنىتېت تولۇقلاش، راك ھۈجەيرىلىرىنىڭ كېڭىيىشىنى تورمۇزلاش ياكى كېسىپ ئېلىۋېتىش قاتارلىق يۇقىرى يېڭى تېخنىكىلار پۈتكۈل يەرشارى مىقياسىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملىشىپ بولدى. ۋەھالەنكى ئەسىر ھالقىيدىغان ئۆمۈر چولپانلىرى كۈندىن كۈنگە ئازلاپ ئۆلۈم ياشلىق دەۋرىگە كىرمەكتە. بۇنىڭدىكى سەۋەب پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئىنسانلار ئۆزلىرى بۇلغىغان مۇھىت زەھىرى بىلەن ئاستا خاراكتېرلىك زەھەرلىنىپ، ھۈجەيرە ۋە ئورگانىزملارنىڭ قېرىشى تېزلىشىپ، خىلىتلارنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن ئىممۇنىتېت تۆۋەنلەپ، يۇقىرى تېخنىكىلىق داۋالاش بەدەن سۈپىتىگە ماسلاشماي ئۆلۈپ كېتىش كۆپ بولماقتا. مۇھىت جەھەتتىكى تېز قېرىپ كېتىش تېبابەت تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى ئۇنۇمىنى يەكلەپ بەربىر ئۇنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاجىزلاتماقتا. بۇ خۇددى كاتالىك ـ ئەسكى يولدا ئۇزۇن مېڭىپ قورۇلمىسى ئومۇمىيۈزلۈك كىرەكتىن چىققان ماشىنىنى ھەرقانداق ئۇستا تېخنىكمۇ مۆۋەپپەقىيەتلىك ئوڭشاپ ئەسلىگە كەلتۈرەلمىگەندەك بىر ئىش. «يېرىم ئايلىق سۆھبەت» ژۇرنىلىنىڭ 1997-يىل 19-ساندا «ئالەم بوشلۇقى ئەخلىتى» دېگەن ماقالە ئاستىدا «ئىنسانلار ئالەم بوشلۇقىدا تاماملىغان ئۇلۇغ ھەرىكەتلەرگە ئەگىشىپ ئەسلىدە ساپ، پاكىز تۇرۇۋاتقان ئالەم بوشلۇقى بارغانسېرى (مەينەتلىشىپ) كەتتى. (ئالەم بوشلۇقى ئەخلىتى) ئالەمنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ مەھسۇلىدۇر» دېيىلىدۇ ئېچىنىش بىلەن. شۇنداق! تەبىئىي مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشى ئىنسانلارنىڭ ئەخلاق، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىلىم-پەن جەھەتتىكى بىدئەت ۋە دەھرىي كۆزقاراشلىرىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇ خىل نەپسانىيەتچىلىك ئاخىرى ئۇلارنى ھالاك قىلىپ تاشلايدۇ. تەبىئەت ئۇلاردىن ھېساب ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە ئېلان قىلغان ئۇرۇشى ئاخىرى شەرمەندىلەرچە مەغلۇب بولىدۇ.

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغلاملىق بېزىدا خىزمەت قىلىدىغان دوختۇرى (M1)

## چەت ئەللەردىكى مۇشتەرىلەر سەمىگە

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىغا چەت ئەللەردىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى جۇڭگو كىتاب ئىمپورت ـ ئېكسپورت(گۇرۇھى)باش شىركىتى ۋاكالىتەن بېجىرىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:6498BM، ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولماقچى بولغان چەت ئەللەردىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ جۇڭگو كىتاب ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)باش شىركىتىنىڭ ئېكسپورت بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىركەت ئادرېسى: جۇڭگو بېيجىڭ چاۋياڭ رايونى ئىشچىلار تەنتەربىيە سارىيى شەرقىي يولى 16-قورۇ

## 告海外读者

《新疆文化》杂志向海外发行事宜由中国图书进出口(集团)总公司代理。如海外读者要订阅本刊,与中国图书进出口(集团)总公司出口部联系。本刊海外发行代号:6498BM

代理者地址:中国北京朝阳区工体东路16号

CHINA NATIONAL PUBLICATIONS IMPORT & EXPORT CORPORATION
P.O. Box 88,16 Gongti East Road, Beijing 100020 China
FAX:(010)65063101



# سارس خىياللىرى ۋە ئەخلاقنىڭ نۇرى

**سۇلايمان قەييۇم ئەرك تېكىن**

ئادەملەر بۇ مۇبارەك زېمىندا ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى تىنماي داۋام قىلىۋاتقان جەڭگى-جېدەل بىلەن بىللە تۈرلۈك كېسەللەر ئىنسانلارغا ھەمراھ بولۇپ، دەھشەتلىك سىناقلاردىن ئۆتكۈزدى.

ھاياتلىق ۋە ئۆلۈمنىڭ تىرەن مەنىلىرى ئۈستىدە ئاقىل ئادەملەرنى توختاۋسىز ئويغا پاتۇرۇپ، ئادەمگە تىترەك ئولاشتۇرۇدىغان گۈزەل فانتازىيىگە تويۇنغان ۋە ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇلغان توپان بالاسى، ئوتتۇرا ئەسىردە پۈتكۈل ياۋروپانى قىيامەتكە ئايلاندۇرۇۋەتكەن ۋابا، كېيىن يۈز بەرگەن چۇما، خولېرا، سىفلىس ئاپىتى، خوتەننى بىر مەھەل ساراسىمىگە سالغان ھەم مەركەزنى قاتتىق چۆچۈتۈپ ئىچىملىك سۇنىڭ ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان جىگەر كېسىلى، ئىنسانىيەتكە ئەجەللىك ئاپەت بولۇۋاتقان ئەيدىز ۋە ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا كەلگەن يەنە بىر قاباھەت يۇقۇملۇق ئاپەت سارس قاتارلىقلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ ئوبدانراق ئويلانساق، كېسەللىك، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق، ئىنسان تەبىئىيتى، زامانىۋىلىق ئۇقۇملىرى توغرىسىدا باشقىچە قاراشلارغا كېلىمىز.

يىراق دەۋرلەردىكى ئاشۇ كېسەللەرنى ئىنسانىيەتنىڭ بىخۇدلۇقى، تېخنىكىنىڭ قالاقلىقى بىلەن بولغان دەپ قارىساق، تېخنىكىنىڭ قۇدرىتى قورقۇنچلۇق رەۋىشتە ئېشىپ بېرىۋاتقان، ئادەملەر كۇنسايىن ئەقىللىقلىشىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە سارس ئەسلىدە يۈز بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى.

بۇرۇن ئادەم زاتى توپاندىن قانچىلىك چۆچىگەن بولسا، ئىنسانىيەت سارستىن شۇنچىلىك ساراسىمىگە چۈشتى. دەھشەتلىك ئۇرۇشلارنى بىرلا بۇيرۇق بىلەن چىپپىدە توختىتىش ئەلۋەتتە مۇمكىن، ئەمما سارس ئۇنداق بولمىدى. ئەمدىلىكتە چىقىۋالايلى دېسەك ئۇنچىۋالا يوغان «نۇھ كېمىسى» ئەمدى يوق. شۇڭا ئويلانماي بولمايدۇ. ئىنسان ھەر قېتىم بالا-قازاغا ئۇچرىغاندا ئۆزى ۋە ھايات-ماماتى ئۈستىدە ئويلىنىدۇ. كېسەللىك ئىنسان ئىرادىسىگە بېقىنمىسمۇ، ئەمما ئىنسان ئىرادىسىنى تاۋلايدۇ، ئىنساننىڭ ئۆزىنى تېپىۋىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئاشكارىلانغان كېسەل ئەسلىدە ئىنساننىڭ روھىدا يىلتىزلاپ بولغان بولىدۇ. «تاسادىپىيلىق كەينىدە ھامان مۇقەررەرلىك يوشۇرۇنغان» دەيدۇ ماركس. سارسمۇ شۇنداق.

«بۇرۇن تاغ چۆرگىلىسە، ئەمدى باغ چۆرگىلەيدۇ» دەيدۇ بوۋىلار. تۈنۈگۈن ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىز «تۆمۈر بىلىق»، «ياغاچ ئات»، «ئۇچار گىلەم»، «ئۇرتوقماق» توغرىسىدا تاتلىق

www.uyghurkitap.com

چۈشلەرنى كۆرۈۋىدى، مانا بۈگۈن سىز ئاشۇ ئاجايىباتلاردىن خالىي دۇنيانى تەسەۋۋۇرىڭىزغا سىغدۇرالمايسىز. گويا ئەپسانە بىلەن رېئاللىق يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەكلا. توۋا دېگۈلۈك، بۈگۈنكى غارايىپ دۇنيادا ياشاپ قالغان ئادەم جىق ئىشلارغا ھەيران قالاي دېمۇ ھەيران بولالمايدىغان، ھەيرانلىق ئۆز قىممىتىنى يوقىتىپ بېرىۋاتقاندەك قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، سارسىنىڭ ۋەھىمىسى ئەيدىز بالاسىدا زار قاقشاۋاتقان دۇنيانىڭ دىققىتىنى يەنە چېچىۋەتتى. سارس ئەسلىدە يۈز بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇ يۈز بەردى.

سارسىنىڭ پەيدا بولۇشى ئىنسانىيەت ئەخلاقىدا ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇن يوشۇرۇن كاۋاكلارنى ئاشكارىلاپ قويىدى.

ئادەم زاتىدىكى تىنىماي كۆپىيىپ تۇرۇدىغان ھېرىسمەنلىك ئوتى گۇرۇلدەپ يانىدىغان بولسا ھېچنەرسىنى ئامان قويمايدىكەن. يەنەبىر قارىماققا يەل بەرسىڭىز يوغىناۋېرىدىغان شارغا ئوخشايدىغان ئىنساننىڭ نەپسى ئەگەر ئەخلاقنىڭ كونتروللۇقىدىن چىقىپ كېتىدىغان بولسا، سارسقا ئوخشايدىغان باشقا بالايىبەتتەرلەرنى قايتا پەيدا بولمايدۇ، دەپ ئېيتالامسىز؟ چۈنكى بىز ئېيتقان بۇ شار ھامان يېرىلىشى مۇمكىن.

ئىنسانىيەت تارىختا تالايلاپ بالا-قازاغا ئۇچرىدى. ئىنسان ھەۋەسلىرى بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋازىنەتسىزلىك بۇجەرياندا قالتىس رول ئويناپ كەپتۇ.

زاماننىڭ كالامپاي چاقى ئالغا قاراپ چۆرگىلىگەنسېرى ، ئادەملەر ئالدىراش ئۆتسە كېرەك. قارالڭ: ھەممىلا ئادەم شۇنچىلىك پايپېتەك. ئەگەر سىز سارس دېگەن بۇ نىجىس ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىنكى ئادەملەرنىڭ ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن ساراسىمىگە چۈشكەن، ھەممە جان قايغۇسىدا قالغان، ھەممىلا ئادەمنىڭ ئاغزىدا، كوچا-كويلاردا «سارس» دېگەن ئۇقۇم مودا بولۇۋاتقان يېڭى يۈزلىنىشكە سەل-پەللا دىققەت قىلغان بولسىڭىز، بىر-بىرىدىن مۇھىم بولغان، ھەممىنى قىلىپ ئۈلگۈرمىسىڭىز زادىلا بولمايدىغان ئالدىراش خىزمەت ۋە تۇرمۇش داۋامىدا ھېس قىلمىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايقىۋالالايسىز.

سارسىنىڭ پارىڭى ئەمدىلا بولۇنۇۋاتقان كۈنلەردە ئۆيدىكىلەرگە دەرھال تېلېفون ئالدىم. تەقدىرىنى بىر ئۆمۈر زۇۋان سۈرمەيدىغان قارا يەرگە ۋە خۇداغا باغلىۋەتكەن نەچچە مىليون جاپاكەش ئۇيغۇر دېھقىنىنىڭ بىرى بولغان ئاتامنىڭ: «بالام، سارستىن بىزنى ئاگاھلاندۇرغىنىڭغا رەھمەت. بىزمۇ ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقاتىغا ئاۋاز قوشۇپ بار كۈچىمىز بىلەن كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىۋاتىمىز. ئەگەر خۇدا بەرگەن ئاشۇ كېسەلدە ئۆلسەك، ئەمدى بۇمۇ خۇدانىڭ ھۆكمى. بىزنىڭ ئامالىمىز يوق. كېسەلنى بەرگەن خۇدا داۋاسىنىمۇ بېرەر. سەن مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا ئوبدان بويسۇنۇپ، ئارتۇق غەم قىلماي ئوقۇشۇڭنى ياخشى ئوقۇ!» دېگەن سۆزلىرى مېڭەمدە ئۇزاق ئايلىنىپ يۈردى. ماھىيەتتە ئاتامنىڭ بۇ ئېيتقانلىرىنى ساددا دىنىي ئېتىقادى ۋە سىرلىق تەبىئەت چۈشەنچىلىرىنى ئاڭسىز رەۋىشتە جاھىللىق بىلەن ساقلاپ كېلىۋاتقان، تولىمۇ تاتلىق ئەپسانە-رىۋايەتلەرگە باي، ھايات ۋە ئۆلۈم ھادىسىلىرىنىمۇ خۇددى ئەپسانىدەك چۈشىنىدىغان، ھاياتىي كۈچى بالقىپ تۇرۇدىغان قەدىمىي بىر ئەلنىڭ ھايات-ماماتتىن يىغىنچاقلىغان ئۆزىگە خاس ئەڭ نېگىزلىك پەلسەپىۋى خۇلاسىسى دېيىشكە بولاتتى.

ئۇيغۇر دېھقانلىرى دۇنيادا ئەڭ ئاقكۆڭۈل كىشىلەردۇر. ئۇلار «خاننىڭ ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىب» دېگەن قارىشى بويىچە ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ھەممىدىن بەك بىجانىدىل ئىجرا قىلىدۇ، ئىككىيۈزلىمىلىك، بويۇنتاۋلىق قىلمايدۇ. كېسەل بوپقالسا ئەلمىساقتىن كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە ئەڭ ئاۋۋال ياراتقۇچىنى ئەسلەيدۇ. ياراتقۇچىنىڭ ئەڭ ئەزىز كىشىلىرى دەپ بىلىدىغان ئۆلىمالارنىڭ ئۇلۇغ ئايەتلىرى ۋە تېۋىپلارنىڭ شىپالىق دورىلىرى ، ئەجدادلاردىن كېلىۋاتقان تۈرلۈك ئىرىم-سېرىملار ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر سېھىرلىك قۇدرەتكە ئىگە . ئۇلار خۇدا ئالدىدا ئۆتكۈزۈپ سالغان قانداقتۇر گۇناھلىرى ئۈچۈن تەكرار توۋا قىلىپ، ياغ پۇرىتىپ نەزىر قىلىپ، ئەل-جامائەتتىن رىزالىق ئېلىشىدۇ. پەيشەنبە كۈنى پۇرىتىلغان ياغنىڭ بۇسى گوياكى بىر ئۇلۇغ روھىي ئېقىندەك بىغۇبار سەھرا قەلبىگە سىڭىپ كېتىدۇ. بەزى فولكلورچىلار ياكى زامانىۋى ئىلىملەر كاللىسىغا لىققىدە توشۇپ كەتكەن ئايرىم جەمئىيەتشۇناسلار بۇ ئادەتلەرنى كۆزىنى يۇمۇپلا «خۇراپات»لىق دەۋالغىنى بىلەن ، ئەنە شۇنداق تالاي «خۇراپات»لىقلار بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جامائەسىنىڭ ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئۆرە قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. زامانىۋى دۇنيا مەيلى نېمىلا دېمىسۇن، مۇشۇنداق سۆيۈملۈك ئۆرپ-ئادەتلەر ئۇيغۇر ئەنئەنىسىنىڭ يىلىكى سۈپىتىدە مەتانەت بىلەن ياشاپ كەلمەكتە.

سەھرالارغا سېلىشتۇرغاندا شەھەر ئادەملىرى قالتىس ئېھتىياتچان ھەم سەگەك بولسا كېرەك. 16 قەۋەتلىك ماسكىلارنى تاقىۋېلىشقان ئاشۇ ئالدىراش ئادەملەرنى كۆرگىنىمدە «سەھراغا قارىغاندا شەھەردە جان بەكرەك تاتلىق ئوخشايدۇ» دېگۈم كېلىدۇ.

سارسىنىڭ ھازىرچە داۋاسى بولمىغىنى ئۈچۈن كىشىلەر بەكلا تېپىرلاپ قېلىشتى. ئادەملەرنىڭ چىرايىدىن ئۆلۈم ۋەھىمىسى ۋە ئەنسىزلىك مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىز ئۆلۈمدىن بەك قورقىمىز. لېكىن يارالغانكەنمىز، ھامىنى بىر كۈنى ئۆلمەي ئىلاجىمىز يوقكەن. شۇنۇقتىدىن ئالغاندا ئۆلۈم بەك ئادىل بولىدىكەن. زامانىۋى ئادەملەرنىڭ تاپقان ئەقلىگە ھەيران قالىسىز! ئۇلار ھاياتنىڭ مەنىسى ئۈستىدە ئەمەس، ئۆمۈرنىڭ مۇساپىسىنى ئەڭ

ئاۋۋال ئويلىشىدۇ. ئۆمۈر ئۇزۇن ھەم شۇنىڭغا يارىشا جۇلاسىمۇ بولسا بۇ خويمۇ بەلەن ئۆمۈر بولىدۇ. ئەمما شۇنداق ياشىماق تەس.

مەرھۇم ئەدىبىمىز ئۆتكۈر ئەپەندى ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى ئويلىرىنى:

جاھان باقىي ئەمەس، لوقمان چىغىدا تاپمىدى دەرمان،
مىسالدۇر رۇمىي ئىسكەندەر ۋە ھەتتا ئەركە چىڭگىزخان.
كېلىپ-كەتمەك بىلەن مەشغۇل جاھانغا بىھىساب كارۋان،
ئۆتەر دۇنيا، كېچەر دۇنيا، پەقەت خەلقلا سۇرەر دەۋران.
ئۆمۈر مەنزىلىدىن تاپتىم نىھايەت شۇ ھەقىقەتنى.

دەپ ناھايىتى توغرا خۇلاسىلەيدۇ.

ئادەملەرنىڭ ئويغاقلىرى ھاياتنى ھەرقاچان تەلقىنلەپ تۇرىدۇ. بىز ھاياتىمىزنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىنى تەڭشىيەلمەيمىز، ئەمما كۈي-ئودارلىرىنى توغرىلاشقا چامىمىز يېتىدۇ. ھەربىر ئادەمنىڭ ھاياتى پەقەت ئۆزىلا سازلاپ-تەڭشەپ چالىدىغان سازغا ئوخشاپ قالىدۇ.

زامانىۋى شەھەر ئادەملىرىنىڭ نەزىرىدە نادانراق كېلىدىغان، كىتاب ئوقۇمايدىغان، شەھەرگە كىرسە قاتناش قائىدىسى بويىچە ئەدەبلىك مېڭىشنى ئۇقمايدىغان، ئېگىز بىنالاردىكى ھەشەمەتلىك ئۆيلەرگە لاي پۇتلىرى بىلەن كىرىپ، ئوتقاشتەك گىلەملەرنى بۇلغاپ قويىدىغان ، ئىسمىنىمۇ ئوڭشاپ يازالمايدىغان ئاشۇ سۆيۈملۈك «سەھرالىق»لار ئۆلۈمگە ۋە ھاياتتىكى تاسادىپىي ھادىسىلەرگە ئەنە شۇنداق كەڭ قورساق، تەمكىن مۇئامىلە قىلىدۇ. «ئۆلۈم خىزمەت كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلمىگەچكە» (ئادىل تۇنىياز) شەھەردە ياشىغان ئادەم ئۆلۈمنى يادىدىن چىقىرىپ، ئەبەدىي ئۆلمەيدىغان تەرزدە ياشاپ كېتىۋېرىدىغان گەپكەن. ئاشۇ بىپايان سەھرادا قائىدە-يوسۇنلىرىنى ئانچىلا ئۆزگەرتىپ كەتمىگەن ئۆلۈم-يېتىم ۋە نەزىر-چىراغ ئىشلىرى ئادەمگە ئۆلۈمنىڭ مۇقەددەسلىكىنى، مەھەللە-كويلاردىكى قورقۇنچلۇق ۋە قەدىمىي تۈس ئالغان گۆرىستانلىقلار سەھرا ئادەملىرىنىڭ ئېسىگە ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ۋە دائىملىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. شەھەردىكى داغدۇغىسىز بولىدىغان ئۆلۈم ئىشلىرى، ماشىنىلاردا كېتىپ بارغان تاۋۇت، رېستورانلاشقان نەزىر-چىراغ. . . بۇلارغا قارىسىڭىز ئۆلۈمنىڭ بۇيەردە تازا قەدرى يوقتەك تۇيغۇغا كېلىسىز. سىز خىزمەتدىشىڭىزدىن «پالانى تۈگەپ كېتىپتۇ، پەتىسىگە بارالدىڭمۇ؟» دەپ سورىسىڭىز، «خىزمەت بەك ئالدىراش بوپكەتتى، راستىنلا ۋاقىت چىقىرالمىدىم» دېگەن مودا سۆز بىلەن جاۋاب بېرىدۇ.

خىزمەت قىلىشتىن مەقسەت نېمە؟ بۇنىڭ جاۋابى ئۈچۈن بەلكىم بىرەر كىتاب يېزىشقىمۇ ئەلۋەتتە بولىدۇ. مەن خىزمەتنى ئىنسانىي تاكامۇللۇققا يېتىش جەريانى بولۇشى كېرەك، دەپ قارايمەن. خىزمەت قىلىدىغان شەھەر ئادەملىرى ئەنە شۇنداق ئالدىراش. ھەممىمىز ئۆلگىچە نېمىدۇر بىرنەرسىگە ئالدىراپلا ئۆتىمىز. خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىدا شەك يوق. ئۇ بولمىسا سىزگە لوقمىمۇ يوق. ئەمما ئىنسانىيلىقنىڭ ئۆلچەملىرى بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى ئېرادا، ئۆز-ئۆزىنى ئۇلۇغلۇقنىڭ، تەنھالىقنىڭ، مۇقەددەس ئېتىقادنىڭ، ئىنسانىي ساپ سۆيگۈنىڭ تارازىسىغا ھەمىشە سېلىپ، ئىنسانىيلىقنىڭ، ئۆلۈمنىڭ، تۇرمۇشنىڭ قىممىتىنى دەڭسەپ تۇرالايدىغان ئىقتىدار بەك مۇھىم. سارىس شۇنداقلا پەيدا بولۇۋىدى، ئەسلىدىنلا ۋالڭ-چۇڭ، باش-ئايىغى چىقماس ئالدىراشچىلىقلار بىلەن لىق تولغان شەھەرلەرنى تېخىمۇ ئۆرە-تۆپە قىلىۋەتتى. سارىس پەيدا بولغاندىن كېيىن كوچا-كويلاردا ئۇنىڭ كېلىش مەنبىئى ئۈستىدە خىلمۇ خىل پاراڭلار بولۇندى. مۇشۇلارنى يىغىپ كەلسە ئادەملەردىكى ئىنسانىي تەبىئەت، ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىدىن بولغانلىقىنى بىلىش تەس ئەمەس. بىر چاغدا ، خەنزۇچە مەنبەدىن تايلاند، كامبودژا تەرەپلەردە مۇشۇ دۆلەتلەرگە ساياھەتكە كەلگەنلەرنىڭ مۈشۈك قورۇمىسىغا بەك ئامراقلىقىنى، مۇنداق قورۇمىلارنىڭ بازىرى ياخشى ئىكەنلىكىنى ئوقۇپ چۆچۈپ كەتكەنىدىم. مەن مۈشۈكنىڭ ئاسلانلىرى بىلەن مومامنىڭ ئىسسىق كېڭىدە پۇشۇلداپ ئۇخلايدىغان ئاسلاندەك چاغلىرىمدا مومام ئاغزىدىن تۆكۈلۈپ توختىمايدىغان تالاي چۆچەكلەر ئىچىدە ئاڭلىغان مۈشۈك توغرىلىق مۇنۇ ھېكمەت يادىمغا يەتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم ناماز ئوقۇۋاتقاندا مۈشۈكى ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىدە ئۇخلاپ قالىدىكەن. پەيغەمبىرىمىز مۈشۈكنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن پېشىنى پەم بىلەن كېسىۋېتىپ قويۇدىكەن. ئالتىشەھەر تەرەپلەردە مۇنداق ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر تالايلاپ تېپىلىدۇ. ئەقلىم ھەيران! پەيغەمبىرىمىزنىڭ پېشىدە غەمسىز ئۇخلىغان، ئەتىۋارلاشقا مۇيەسسەر بولغان ئاشۇ بىچارە مۈشۈك تايلاند، كامبودژىنىڭ رېستورانلىرىدا مەززىلىك تائاملارغا ئايلىنىپ كەتسە؟! مۈشۈك دېگەن ئەسلىدە چاچقان تۇتۇشقا يارالغانىدى، ھالا بۈگۈن ئادىمىزاتنىڭ ئىشتىھاسى ئۈچۈن ئاستا-ئاستا يوقىلىپ بېرىۋاتىدۇ. نەچچە يىللارنىڭ ئالدىدا مەھەللە-كوچىلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان لالما ئىت-مۈشۈكلەر نەگىدۇر يوقىلىپ، ئورنىدا ھارامخور چاشقانلارنىڭ گېدىيىپ، مەغرۇرانە قىياپەتتە ئادەملەردىن قىلچىلىك تەپ تارتىپ قويماي تۇپلىشىپ يۈرگەنلىكىنى ھەممىمىز كۆرۈۋاتىمىز ھەم چۆچۈشكە باشلاۋاتىمىز. ئەمما چاشقان دېگەن بۇ كاساپەتكە چۆچۈشلا كۇپايە قىلامدۇ؟ دورا ئىشلەتسىڭىز-ئىت-مۈشۈك، قۇرت-قوڭغۇز، جان-جانىۋارلار-قىرىلىپ كېتىۋاتقان. قارىغاندا، بىز مۇۋاپىق چارە تاپقىچە چاشقانلارنىڭ شادىمان ئۇسسۇللىرىدىن بەھر ئالغاچ تۇرىدىغان بولدۇق. ھەي بىچارە ئىنسانەي! مۈشۈكلەرنىڭ ئېچىنىشلىق تراگېدىيىسى قەلبىمنى

غەش قىلىپ تۇرغان كۈنلەردە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىل 3 ـ سانىدىكى «هايۋانچىلىك بولالمايدىغان ئىنسانلار» ناملىق تەرجىمە ماقالىدا يېزىلغان ئېيىقنىڭ ئۆتى ۋە تىرىك مايمۇننىڭ مېڭىسىنى يېيىشتەك غەلىتە قىلمىشلار ئىچىمنى تىخىمۇ پۇشۇردى. مەزكۇر ماقالىنى كۆرۈپ بولۇپ، ئىنسانلار راستىنلا هايۋانلارچىلىك بولالامدۇ ـ نېمە؟ دەپمۇ قالدىم. گەرچە مۇنداق سېلىشتۇرما سەل غەلىتىرەك بىلىنسىمۇ، ئەمما ئادەمنى ئاز ـ تولا قايىل قىلىدۇ.

ئېكولوگىيىلىك تەبىئىي تەڭپۇڭلۇقنىڭ هەددىدىن تاشقىرى تېز سۈرئەتتە بۇزۇلۇپ مېڭىۋاتقانلىقى هەممىگە ئايان. ئەمما ئادەملەر تازا ئاڭقىرىپ كەتمىگەن، دىققەت قىلىشىنىمۇ ئانچە خالاپ كەتمەيدىغان بىر نۇقتا بار. ئۇ دەل تەبىئىي تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى نەتىجىسىدە پەيدا بولۇۋاتقان ئىنسان تەبىئىيىتى ۋە ئىنسان ئېكولوگىيىسىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئىبارەت. شەهەر كىشىلىرىدە تىت ـ تىتلىق، ئالدىراڭغۇلۇق، قانداقتۇر بىر نەرسىدىن بىسىم هېس قىلىش، يۇقىرى قان بېسىمى، نېرۋا جىددىيلىشىش، يالغۇزلۇق هېس قىلىش كەبىي پىسخىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك نورمالسىزلىقلار ناهايىتى روشەن بولۇۋاتىدۇ.

سىز بۇ ئەهۋاللارنى شەهەردىكى قورتتەك مىغىلداپ يۈرگەن ماشىنا ۋە ئاللىنېمىلەرنىڭ چىرقىراق ئاۋازلىرى، سەرەڭگە قېپىدەك تۆت چاسا ئىمارەتكە مەهكەم يېپىشىپ قالغان بېكىك تۇرمۇش، دەل ـ دەرەخلەردىن تەدرىجىي ئايرىلىپ قېلىۋاتقان قىستاڭ كوچا ـ رەستىلەر، بىر ـ بىرىدىن ئالدىراش يۈرگەن ئادەملەر ئېقىمى، رىتىمى نۇر تېزلىكىگە يېقىنلىشىۋاتقان تۇرمۇش... لاردىن ئايرىپ قارىيالامسىز؟ سىز شەهەردە چىن يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان بىغۇبار كۈلكىلەرنى، سەمىمىي نىيەت بىلەن قول ئېلىشىشلارنى، ئادەملىكىڭىزنىڭ ئۇلۇغۋار دەملىرىنى كەمدىنكەم هېس قىلىسىز. چۈنكى سىز ئالدىراش. سىزنىڭ خىزمىتىڭىز بار. مانا شۇنداق ئەسەبىي مۇهىتتا، ئادەملەر ئەسلى ئىنسانىي تەبىئىيىتىدىن خالاپ ـ خالىماي ياتلىشىپ، ئۆزگە باشقىدىن قائىدە ۋە ئۆلچەم تۇرغۇزۇشقا باشلايدۇ. بۇنى «شەهەرنىڭ ئادەم يېيىشى» دېسەك قىلچە ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. مانا شۇنداق ياتلاشقان مۇهىتتا ياشاۋېرىسىڭىز، مۈشۈك، ئېيىق ئۆتى، تىرىك مايمۇن مېڭىسىلا ئەمەس، باشقىچە غەلىتە نەرسىلەرگىمۇ سېزىك بولۇشقا باشلايسىز. ئەزەلدىن تارتىپ تەبىئەت بىلەن هەمنەپەس، دىلداش، سىرداش ياشاپ كەلگەن خەلقىمىزدە تەبىئەت بىلەن ئورنىتىلغان ئاجايىپ ماسلىق مۇناسىۋىتى بار بولغانىكەن. قاراڭ! ئوتلار يەلپۈنۈپ، سۇلار ئويناقشىپ ئاققان، چەكسىز پادىلار يايلىغان هىنگان، چىلىيەنشەن، ئالتاي، تەڭرىتاغلىرى، ئىلى، تارىم، ئورخۇن، بايقال بويلىرى... هونلارنىڭ ۋە جەڭگىۋار

ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ شېئىرغا ئوخشاش گۈزەل چاغلىرىنى ئاپىرىدە قىلغانىكەنغۇ؟! ئاتالاي ئەسىرلەر بىز تۇغۇلمىغاندا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئاتىلىرىمىزنىڭ تۇياقلىرىدىن ئۇچقۇن چاچرايدىغان، «بېشى بارلارنى باش ئەگدۈرۈپ، تىزلىقلارنى تىزلاندۇرغان» («مەڭگۈ تاش يادنامىلىرى» دىن) ئاشۇ جەڭگىۋار قەبىلىلەر كەتمەن ۋە شاكراپ تەرى ئارقىلىق تەبىئەتكە كۆل كەشتىلەيدىغان دېهقان قەۋمىگە ئايلىنىپتۇ. رىۋايەت ۋە رېئاللىق جىپسىلىشىپ كەتكەن دېهقاننىڭ قەلب قاتلىرىنى ۋاراقلاپ كۆرسىڭىز، ئاشۇ ئاقكۆڭۈل، ساپ دىل دېهقاننىڭ تەبىئەتكە مەڭگۈ ئېيتىپ تۈگىتەلمەيدىغان تاتلىق پىچىرلىشىنى ئاڭلىيالايسىز. دېهقاننىڭ تەبىئەتنى چۈشىنىدىغان ئۆزگىچە تىلى بولىدۇ. دېهقان باشتىن ئاخىر ئۆزىنى ئانا تەبىئەتنىڭ مەڭگۈلۈك ئاجرالماس بىر پارچىسى، بىر هۆجەيرىسى دەپ تونۇيدۇ. شۇقەدەر ئۇلۇغ ئېتىقاد، شۇنچىلىك ئوتلۇق ئارمان دېهقاندىن باشقىلار مۇڭىنى ئەبەدىي چۈشەنمەيدىغان ئاشۇ مۇلايىم قارا تۇپراق باغرىدا مەڭگۈ پارلاپ تۇرۇپتۇ. باشقىلار دېهقاننى ئاغرىپ قالمايدىغان خەق دېيىشىدۇ. دېمىسىمۇ راست! دېهقان ئاغرىمايدۇ. ياراتقۇچى دېهقاننى شۇنچىلىك مۆرۈۋۋەتلىك ياراتقانىكەن. دېهقان! پەقەت دېهقانلا بەرداشلىق بەرمىسە بولمايدىغان هەم بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، مەڭگۈ توختاپ قالمايدىغان بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئەرزان باهالىق ئەمگەك، دېهقاننىڭ بىردىنبىر ۋە مەڭگۈلۈك ئاشىقى بولمىش سۆيۈملۈك كەتمەن هەم خۇدا زېمىنىغا ئاتا قىلغان سېخىي قۇياش نۇرى، ئادەمئاتا، هەۋۋا ئانا ئەڭ دەسلەپتە نەپەس ئالغان ئاشۇ پاكىز هاۋا دېهقان ۋۇجۇدىغا كېسەل يولاتماي كەلدى. دېهقان ئاغرىپ قالمىسۇن! ئۇ ئاغرىسا بىكارغا داۋالايدىغان دوختۇرخانا، هەقسىز يەيدىغان دورا مەۋجۇد ئەمەس. ئۇ ئاغرىسا پۈتكۈل هاياتىنى بىراقلا خۇدانىڭ ئىلكىگە تاپشۇرۇشقا مەجبۇر.

تەبىئىي ئېكولوگىيىنىڭ رىتىمى بۇزۇلمىغان ئاشۇ پايانسىز سەهرا بارغانسېرى بۇزۇلۇپ، كونتروللۇقىنى، مۇقەددەس تەڭشىكىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان ئەسەبىي دۇنيانىڭ مۇقەددەس قىزىلىق پەردىسى. تەبىئىيلىك بۇزۇلمىغان جايلارنىڭ ئادەملىرىدە ئالىپتە دۇنيا ئۈچۈن كېرەك بولۇۋاتقان جىمىكى تەبىئىي خىسلەتلەر ۋە ئىرىم ـ ئادەتلەر تولۇقى بىلەن ساقلانغان بولىدۇ.

2001 ـ يىلى كانادا يەرشارىنىڭ هەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئون مىڭدىن ئارتۇق ئىقتىسادشۇناس، جەمئىيەتشۇناس، پسىخولوگ، پەيلاسوپ، ئەدىب، دۆلەت ئەربابلىرى، مەشهۇر ئىجتىمائىي پائالىيەتچىلەر يىغىلىپ «زامانىۋى ئىنسان ئەخلاقى ۋە تەبىئەت بىلەن ئىنساننىڭ ماس قەدەملىك تەرەققىياتى» دېگەن تېمىدا كېڭەش بولغان. كېڭەش ئەهلى بىردەك هالدا زامانىۋىلىققا ماس كېلىدىغان ئىنسان تەبىئىيىتىنى تۆۋەندىكى يەتتە نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان:

www.uyghurkitap.com

1. تەبىئەت بىلەن ئىنساننىڭ كارمونىك ماسلىقى ساقلانغان ھەم مۇكەممەللەشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشقان.

2. يۈكسەك ھالدىكى بىر-بىرىگە مەسئۇل بولۇش ۋە كوللېكتىپ ئېڭى.

3. ئىنسانىيەت ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىش غايىسىگە ئىگە بولۇش.

4. ئىنسانىيەتنىڭ ئەسلى تەبىئىيىتىدىكى يېتۈك خىسلەتلەر ساقلانغان ھەم راۋاجلانغان بولۇش، مۇكەممەل ئېتىقادقا ئىگە بولۇش.

5. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ئۈستىگە قۇرغان بولۇش. كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن مۇكەممەل بولغان تەبىئەت قالدۇرۇش.

6. ئىنسانىيەتنىڭ قىممەتلىك ماددىي ۋە مەنىۋى مىراسلىرى ياخشى قوغدالغان، ئاسرالغان بولۇش.

7. كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن تېخىمۇ گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەتنى يادىكار قىلىش.

دىققەت قىلغان بولسىڭىز، ئۈچ تاغ، ئىككى ئويمانلىقنى ماكان قىلىپ ياشاۋاتقان بۇ ئەلدە يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسەن ھازىرلانغان. ئەمما بۇ شەرتلەرنى ھازىرلاشنىڭ بەدىلى بىزگە ھەرگىزمۇ ئوڭاي توختىغىنى يوق. ئەنە شۇ شەرتلەرنى ھازىرلىغان دېھقانلارنىڭ ماددىي باياشاتچىلىق دەرىجىسىنى قايسى ئورۇندا دېسەك مۇۋاپىق بولار؟ دۇنيادا بىزدىنمۇ تۆۋەن تۇرۇۋاتقان ئىنسان توركۈملىرى يەنە بار. بىراق بۇ خىل سېلىشتۇرما قانائەت ھاسىل قىلىشنىڭ دەستىكى بولسا بولمايدۇ!

دۆلەت دەرۋازىسىنى دۇنياغا ئېچىۋەتكەندىن بۇيان ئاندا-ساندا دۆلەتلەر ئۇيغۇرلارنى ئاز-تولا چۈشىنىشكە مۇيەسسەر بولدى ۋە قىزىقىشى كۈچەيدى. ئۇيغۇرلارغا تونۇشلۇق بولغان ياپونىيىلىك دۇنياغا مەشھۇر جامائەت ئەربابى، كاتتا زەردار ياسۇتاكا كوجىما (شياۋداۋ كاڭيۇ) ئەپەندى شىنجاڭغا نۇرغۇن ساۋابلىق ئىش قىلىپ بەردى. بۇ كىشىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان تەسىراتى خېلى چوڭقۇر. مۇخبىر ئۇنىڭدىن «سىزنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان ئومۇمىي تەسىراتىڭىز قانداق؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ تولىمۇ مەنىلىك قىلىپ: «مەن ئىنسانىيەتنىڭ دەسلەپ پەيدا بولغان ۋاقتىدىكى ئەڭ گۈزەل چاغلىرىغا قايتقاندەك بولدۇم. ئىنسانىيەت ئۈچۈن بىر پارچە پاكىز ھەم مۇقەددەس زېمىننى ساقلاپ كەلگەن بۇ خەلق، بۇ زېمىن ھەقىقەتەن ئۇلۇغ، دۇنيا بۇ خەلققە رەھمەت دېيىش كېرەك» دېگەنىكەن.

سارىس ئادەملەرنىڭ كۆز ئالدىدا يوغان سوئال بەلگىسىدەك ئايان بولدى. ئەمدى بىز نۇرغۇن نەرسىلەرگە باشقىچە نەزەردە قاراشنى ئۆگەنمىسەك بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. زامان ھامان بىزنى يېڭىچە تەپەككۇرغا مەجبۇرلايدۇ.

ئىنسان بەكمۇ قىزىقارلىق مەخلۇق ئىكەن. ئۇنىڭ پەقەت گۆردە توپا كىرگەندىلا تويۇدىغان بىر جۈپ ھېرىسمەن كۆزى ھامان چەكسىزلىككە قاراپ تىكىلگەن. توختاۋسىز بىر نېمىلەرنى ئىزدەيدىكەن... ئەگەر ئادەمئاتا تىرىلىپ بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئاجايىباتلارنى كۆرسە ھەيرانلىقتىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىشى مۇمكىن. ئادەم زاتى ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان چەكسىز مەۋھۇم بىر نۇقتىغا قاراپ نۇر تېزلىكىدە كېتىۋاتىدۇ. ئۇلار دەسلەپ پىيادە ماڭدى. ئاندىن تاغ-باياۋانلاردىن ياۋايى جاندارلارنى تۇتۇۋېلىپ مىندى ياكى ھارۋىلارغا، قوش-سۆرەمىگە قوشتى. بۇنىڭدا سەل راھەترەك بولدى. ھارۋا بەك ئاستا بولغاچقا ئىچى پۇشۇپ ماشىنىلارنى ياسىدى. ھەتتا قۇشلاردەك ئۇچماق بولۇپ ئايرۇپىلان ياساپ، بۇ ئارزۇسىغىمۇ قانغان بولدى. مەڭگۈ قانماس ئىستەك، بۇ تەلۋە خىياللار يەنە نېمىلەرنى رويابقا چىقىرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمما تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدىغان بىر قانۇنىيەت بار: بىز ئېرىشمەكچى بولغان، بىز ماختاۋاتقان، بىز ئىنتىلىۋاتقان ئاشۇ تەرەققىيات ھامان تەبىئەتنىڭ جەسەتلىرى ئۈستىدىن دەسسەپ ئۆتىدۇ.

ئادەملەر مېڭىشنى بىلگەندىن تارتىپ مارسنى سەيلە قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا تەبىئەت قانچىلىك جازالانغان بولسا، ئادەملەرمۇ ھەسسىلەپ زەربىگە ئۇچرىدى. تەرەققىيات دېگەن زادى نېمە؟ بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ئانچە ئوڭاي ئەمەس. قاراڭ! تەكلىماكان باغرىدا كەتمىنىنى ئۈششىشكە ئارتىپ، تەۋەررۇك ئېشەك ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ تالاي زامانلارنى قېرىتىپ كەلگەن بۇ مىللەت ماددىي پاراغەتكە گېلىغىچە تويۇپ، سېسىق كېكىرىشكە باشلىغان ياۋروپا ۋە ئامېرىكا بىلەن زاماندىش ياشاپ كەلدى. خەقلەرگە «TOYOTA»، «KADILAK»لىرى قانچىلىك قەدىرلىك بولسا، ئېشەك ھارۋا بىزگە شۇنچىلىك سۆيۈملۈك. غەلىتە ئىش، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ھايات ۋە ئۆلۈم چەمبىرىدىن ھالقىپ بولالماي كەلدى. قارىغاندا، ھەممىلا نەرسە تۇغۇمدىن ئۆلۈمگىچە بولغان ئۆتكۈنچى شەكىللەر بولسا كېرەك. بىزنىڭ مىللىتىمىز بىز زىكىر قىلىۋاتقان مۇقەددەس قائىدىنى ئاللىبۇرۇنلا ئۆز تۇرمۇشىنىڭ قىبلىنامىسىگە ئايلاندۇرغانىكەن.

سىز تەبىئەتنى زادىلا زوۋان سۈرمەيدۇ دېيەلەمسىز؟ تەبىئەت جىمجىت، تەبىئەت سۈكۈت ئىچىدە. ئەمما ئۇنىڭغا چاقچاق قىلسىڭىز نەرسى دەھشەت. سىز تەبىئەتنىڭ تىلىنى چۈشىنەمسىز؟ ئەگەر ئۆزىڭىزنى بىر ئۇلۇغۋار تەنھالىق ئىچىگە قويۇپ تىڭشاپ باقسىڭىز، دۇپۇلدەپ سوقۇۋاتقان تەبىئەتنىڭ يۈرەك تىۋىشىنى ئاڭلىيالايسىز. شەھەرگە يېقىن يولىماي، سەھرادىكى دېھقاننىڭ غېرىبانە كەپىسىگە ئۇۋا سالىدىغان قارلىغاچتىن سىز نۇرغۇن سىر-ھېكمەتلەرنى، ئالەم ۋە ئادەم ماسلىقىنىڭ مەڭگۈلۈك ئېقىمىنى بايقىيالايسىز.

ئەخلاق، تەرەققىيات، زامانىۋىلىق ئۇقۇملىرىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، باشقىدىن تەبىرلەشكە توغرا

كېلىۋاتىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئېتىقادىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا يىلتىزلاپ، باراقسانلىشىغان ئەخلاقىي پەزىلىتى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋىيەت باغچىسىدىكى ئۆزگىچە جۇلالىق گۈل. ئەگەر بۇ باغچىدا بىرلا خىل گۈل بولسا، ئۇنىڭ سىزگە بېرىدىغان ھۇزۇرى قانچىلىك بولار؟ بىزگە دالىدا ئۆسكەن ماماكاپمۇ، شۇنداقلا ئەتىر گۈلمۇ كېرەك. مۇئەللىپ ئۇيغۇر باغرىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئاجايىپ جاۋاھىراتلارنىڭ بىر قىسمىنى سۈزمەكچى، مۇشۇ بىباھا جاۋاھىراتلار بىلەن خىرەلىششكە يۈزلىنىۋاتقان روھىيەت قەسرىدىكى گىرىمسەن كۆزنەكلەرنى يورۇتماقچى، شۇئارقىلىق سارىس پەيدا قىلغان بىر قاتار سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەپ كۆرمەكچى بولدى ھەم بۇلارنى ئىنسان ـ تەبىئەت ماسلىقىدىكى نازۇك مۇناسىۋەتتىن يېشىپ باقماق بولدى. بۇ يولدىكى ئىزدىنىش يەنە تالاي ئىجتىھاتلارنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئادەمدىكى باشقا جانلىقتا يوق يەنە بىر ھېكمەتلىك يارالمىش شۇكى، ئۇ ئۆزى ئۈستىدە تىنىماي تەپەككۇر قىلالايدۇ، روھىنى مۇكەممەللىككە ئېرىشتۈرۈش يولىدا ئىزدىنەلەيدۇ، ئۆزى ياشىغان دۇنيانى بۇزالايدۇ ھەم تۈزىيەلەيدۇ. پاكىز تەبىئەت پاكىز روھنى تاۋلاپ چىقىدۇ. «ھەدىس شەرىف» تىكى مۇنۇ ھېكمەتتىن بىز بەلكىم باشقىچە ۋەھىيلەرگە ئېرىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن: «روھنى پاكلىغانلار مەقسىتىگە يېتىدۇ». شۇنداق، ئەگەر روھىڭىز سۈپسۈزۈك بولسا ، ئادەملىكىڭىزنىڭ، ئىنسانىي ئەخلاقىڭىزنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ھەر دەقىقىدە ھېس قىلالايسىز. سىزدىن چاچراۋاتقان ئاشۇ ھۇزۇر بەخش شولىلار زاماندىشىڭىزنىڭ پىنھانلىرىنىمۇ يورۇتالايدۇ. بۇ قانداق بەخت-ھە! بىز ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن. مۇنداق بولغاندا سىز ھېچ نەرسىگە ئۆلگۈرەلمەي قالىسىز. ئەمما سىزنى سارىس ياكى ئەجەلگە تاقاشقان باشقا كېسەل قوچاقلىغان كۈنى، سىز ئۆلۈم ئالدىدا پۈتكۈل ھاياتىڭىزدىن ئانچە-مۇنچە خۇلاسە چىقىرىشىڭىز مۇمكىن. ئۆلۈمنىڭ گىرداۋىدا تۇرغان ئاخىرقى مىنۇتلىرىڭىزدا سىزنىڭ چوقۇم خىزىر ئەلەيھىسسالامدەك ئەبەدىي ياشىغۇڭىز كېلىدۇ. «ھېچ بولمىغاندا لوقمان ھەكىمدەك 1000 يىل بولسىمۇ ياشىسام مەيلى ئىدىغۇ» دەپ ئۈنسىز نالە قىلىسىز. ھېكايەت قىلىنىشىچە، لوقمان ھەكىم سەكراتتا ياتقاندا بىر دوستى ئۇنىڭدىن «بۇ دۇنيا زادى قانداقراق بولۇدىكەن ؟» دەپ سورىغاندا لوقمان ھەسرەت بىلەن: « مەن گويا بىر تۆشۈكتىن چىقىپ يەنە بىر تۆشۈككە كىرىپ كېتىۋاتىمەن» دېگەنىكەن.

سىزنىڭ ئىسسىق نەپسىڭىزلا بولسا، سىز يەنىلا تەلەيلىك، يەنىلا ئۈلگۈرىسىز. ئۆزىڭىزمۇ ھېس قىلالمايدىغان ئاجايىپ ئىلاھىي دەقىقىلەر سىزگە ھامان قۇچاق ئېچىپ تۇرغان بولىدۇ. ھاياتىمىزدا ئاشۇنداق غەنىيمەت دەقىقىلەرگە تالاي ئۇچرىغان بولۇشىمىز مۇمكىن. ئەمما ئۇنى بىخۇدلۇق قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىپتىمىز. سارىس راستىنلا قورقۇنچلۇق. ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ قورقۇنچلۇق بىر ئىش بار: ئۇ دەل ھاياتىڭىزدا ئىنسانلىقىڭىزنىڭ شەربىتىدىن بىر قېتىممۇ قېنىپ ئوتلىيالماي، قەلبىڭىزنىڭ چەكسىز پىنھانلىرىدىن كېلىۋاتقان مۇقەددەس سادالارغا بىرەر قېتىممۇ قۇلاق سالماي ئۇدۇللاپ لەھەتكە كىرىپ كېتىشىڭىزدىن ئىبارەت. تىڭشاڭ! جالالىددىن رۇمىي دالالەت قىلىۋاتىدۇ: « كۆزۈڭنى يۇم! كۆزگە ئايلانسۇن كۆڭۈل». سارىس مەڭگۇ جاراڭلايدىغان مۇنداق بىر ھەقىقەتنى قايتا ئايان قىلدى: «تەبىئەتنى ۋە ئىنسانىي تەبىئىيىتىڭنى سۆي! ھاياتىڭنىڭ دەقىقىسىدە بولسىمۇ سۆيگۈنىڭ ماگمىسىدا ئېرىپ باق! »

2003-يىل 9-ئىيۇن، شەھرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە ئۇچئۆستەڭ يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى، ھازىر شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ(M1)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت

بۇ سانىنىڭ تېخرىداكتورى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت



# روھ قىرغاقلىرىنى بويلاپ...

**ئادىل ئابدۇقادىر**

## ياخشىلارغا ئاگاھنامە

كىچىكىمدە ھېكايە-چۆچەك ئوقۇشقا تولىمۇ ئامراق ئىدىم. بالىلىق ھەۋىسىمنىڭ يېتىلىگىدە نۇرغۇن ھېكايە - چۆچەكلەرنى ئوقۇپ تۈگەتكەن بولساممۇ، لېكىن ئوقۇغانلىرىم ئەينى چاغدا مەن ئۈچۈن پەقەت بالىلىق ھەۋەس ۋە قىزىقىشىمنى قاندۇرۇدىغان ئويۇنچۇق ئورنىدىكى خام ماتېرىيال ئىدى. بالىلىق ئەقىل-پاراسىتىمنىڭ يېتىلمەسلىكىدىن بولغان بولسا كېرەك، ئەينى چاغدا ئوقۇغانلىرىمدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەقلىي ھېكمەتلەرنى تازا تولۇق چۈشىنىپ بولالمىغانىكەن-مەن. چوڭ بولۇپ ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە ئاشۇ بالىلىق خاتىرەمدە ساقلىنىپ قالغان نۇرغۇن ھېكايە - چۆچەكلەرنىڭ مېنىڭ ئەقلىي پىكرىمگە خۇرۇچ بولۇدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلىدىم. شۇڭا ھەمىشە قولۇمغا قەلەم ئېلىپ بىرەر نەرسە يېزىشقا تەرەددۇتلەنگەندە، ئالدى بىلەن بالىلىق خاتىرەمدە ساقلىنىپ قالغان ئاشۇ ھېكايە - چۆچەكلەردىن ھېكمەت ئىزدەيدىغان بوپقالدىم. ھازىر قاراپ باقسام بالىلىق خاتىرەمدە ساقلىنىپ قالغان ھېكايە-چۆچەكلەر ئىچىدە بۈگۈن ئۈچۈن كېرەكلىك ئەقلىي ھېكمەتلەرنى سۆزۈشكە يارايدىغان نۇرغۇن ھېكايە - چۆچەكلەر بار ئىكەن. مەزكۇر يازمامۇ دەل بالىلىق خاتىرەمدە ساقلىنىپ قالغان بىر ھېكمەتلىك چۆچەكنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرىمدىكى تەۋەللۇتىدۇر.

شۇڭا، بۇ يازمامنى ئاشۇ چۆچەكتىن باشلايمەن. بۇ مەشھۇر ئەرەب خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق: بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتى كاتتا بىر شەھەر بولغانىكەن. ئۇ شەھەرنىڭ خەلقى ئەسلى ئۇم-ئىناق، شەرم-ھايالىق، ئىمان-ئېتىقادلىق، باياشات ئىكەن. يىللار ئۆتۈپ تەدرىجىي بۇ شەھەردىن باياشاتلىق، ئۇم-ئىناقلىق، شەرم-ھايا كۆتۈرۈلۈپتۇ. شەھەر خەلقىنىڭ بۇزۇقچىلىقلىرى چېكىگە يېتىپ خۇدانى غەزەپلەندۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇدا بۇ شەھەرنى يوق قىلىپ، شەھەر خەلقىنى تاشبوران قىلىشقا پەرىشتىلەرنى بۇيرۇپتۇ. پەرىشتىلەر بۇ شەھەرنى دۈم كۆمتۈرۈۋەتمەك بولۇپ، ئەرشتىن چۈشۈپ قارىسا، بۇشەھەردىمۇ يەنە تېخى شەرم-ھايا، ئىمان-ئېتىقاد بىلەن ياشاۋاتقان خېلى كۆپ ساندىكى ياخشى كىشىلەرمۇ بار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتىلەر پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى تاشبوران قىلىپ، شەھەرنى دۈم كۆمتۈرۈۋەتسە، بۇ، ياخشىلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان

كىشىلەرگە زەخىم يېتىپ، ئۇلارنىڭمۇ ھايات قالالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇلارغا ئۇۋال قىلىنىۋەتسە خۇدانىڭ غەزەپلىنىشىدىن ئەنسىرەپ، خۇداغا كۆرگەنلىرىنى مەلۇم قىپتۇ. خۇدا بۇنى ئاڭلاپ، پەرىشتىلەرگە تاشبورانىنى ئالدى بىلەن ئاشۇ تەقۋا كىشىلەردىن باشلاشقا بۇيرۇپتۇ. پەرىشتىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، خۇدا: «بۇ شەھەرنىڭ نەچچە يىللار بۇرۇن باياشات، خەلقىنىڭ ئۈم-ئىناق، شەرم-ھايالىق ھالەتتىن، ھازىرقىدەك كۈنگە قېلىشى دەل بۇ شەھەردىكى ئاشۇ تەقۋا كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقنى پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا ئىزدەپ، ئۇنى تەرغىب قىلمىغانلىقىدىن بولغان. شۇڭا، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا جازاغا لايىق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بالىلىق خاتىرەمدە ساقلىنىپ قالغان بۇ چۆچەكنى ئوقۇپ ئەينى چاغدا قانداق تەسىرات ئالغانلىقىم ھازىر ئېسىمدە يوق. بەلكىم ئۇچاغدا بۇ چۆچەك ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەقلىي ھېكمەتنىڭ تازا تېگىگە يېتىپ بولالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. ئەمما بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئۇنىڭ خاتىرەمدە قايتا ئەكس ئېتىشى مېنى نۇرغۇن ئوي-خىياللارغا غەرق قىلدى. بۇ چۆچەك قارىماققا ناھايىتى ئاددىي، ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرقى خۇلاسىسى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

بىزنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىمىز بويىچە بولغاندا، چۆچەكتە تىلغا ئېلىنغان ياخشى كىشىلەر ئەسلى جازالانماستىن، مۇكاپاتلىنىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇلار نېمە ئۈچۈن يامانلار بىلەن تەڭ ، يەنە كېلىپ ئۇلاردىن بالدۇرراق جازالىنىدۇ؟ بۇ ئويلىنىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلە. ھەرقانداق بىر جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق، قانۇن پرىنسىپلىرى ۋە بىرلىككە كەلگەن ھەرىكەت شەكلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى تەرىپىدىن ئاپتوماتىك يوسۇندا بەلگىلەنگەن ياخشى-يامانلىقنىڭ چەك-چېگرىسىنى پەرقلەندۈرىدىغان ئۆلچەملىرى بولىدۇ. بىز دەل ئۆزىمىز ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ مۇشۇ خىل ئۆلچەملىرىگە ئاساسەن ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنى ياخشى ياكى يامان دەپ تىپقا ئايرىشقا ئادەتلەنگەن. نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە ئىجتىمائىي ئەخلاق، قانۇن پرىنسىپلىرىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان ياكى باشقىلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان، باشقىلارغا ياردەم بېرىدىغان، قولۇم-قوشنىلار بىلەن ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتىدىغان، خىزمەتلەردە تىرىشچان، تۇرمۇشتا چىقىشقاق كىشىلەر «ياخشى كىشىلەر» ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ، خىزمەت ئورۇنلىرىمىزدا ھەمىشە «مۇنەۋۋەر كادىر» ، «ئىلغار خىزمەتچى» دېگەندەك شەرەپلىك نام-ئاتاقلارنىڭ ئىگىلىرىدۇر. شۇنداقلا تۇرمۇشتا زور كۆپچىلىكىمىز ئۆز تۇرمۇشىمىزدا «ياخشى» دەپ قارايدىغان كىشىلەرنى يۇقىرىقىدەك ئەڭ ياخشى نام-ئاتاق، يۇقىرى ئابروي ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى كېرەك، دەپ ئادەتلەنگەن. شۇڭا، بىز ئۇلارنى ئەڭ ياخشى سۈپەتلەر بىلەن ماختايمىز، ئىش-ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىمىز، باشقىلارنى ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە چاقىرىمىز. تۇرمۇشىمىزدا ئۆز نەزىرىمىزدىكى «ياخشى»لار ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىسا، ئۇلارغا بىھۇدە زىيان يەتسە، كۆيۈنچىمىز ئۇلار ئۈچۈن ئاھ ئۇرىمىز.

ئەمدى جەمئىيەتتىكى «يامان» ئاتالغانلارغا قارايدىغان بولساق، ئۇلار بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدىكى «ياخشى»لارنىڭ ئەكسىچە كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئىجتىمائىي ئەخلاق، قانۇن پرىنسىپلىرىغا خىلاپ، جەمئىيەتتە ئۇلارنىڭ ئورنى، ھۆرمىتى، شۇنداقلا قەدىر-قىممىتى يوق. زور كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن يىرگىنىدۇ، ئۇلاردىن قاچىدۇ، ئۇلارنى جەمئىيەتتىكى «يامان سۈپەتلىك ئۆسمە»، جەمئىيەتتىكى بارلىق رەزىللىك، ئىجتىمائىي بۇزۇلۇشلارنىڭ مەنبەسى دەپ قارايدۇ. يەنە كېلىپ ئوغرىلىق، زىناخورلۇق، قىمارۋازلىق، ئىپپىتىنى سېتىش قاتارلىق جىنايەتكارانە قىلمىشلارنىڭ جەمئىيەتلىشىپ كېتىشى، ئەخلاقسىزلىقنىڭ يامراپ كېتىشى ۋە شۇ تۈپەيلى تالاي بەختىيار ئائىلىلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى، ئۆلۈم ۋەقەلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تۈپكى مەسئۇلىيەتنى پۈتۈنلەي ئۆزىمىز يامان دەپ قارىغان ئاشۇ كىشىلەرگە دۆڭگەپ قويۇشقا ئادەتلەنگەن. شۇنداقلا ھەممىمىز قانۇن-ئەدلىيە ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى جازالاشنى، جەمئىيەتنىڭ تىنچ-ئامانلىقى، ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ساپلىقىنى قوغداشتىكى ئەڭ ياخشى تەدبىر، دەپ قارايمىز. ئۆزىمىز «جىنايەتچى» دەپ قارىغان بىرەرسى قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىسا، تۈرمىگە سولانسا ئېچىنىش ئورنىغا خۇشال بولىمىز.

ئەمەلىيەتتە، ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتە «ياخشىلىق» بىلەن «يامانلىق»نىڭ، ياخشىلار بىلەن يامانلارنىڭ تەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ۋە ياخشىلارنىڭ «ياخشى باھا»غا، يامانلارنىڭ جازاغا ئۇچرىشى دىئالېكتىكىلىق قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن. ئەمما ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى ۋە ياخشىلار بىلەن يامانلار نىسبىتىدە مۇئەييەن دەرىجىدە پەرق بولىدۇ. ياخشىلىق كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشقان، ياخشىلار زور نىسبەتنى ئىگىلەيدىغان جەمئىيەت گۈزەل، خاتىرجەم جەمئىيەتتۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان جەمئىيەت بولسا، جىنايەتكە تولغان جەمئىيەتتۇر. ئەمدى بىر جەمئىيەتتىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلىشىشى ۋە ياخشىلار بىلەن يامانلار ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت پەرقىنى شۇ جەمئىيەت قانۇن - ئەدلىيە سىستېمىلىرىنىڭ ئادالەتنى ياقلىشىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقى ۋە جەمئىيەت ئىجتىمائىي ئاپپاراتلىرىنىڭ ياخشى - مۇكەممەل بولۇش-بولماسلى-

www.uyghurkitap.com

لى بەلگىلەپلا قالماستىن، شۇ جەمئىيەتتىكى ياخشىلار بىلەن يامانلارنىڭ جەمئىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ بەلگىلەيدۇ. بىر جەمئىيەتتىكى ياخشىلار بىلەن يامانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ياخشىلار نىسبەت جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن جەمئىيەت ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياخشىلار بىلەن يامانلار مۇناسىۋەت ئورناتقان، يەنى ياخشىلار يامانلارغا ئۈزلۈكسىز تەسىر كۆرسەتكەن جەمئىيەتتۇر. ئەمدى يامانلار نىسبەت جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋالغان جەمئىيەت، ياخشىلار بىلەن يامانلار بىر-بىرىنى چەتكە قېقىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئۈزۈلگەن، ياخشىلار ياخشىلىقنى ئۆزى ئۈچۈنلا ئىزدەپ ، ياخشىلىقنى ئۆزىگە زىننەت قىلىۋالغان جەمئىيەتتۇر. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ياخشىلارنىڭ جەمئىيەت ئالدىدا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئېغىر مەسئۇلىيىتى بولغان بولىدۇ. بۇ مەسئۇلىيەت دەل ياخشىلىقنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش ۋە ئۆگىتىشتۇر. بىر جەمئىيەتتە ئەخلاقسىزلىق ۋە جىنايەت يامراپ كەتكەندە، ئۇنى نوقۇل ھالدا جەمئىيەتنىڭ قانۇن - ئەدلىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاجىزلىقىدىن كۆرۈش ۋە مەسئۇلىيەتنى يامانلارغىلا ئىتتىرىپ قويۇش توغرا ئەمەس. جەمئىيەتتىكى ئەخلاقسىزلىق ۋە جىنايەت يامراپ كەتكەن ۋاقىت، ئەمەلىيەتتە دەل ياخشىلار ياخشى دېگەن نامغا مەستخۇش بولۇپ، ياخشىلىقنى ئۆزىنىڭ شەخسىي زىننەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇرۇۋالغان ۋاقىتتۇر.

بىر جەمئىيەتكە نىسبەتەن ياخشىلىقنىڭ تەرغىب قىلىنماسلىقى، يامانلىقنىڭ ئەدەپ كېتىشىگە رازىلىق بەرگەنلىك بولسا، ياخشىلارنىڭ ياخشىلىقنى ئۆزىنىڭ زىننەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشى ئەمەلىيەتتە جىنايەت ئۆتكۈزگەن بىلەن باراۋەردۇر. چۈنكى ياخشىلار ياخشىلىقنى تەرغىب قىلمىغان جەمئىيەتتە، ياخشىلار ھامان يامانلارنىڭ جىنايەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنى كۆرۈپ تۇرۇپ تاماشىبىنغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇلار ئۆزى بىۋاستە جىنايەت ئۆتكۈزمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ جىنايەتنىڭ كېڭىيىشىنى كۆرۈپ تۇرۇپ توسىماسلىقى يېتەرلىك جىنايەتتۇر. شۇڭا، بىز ياخشىلارغا باھا بېرىشتە، نوقۇل كىشىلەرنىڭ يامانلىق ۋە جىنايەتكىرانە قىلمىشلار بىلەن بىۋاستە شۇغۇللانماسلىقىنىلا ئۆلچەم قىلماسلىقىمىز كېرەك. بىراۋنىڭ ئۆزىنىڭ «ياخشىلىقى» بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، باشقىلارنىڭ «نېمە قىلىشى» بىلەن ھېسابلاشماسلىقى، ئۇنىڭ «ياخشىلىقى» نى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

بىز بۈگۈن ئىجتىمائىي ئەخلاق ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كەلگەن ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچ، مېھىر-مۇھەببەت، ۋەدە-ۋاپا ئاجىزلاشقان، ئاتا-بالا، ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ھايا-پەردىشەپ يىرتىلغان، گۇناھ تۇيغۇسى يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن ، مەنپەئەت بىرىنچى ئۆلچەمگە ئايلانغان، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق پەرقلەندۈرگۈسىز دەرىجىدە گىرەلىشىپ كەتكەن جەمئىيەتتە ياشاۋاتىمىز. ئارىمىزدا بىزنى ھاراق ئۈستىلىگە چىللايدىغانلارمۇ، ئىمان-ئېتىقادسىز دەپ تىللايدىغانلارمۇ كۆپ. بەلكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئىنسان تەبىئىيىتىنىڭ مۇھىم خورۇچى بولسا كېرەك. كىشىلەر ئەڭ رەزىل ، ئەشەددىي قانخور دەپ قارىغان كىشىلەرمۇ ھامان ياخشىلىق، مېھرىبانلىق ئۈستىدە گەپ قىلالايدۇ. ئوخشاشلا كىشىلەر «ئەڭ ياخشى» دەپ قارىغان ئۇلۇغ زاتلارمۇ جىنايەتتىن خالىي بولالمايدۇ. شۇڭا، خۇدا ئىنسانغا تۇۋا پۇرسىتى ئاتا قىلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭغا ئوخشاش بىزنىڭ بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدىمۇ ئوخشاشلا يامانلىق، جىنايەت تۈرلۈك «ساختا ماركا» لار بىلەن سۈپەتلىنىپ تەرغىب قىلىنىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە ياخشىلىق تۈرلۈك قانۇن - قائىدە، پرىنسىپ سۈپىتىدە تەشۋىق قىلىنىۋاتىدۇ. ياخشىلىقنىڭ تەرغىباتچىلىرى توم-توم ئەدەب-ئەخلاق دەستۇرلىرىنى يېزىشىپ، كىشىلەرگە ياخشىلىقنى مەدھىيىلەپ بېرىشىۋاتىدۇ. ئەمما« موللا تولا يەردە قوي ھارام» دېگەندەك، ياخشىلىق ھەققىدە سەپسەتە ساتىدىغانلار كۆپ بولغانسېرى، جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي بۇزۇلۇش ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب زادى نېمە؟

ئەمەلىيەتتە، مەسىلە دەل ياخشىلار ۋە ياخشىلارنىڭ تەرغىباتىدىكى مۇددىئادا. ئارىمىزدىكى ياخشىلىقنى تەرغىب قىلغۇچى زور كۆپ سانلىق كىشىلەرگە قارايدىغان بولساق، ياخشىلىق تەرغىباتى ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىكى سەپسەتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئارىمىزدىكى ھاراق، تاماكىنىڭ زىيىنى توغرىلىق توم-توم كىتاب يېزىپ، باشقىلارغا ھاراق ئىچمەسلىك، تاماكا چەكمەسلىكنى تەرغىب قىلىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى كەچلىك ئولتۇرۇش، قاۋاقلاردىن كېلەلمەيدىغانلار. ئىمان-ئېتىقاد، غايە توغرىلىق سۆزلەيدىغانلار بولسا، غايە، ئېتىقادىنىڭ تايىنى يوقلار. مۇشۇنداق بولغاچقا ئارىمىزدا ياخشىلارنىڭ كۆرسى تۆۋەن. ئۇنىدىن باشقا ، ياخشىلىقنى تەرغىب قىلىش زور كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە باشقىلار ئالدىدا ياخشى تەسىر قالدۇرۇش، ئىناۋەت - ئابروي تىكلەشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ، ئۇلار ياخشىلىق تەرغىباتىنى ئۆزلىرىگە ئىناۋەت تىكلەشنىڭ قورالى قىلىۋالغان. ئەمەلىيەتتە، ياخشىلىق ھەققىدە سەپسەتە سېتىش ھەرقانداق كىشىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. شۇڭا، بىزنىڭ ئارىمىزدا ياخشىلىق ھەققىدە سەپسەتە ساتىدىغانلار كۆپ، ياخشىلىق ھەققىدىكى ئىلمىي نەزەرىيە، تېپلار كۆپ. ئەمما رېئاللىقنى ئۆزگەرتەلەيدىغىنى يەنىلا ئەمەلىي ھەرىكەت. بىزدە

www.uyghurkitap.com

«ھەممىنى موللا بىلەر، موللا قويۇپ كۆلگە سىيەر» دېيدىغان ماقال بار. قاچانكى بىزنىڭ ئارىمىزدىكى بىلىپ تۇرۇپ، باشقىلارغا دەپ تۇرۇپ ئۆزى كۆلگە سىيىدىغان «موللا» لار ئازلايدىكەن، بىزنىڭ رىئاللىقىمىزدىمۇ بۇرۇلۇش بولىدۇ.

دۇنيادا تارىختىن بۇيان ياخشىلىق ھەققىدىكى تەرغىباتلار ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلدى، ياخشىلىق ھەققىدە دېيىلمىگەن سۆز ئاساسەن قالمىدى دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، بۇيەردە يەنە ياخشىلىق ھەققىدە ئۇشۇقچە سەپسەتە سېتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئەمدىكى گەپ ياخشىلار (ئۆزىنى ياخشى دەپ قارايدىغانلار ۋە باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى ياخشىلار) دا قالدى. ياخشىلار ئاگاھ بولۇڭلاركى، ياخشىلىق سىلەرنىڭ زىنىنتىڭلار ئەمەس. سىلەر قاچانكى ياخشىلىقنى ئۆزۈڭلارنىڭ زىنىنتى دەپ قارايدىكەنسىلەر، باشتىكى چۆچەكتە تىلغا ئېلىنغانغا ئوخشاش جازا مەيداندىكى تۇنجى جاۋابكار بوپقالىسىلەر. ئەگەر ياخشىلىق تەرغىباتىنى ئۆز بۇرچۇڭلار دەپ قارايدىكەنسىلەر دۇنيانى قۇتقۇزۇپ قالالايسىلەر.

2003-يىل 17-ئىيۇن، شەھىرى خوتەن

# خاتىرەمدىن تەرەپچىلەر

▲ ئۆزىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشىنى ئارزۇ قىلىپ ياشايدىغان ئادەملەر روھىي پىيەنچۈكتۇر. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئارزۇ-غايىلىرى، ئېتىقاد - مەيدانىمۇ گويا سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈككە ئوخشايدۇ.

▲ ئۆز دەۋرىنىڭ ئازابىنى ئەڭ چوڭقۇر ھېس قىلالىغان ئادەملا شۇ دەۋرنىڭ ھەقىقىي دانىشمەنىدۇر.

▲ ئەقىل ھەممىنى ھەل قىلالايدىغان بولسا، پەيغەمبەرنىڭ نېمىگە كېرىكى بولاتتى؟

▲ كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈدىغىنى ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەر ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ نەپسىدۇر.

▲ ئۆز ئېلىگە خىيانەت قىلمىغان ئادەملا ھەقىقەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

▲ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشقا كۆپىنچە ئىككى نەرسە توسالغۇ بولىدۇ: بىرى، تەكەببۇرلۇق، يەنە بىرى جاھىللىق. تەكەببۇرلۇق كۆپىنچە بايلىق، ئەمەل-مەنسەپ، يۈز-ئابرۇيىنىڭ مەھسۇلى. جاھىللىق بولسا ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئىدىيە، كۆز قاراش، ئەنئەنە ئۈستىدىكى پىكىرنىڭ قېتىپ قالغانلىقىنىڭ مەھسۇلى.

▲ ھازىر نېمىشقا بۇرۇنقىدەك پۈتكۈل دۇنيا بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان پەيلاسوپ - مۇتەپەككۇرلار مەيدانغا كەلمەيدۇ؟ چۈنكى بۇرۇنقى پەيلاسوپ - مۇتەپەككۇرلارغا نىسبەتەن دۇنيا چەك-چېگرىسى، ئادەم ئايرىمىسى يوق بىر پۈتۈنلۈك ئىدى. ئۇلار دۇنياغا مەنسۇپ ئىدى. ئەمما ھازىرقى مۇتەپەككۇر - پەيلاسوپلار ھەرقانچە پىكىر يۈرگۈزسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى ئۆزى مەنسۇپ چېگرىدىن پۈتۈنلەي ھالقىپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ، ئۇلار دۆلەتكە مەنسۇپ. بۇ ئەمەلىيەتتە، بۈگۈنكى دۇنيا مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئورتاق كرىزىسى.

▲ ئايال كىشى - ئۇ يا پەرىشتە، يا ئالۋاستى.

▲ ھەيرانمەن، يىللار ئۆتۈپ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە ياغلىق ئارتىشنىڭ ئاياللار ئۈچۈن ئېغىر ھەم نومۇسلۇق ئىشقا ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن.

▲ دۇنيادا ئۆزىنىڭ نېمىگە موھتاجلىقىنى بىلمىگەن ئادەمدىنمۇ بىچارە مەخلۇق بارمىدۇ؟

▲ بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئاخبارات، ئۇچۇر ۋاستىلىرى نۆۋەتتە «يادرو قورال» بىلەن تەڭداش تۇرۇدىغان بويسۇندۇرغۇچى قورالدۇر.

▲ ئادەمنىڭ ئۆز كۆزقارىشى ۋە مەيدانىنىڭ توغرا-خاتالىقىدىن گۇمانلانغاندا، ئەڭ ئاسان خاتالىشىدۇ.

▲ ھەممە ئادەم قۇياشنى كۆرەلەيدۇ، ئەمما ھەممىلا ئادەمنىڭ قۇياشنىڭ نېمە ئۈچۈن شەرقتىن چىقىپ غەربكە پاتىدىغانلىقىنى كۆرەلىشى ناتايىن.

▲ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشكە ئېرىشەلىگەنلىكىنى بىلمىگەن ئاياللار سۆيۈشكە ئەرزىمەيدۇ.

▲ ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئوتتۇرىسى شەيتاننىڭ پائالىيەت سورۇنى.

▲ ئەر-ئاياللىق مۇھەببەت يولىدا قول بوپكەتكەن ئەركەكلەرنى ھەقىقىي ئەركەكلىك كاتېگورىيىسىدىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك. چۈنكى ئەركەكلەر مۇھەببەت ئۈچۈنلا ئەمەس، دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يارالغان.

▲ تارىخ يارىتىش ئۈچۈن يا ئۆزىنىڭ قېنىدىن كېچىشكە يا باشقىلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە توغرا كېلىدۇ.

▲ پەقەت قان تۆكۈشتىن قورقمايدىغان ئادەملا ھۆكۈمران بولالايدۇ.

▲ ئادەم بىلىمسىز بولسا قەدىرسىز بولىدۇ، پەزىلەتسىز بولسا ھۆرمەتسىز بولىدۇ، بىلىملىك بولۇپ پەزىلەتسىز بولسا قورقۇنچلۇق بولىدۇ.

2003-يىل 16-ئىيۇن، شەھىرى خوتەن

---

*باش ماۋزۇ باش مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى

ئاپتور: خوتەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تىلماچى(M1)



# ئەقىل مېۋىلىرى

## ئەركىن پىكىرلەر

▲تۇغۇت ئۇستىدە جان ئۈزگەن بارلىق ئانىلارغا «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ نام بېرىش كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

▲ھەممە يەر بۇزۇقچىلىق بىلەن تولغان مۇشۇنداق بىر زاماندا ئون نەپەر ئەرنىڭ ئويغانغىنىدىن بىر نەپەر ئايالنىڭ ئويغانغىنىنى ئەۋزەل كۆرىمەن.

▲ قانداق ياشاشنى بىلمىگەن ئادەملا ئۆلۈمدىن قورقىدۇ.

▲ باشقىلار ئۈچۈن قۇربان بەرگەنلەر ھەقىقىي ئالىيجاناب ئىنسانلاردۇر؛ ئۆزى ئۈچۈن قۇربان بەرگەنلەر چىن ئىنسانلاردۇر.

### ئەيىبكور كۆرۈن

▲ ئۆز ئەقىدىمىزگە ، ۋەتەن، مىللىتىمىزگە بىر قىزغا ئەقىدە باغلىغانچىلىك ئەقىدە باغلىغان بولساق، بۇ دۇنيا نېمىگە ئايلىنار ئىدى؟

▲ پۇل تېپىشقا ھەقىقىي ئەقىل-بىلىم كېرەك بولسىدى، بىزنىڭ شۇ بايلىرىمىز ئاللىبۇرۇن ئالىم بولغان بولاتتى.

▲ ئۆزىنىڭ قەلبىدىكىنى شېئىر ئارقىلىق ئىپادىلىگىنى شائىر ئەمەس، بەلكى ئۆز خەلقىنىڭ قەلبىدىكىنى شېئىر ئارقىلىق ئىپادىلىگەن شائىر ھەقىقىي شائىردۇر.

▲ بىزگە ھەدېسىلا ئۆزىنىڭ ئىچىگە سىغدۇرالمىغان سېسىق گەپلىرىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايۋاتقان خەلقىمىزگە ۋايساپ بېرىدىغان يازغۇچى ئەمەس، بەلكى شۇ خەلقنىڭ ئىچىگە پاتمىغان يۈرەك سۆزلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان يازغۇچى كېرەك.

▲ ئاللا ئەرلىرىمىزنى ئۆمرىدە بىرەر قېتىم تۇغۇدىغان قىلىپ ياراتقان بولسىدى، بەزى ئەرلىرىمىز ئاياللارنى ئۇنچىۋالا خارلىمىغان بولاتتى.

**- ئابدۇلېتىپ ئابدۇۋارىس ماكانىي**

---

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئالىي كەسپىي ماارىپ ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىسى

## تېپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ بىرى ساڭا ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ساداقىتىنى پەش قىلسا، ئۇ ھالدا ئۇ، بىر بولسا ساڭا خائىنلىق قىلدى، يەنە بىر بولسا خائىنلىق قىلىشنى ئويلاۋاتىدۇ.

▲ ئەي قىز، سەن مېنىڭ كۆڭۈل ئىزھارىمغا جاۋابەن: «سىزگە پەقەت كۆڭلۈم يوق!» دېگەن شۇ كۈنى مەن سېنى ھەسسىلەپ ياخشى كۆرۈپ قالغان كۈن. چۈنكى سەن راست سۆزلەشكە پېتىنىغانتىڭ.

▲ ئادەملەر ئالدىدا ئۇيۇلۇش قالقان، ئۆز-ئۆزىدىن ئۇيۇلۇش ۋىجدان.

▲ بۈگۈنكى ئەركەكلىرىمىزنىڭ ئاياللىنى ھاقارەتلەنسە، ئانىسى ھاقارەتلەنگەندىن بەكرەك غەزەپلىنىدىغانلىقىنىڭ راستلىقىنى تەن ئالساڭ، مەن ساڭا ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ ئەتىسى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىمەن.

▲ ئەي يىگىت، سەن ئالىم-ئالىمە، دوكتور-دوكتورەلەرگە ئاتا بولۇشنى ئويلامسەن، ئۇنداقتا ئۆمۈرلۈك ھەمراھىڭنى چىرايىغا، مودىلىقىغا ئەمەس، پەزىلىتىگە قاراپ تاللا!

▲ سەن ھەق جازادىن قېچىپ تۇرۇپمۇ يەنە ئادىللىق تەلەپ قىلامسەن. ئۇنداقتا سەن جاۋاب بەر: «ئادىللىق» دېگەن نېمە؟

▲ بۇرۇن ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى ئوقۇپ، ئالۋاستىلارنىڭ چېچىنىڭ قىزىل بولىدىغانلىقىنى بىلگەنىدىم. ھازىر، بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ مەۋجۇد رېئاللىقتىمۇ شۇنداق قىزىل چاچلارنى ئۇچرىتىپلا تۇرىدىغان بولدۇم. مەن ئويلاپ قالدىم: «ئالۋاستى قىزلىرىمىزغا ئايلىنىپ قالدىمۇ ياكى قىزلىرىمىز ئالۋاستىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتامدۇ؟»

▲ قۇش قەپەستىن چىقىپ كېتىشنى تىلەپ تىنىمسىز ۋىچىرلايدۇ، ئۇيان-بۇيان ئۇچىدۇ. ئەمما ئۇ شۇنى بىلىپ يېتەلمەيدۇكى، شۇ ۋىچىرلاشلىرى ۋە ئۇچۇشلىرى ئۇنى تېخىمۇ قەپەسكە مەھكۇم قىلىدۇ.

▲ مېنى ئەڭ تەشۋىشلەندۈرۈدىغىنى: خەلقىمىزنىڭ دىنىي روھقا شۇنچە باي، ئەمما دىن روھىغا شۇنچە نامراتلىقى.

**- ئەكبەرجان ئەخمەتنىياز ئۇيغۇر تاپمىش**

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ئىنسان نېمىنى ئىسراپ قىلسا، نېمىنىڭ قەدرىگە يەتمىسە، شۇنىڭ خارلىقىغا ئۇچرايدۇ، شۇ نەرسىگە خارۇ-زار ھالدا موھتاج بولىدۇ.

▲ ئىنسان ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ قىممەتلىك دەپ بىلگەن نەرسىسىنى ئەڭ پىنھان، ئەڭ يوشۇرۇن ساقلايدۇ.

**- ئابلىكىم ئابلىز**

---

ئاپتور: باي ناھىيە سايرام بازار يېڭىباغ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ھەسرەت ئادەمنى يا ئۇنسىز قىلىۋېتىدۇ، يا سۆزمەن قىلىۋېتىدۇ.

**- ساۋۇتجان ئىسلامىي**

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھىرى مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ خادىمى

▲ قانۇن – ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسى بولماستىن، بەلكى خەلق ئىرادىسىنىڭ ئەكس ئېتىشى ۋە ھەرىكەت قىبلىنامىسى بولغاندىلا ئاندىن ھەممە ئادەم قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولالايدۇ.

▲ ھەرخىل گىرىم-پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ كۆپىيىشى، ئىچىملىكلەرنىڭ سەرخىللىشىشى ۋە كىيىم-كېچەكلەرنىڭ رەڭدارلىقى – ئىنسان بەدىنىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنىڭ بەلگىسى.

**- رەخىمجان بارات**

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسىي – ماارىپ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ قىز-ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى ساختا مۇھەببەتتە قىزلار ماختاشنى، ئوغۇللار ئالداشنى ياخشى كۆرىدۇ.

**- مۇھەممەتئەزىز مەھمۇت**

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

▲ ھەرقانداق بىر ئۇرۇش ئاخىرقى ھېسابتا تىنچلىقنى ئۆزىگە مەقسەت قىلغان، تىنچلىق بولسا ئۇرۇشنى ئۆزىگە قالقان قىلغان بولىدۇ.

▲ باللار سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە: «ئۇلار تېخى كىچىك، ئىش ئۇقمايدۇ» دېدۇق. ياشلار سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە: «ياشلار قىزىققان كېلىدۇ، ئالدىراقسانلىق قىپتۇ» دېدۇق. قېرىلار سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە: «زامان تەرەققىي قىلىدۇ، دەۋر ئوخشىمايدۇ»

www.uyghurkitap.com

دېدۇق. ھەممىسىگە باھانە تاپتۇق، شۇسەۋەبتىن سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمىدۇق.

▲ ئادەمنىڭ بالىلىق چاغلىرى چۈچەككە، ياشلىق چاغلىرى خۇددى شېئىرغا، قېرىغان مەزگىلى بولسا تارىخ ۋە پەلسەپىگە ئوخشايدىكەن.

**- ياسىنجان ئۆمەر**

---

ئاپتور: پېچان ناھىيە تۇيۇق يېزا 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ تېببىي ئىلىم تەرەققىي تېپىپ كېسەللىكنىڭ نامى (تۈرى) كۆپەيگەندەك، جەمئىيەتتە قانۇن-نىزاملار كۆپەيگەنسېرى جىنايەتنىڭ تۈرى كۆپىيىۋاتىدۇ.

▲ دېھقانلار مۇنداق ئۈچ چوڭ ئاپەتكە ئۇچرايدۇ: بىرى، تەبىئەت ئاپىتى، يەنە بىرى دىن تونىغا ئورۇنۇۋالغان ئىشانلارنىڭ مەنىۋى ئاپىتى، يەنە بىرى بولسا، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ سىياسىي-ئىقتىسادىي ئاپىتىدۇر.

▲ يىغىسىنى يوشۇرغانلار باتۇر، كۈلكىسىنى يوشۇرغانلار ھەقىقىي دانالاردۇر.

▲ كىشىلەر ياشلىقنى باھارغا ئوخشىتىدۇ. بىراق باھار بۇيىل كەتسە كېلەر يىلى يەنە كېلىدۇ. ياشلىق بولسا خۇددى ئاتقان ئوق، بىر كەتسە قايتمايدۇ.

▲ نۇرغۇن كىشىلەر ھەق ئېگىلەر دېگەنگە ئوخشاش، ھەقىقەت ئىشىكىدىن ئېگىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

▲ دېھقان - خان ئاتىلىپ تۇرۇپ ئەڭ جاپا چېكىدىغان ئىنسان.

**- ھاشىمجان رەھمەت**

---

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھەممە نەرسىنىڭ مەنبەسى بولغىنىدەك، ئەلۋەتتە جىنايەتنىڭمۇ مەنبەسى بولىدۇ: جەمئىيەتتە بايلارنىڭ پىخسىقلىقى ئوغرى-قاراقچىلارنى ئاۋۇتسا، تويي رەسمىيەتنىڭ ئېغىرلىقى بۇزۇقچىلىقنى ئاۋۇتىدۇ، ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىكى توپىلاڭچىلارنى ئاۋۇتىدۇ.

**- سەئىدۇللا مامۇت**

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە «شىلى» باختا تۇقۇمچىلىق ھەمسىدارلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ قوغداش خادىمى

## ئەقىل ئۈنچىلىرى

▲ ئۆز تەقدىرىنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلمىگۈچىلەر ئۆز تەقدىرىنىڭ باشقىلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغۇچىلاردۇر.

▲ ئادەم تالانتىنىڭ تەبىئىي بولۇدىغانلىقى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇمكىنلىكىگە قەتئىي ئىشەنگەن بولساق، ئىسمىمىزنىڭ ئالدىغا «تالانتلىق، ئىقتىدارلىق» دېگەن يالتىراقنى پەشتاما قىلمىغان بولاتتۇق.

▲ كۈرەش قىلمىغان ئادەم بەخت خىيالىدا قەپەسكە سولانغان قۇشتۇر.

▲ پەخىرلەنگۈچى ئۆز ئۆۋىتىدە پەخىرلەندۈرگۈچى بولۇشى كېرەك، بولمىسا ئۇ مەڭگۈ تارىخ يادلايدۇ.

▲ مىللىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تارىخ - بىر مىللەتنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئالدىدا نەسىل قالدۇرۇشىدۇر.

▲ ئىشلىمىگەن مېڭە رولسىز ماشىنىغا ئوخشاش ئادەمنى ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ھاڭلارغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ.

▲ كۈچلۈكلەر تارىخ ماشىنىسىنىڭ شوپۇرلىرى، رىقابەت ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالغانلار تەرەققىيات ماشىنىسىنىڭ بىچارە ياردارلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ زامانغا لايىق مەنىۋىيىتى ئۆزىنى داۋالايدىغان بىردىنبىر دوختۇردۇر.

▲ «ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەپتۇ» دېيىش ئاجىزلارنىڭ كۈچلۈكلەر ئالدىدا ئۆزىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئېتىراپ قىلىشىدۇر.

▲ رىقابەت - زاماننىڭ ئەگلىكى.

**- ئىمىن تاجى**

---

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە بۇلاقسۇ يېزىسىدا، دېھقان

## تېپەككۇردىن تامچىلار

▲ ئادەم ئۆز خاتالىقىنى تونۇغاندا، ئارزۇ-ئارمانلىرى دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەن ئالتۇنغا ئوخشايدۇ.

▲ ئادەم مىلتىقنى ئۆزى ياساپ يەنە شۇ مىلتىقنىڭ قوماندانلىقىدا ياشايدۇ.

▲ ئوقۇتقۇچى ھەقىقىي ئۇستاز بولغان چاغدا، كۆز ئالدىدا بىرمۇ ئەسكى ئوقۇغۇچى كۆرۈنمەيدۇ.

▲ سەن قوغلىغان مۇھەببەت پارنىكتا ئۆسكەن گۈلگە ئوخشايدۇ. سېنى قوغلىغان مۇھەببەت سوۋغا قىلغان گۈلگە ئوخشايدۇ. سەنمۇ قوغلىغان، سېنىمۇ قوغلىغان مۇھەببەت يۈرىكىڭدە ئېچىلغان گۈلگە ئوخشايدۇ.

▲ ئون تال مىلتىق سوۋغا قىلغاندىن كۆرە بىر تامچە ئەقىل سوۋغا قىلغان ئەۋزەل. چۈنكى مىلتىق ئەقىلنىڭ تامچىسى.

▲ گېنېرال مىلتىقنىڭ بېسىمى بىلەن، ئوقۇتقۇچى بىلىمنىڭ كۈچى بىلەن ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدۇ.

**- ھۈسەنجان نامان**

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ئۇرۇش كۆپىنچە كىشىلەرگە ياقمايدۇ، ئەمما ئۇمۇ بىر خىل تىنچلىق ۋاستىسى، چۈنكى ئۇرۇش ئارقىلىق ئەركىنلىك قولغا كېلىدۇ ھەمدە زالىم-زوراۋانلار يوقىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

▲ مەرد مەيداندا بىر قېتىم يەڭسە، ھەسەتخور پىنھاندا تۇرۇپ مىڭ قېتىم ئۆلىدۇ.

▲ قورقماس - يۈرەكلىك كىشىلەر بىر بولسا ئەقىللىق، بىر بولسا ئەك دۆت.

▲ ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىكى بەزى ئاتا-ئانىلار باشقىلار ئالدىدا بالىلىرىنىڭ يامان گەپلىرىنى قىلىپ ھەسرەت ياشلىرىنى تۆكىدۇ. ئەپسۇسكى، ئەينى چاغلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-ئانىلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى، بالىلىرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى قانداق ئادا قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپلا قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل دەرد تۆكۈش بالىلارنىڭ يۈز-ئابرويىنى تۆكۈشتىن باشقا ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ.

**- مۇھەممەتتوختى ئاتاۋۇللا**

ئاپتور: خوتەن ناھىيە سىغىز كۆل يېزا ئورنۇش مەھەللىسىدە، دېھقان

▲ بۇرۇن مۇھەببەت ئىككى يۈرەكنىڭ تەڭ سوقۇشىدىن ھاسىل بولغان جاراڭلىق سادا بولغان بولسا، ھازىر بىر يۈرەكنىڭ يەنە بىر يۈرەكنى چېكىپ بېقىشىدىن ھاسىل بولغان يېقىمسىز سادا بولۇپ چىقىۋاتىدۇ.

▲ قىزلارنىڭ ئىپپەت سارىيى ئەلى بابانىڭ ئالدىدىكى سېھىرلىك ئۆڭكۈردەك ئۆز سېھرىنى يوقىتىپ، كىم ئېچىلىش سىرىنى بىلىۋالسا ئېچىلىپ، ئۆزىدىكى قىممەتلىك بايلىقلارنى تەقدىم قىلىۋېتىدىغان نادان سېخىيلارغا ئايلىنىپ قالدى.

**ئابلىمىت ۋاھىد**

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

▲ . . . يولدىن ئادىشىپ قالغانلارمۇ تەلەيلىك-كەن، چۈنكى ئۇلار يېڭى بىر يول تاپالايدىكەن; پەقەت ھۇرۇن بولمىسىلا.

**- ئوغۇلنىسا**

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپى ئالىي تېخنىكوم 2001-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دۇنيادا ھەممە كىشى يامان دەيدىغان ئادەم يوق. ھەممە كىشى ياخشى دەيدىغان ئادەممۇ ھەم يوق.

▲ بۇرۇن سۆزلىگەندىن قورقما، پۇرسەت كېلىدۇ. بۇرۇن ئورغاندىن قورق، پۇرسەت كېتىدۇ.

▲ يىراقتا نەزەر سال ئۆگىنىسەن، يېقىننى كۆزەت، چۈشىنىسەن.

▲ ئەي يىگىت! بىراۋنىڭ چاپىنىدا تەرلىمىگىن. بىر كۈنلەردە ئۇ تەر پېشانەڭدە مۇز بولۇپ قاتىدۇ.

**- ئابلاجان ئابدۇرېھىم**

ئاپتور: ئاتۇش شەھەرئۇستۇنئاتۇش يېزا قايراق ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى

## تېپەككۇردىن تامچىلار

▲ تەرەققىيات خۇراپىي نادانلارنى تۈگەتمەي تۇرۇپ، زامانىۋى نادانلارنى كۆپەيتىپ قويىدى.

▲ بىرسى ئەنئەنە، ئۆرپ-ئادەت دەپ ئەتراپىدىكى يېڭىلىق ۋە ئۆزگىرىشلەرگە پەرۋاسىزلىق بىلەن قاراپ، دەۋرنىڭ كەينىدە قېلىۋاتىدۇ. يەنە بىرسى مەدەنىيەت، يېڭىلىق دەپ قاراپ ھەممىنى قارا-قويۇق قوبۇل قىلىپ، ئۆزلۈكتىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئالدىنقىسى يوقايدىغانلىقىنى، كېيىنكىسى يوقاۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. مانا بۇ پاجىئە بولماي نېمە؟

▲ مېڭىشنى بىلمىسەڭ ئۆزگىلەرگە تايىنىپ ياشايسەن، ئۆزگىلەرگە تايىنىپ ياشساڭ سېنىڭ ھېچقانداق ھوقۇقۇڭ بولمايدۇ. شۇڭا مېڭىشقا ھەرىكەت قىل. چۈنكى ھاياتلىق ھەرىكەتتە.

**- مەغپىرەت مەھمۇت**

ئاپتور: لوپ ناھىيە ئاشلىق-ماي سېتىۋېلىش - ساقلاش چەكلىك شىركىتىدىن

* * *

▲ ئۆزىنى خۇشال قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم قانداقمۇ باشقىلارنى خۇشال قىلالىسۇن. ئۆزىنى ئويلىمىغان ، ئۆزىنىڭ ھالىغا يېتەلمىگەن ئادەم قانداقمۇ باشقىلارنى ئويلىسۇن، ھالىغا يېتەلىسۇن. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ بىچارە ئادەم بولمىسا كېرەك.

**- ئابدۇكېرىم ناسىر (مىسكىن)**

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كاۋاك يېزىسىدا، دېھقان

▲ ئادەم بىرى قاتتىق غەزەپلەنگەندە، بىرى قاتتىق ھاياجانلانغاندا شەيتاننىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

**- ئابدۇرەھمان ناسىري**

ئاپتور يېڭىسار ناھىيە بازار ئىچىدىن، تىجارەتچى

▲ ئىت كۈچىكى چىشىدىن تونۇلسا،
ئىنسان بالىسى ئىشىدىن تونۇلار.

▲ ئىشەنچ بولسا ھەقىقىي دوستلۇق، چىن مۇھەببەتنىڭ كۆۋرۈكى، تىل ئۆگىنىش بولسا، بىلىم ئۆگىنىشنىڭ كۆۋرۈكى.

▲ پەقەت بايلىقنىڭ ئازلىقىغا ئازابلانماي، ئەقلىنىڭ ئازلىقىغا ئازابلانغان، ئۆمرىنىڭ ئازلىقىغا ئازابلانماي، ھۈنىرىنىڭ ئازلىقىغا ئازابلانغان ئۈمىدۋار، ئىرادىلىك، مەسئۇلىيەتچان ئادەملەرلا ئۆزىنى ھەم كەلگۈسىنى يارىتالايدۇ.

**- جاھانباي ماشەك**

ئاپتور: قىرغىز، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

## تېپەككۇردىن تامچىلار

▲ ئادەمنىڭ نەزەرگە ئېلىنىش - ئېلىنىماسلىقى باشقىلارغا بەرگەن تەسىرىنىڭ قانداقلىقىغا باغلىق.

▲ تۈلكىنىڭ قۇۋلۇقى رەقىبى ئۈچۈن ئەقىلدۇر.

▲ بەخت كەلگەندە ئۇنى تۇتۇشنى بىلمىگەن

ئادەملا: «بەخت قايەردە؟» دەپ توۋلايدۇ.

▲ ئېيتاي دېسەڭ كۆڭلى رەنجىيدۇ، ئېيتماي دېسەڭ ئۆزىنى بىلمەيدۇ.

▲ يوچۇق سېنىڭ پايدىلىنىشىڭ ئۈچۈندۇر.

▲ ئۆزۈڭدىن پەخىرلەنگىنىڭ ۋە قانائەت ھاسىل قىلغىنىڭ رەقىبلىرىڭ ئۈچۈن پۇرسەتتۇر.

▲ ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزى توزاق قۇرۇپ، يەنە ئۆزى شۇ توزاققا دەسسەيدۇ، ئاندىن تەڭرىدىن ئاغرىنىدۇ.

— ئۇيغۇر غۇلامشاھ

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

## ھايات ھەقىقەتلىرى

▲ ئورتاق كۈلكە كىشىلەرنى تەقدىرداش قىلالمىسىمۇ، ئورتاق يىغا كىشىلەرنى ئاسانلا تەقدىرداش قىلىپ قويىدۇ.

▲ كەڭ قورساق كىشى كۆڭۈلدىن باشقا يەنە ئەلگىمۇ شاھ بولالايدۇ.

▲ ئۆزىمىز يەردە، تىلىكىمىز ھامان كۆكتە — مانا بۇ بىز ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئەزەلىي ناخشا.

▲ ئەركىنلىك — تەڭرىنىڭ ئىنسانغا ئۆتكەن تۇنجى دەرسى.

▲ تەجرىبە سەپسەتىنى يەڭگەن ۋە ھەقىقەتنى يېڭىلىغان. شۇڭا سەپسەتە ھەقىقەتنىڭ بوسۇغىسى.

▲ سۈكۈت — تەڭرى مۇھەببىتىنىڭ ئەڭ يېقىملىق كۈلكىسى. لېكىن ئۇ تەڭرىگىلا خاس.

▲ بالىلارنىڭ ئاۋازى كەلگۈسىنىڭ خىتابىدۇر.

▲ روھىي جەھەتتىن پىشمىغانلارنىڭ ئىرادە قورغىنى تولىمۇ ئاجىز كېلىدۇ.

▲ ئىنسان چەكسىز ئەركىنلىككە ئىگە، ئەمما ئۇچالمايدىغان قۇش.

▲ موھتاجلىق — ئاجىزلىقنىڭ غېرىبانە كۆرۈنۈشى.

▲ يىللار، ئەسىرلەر ئۆتتى، لېكىن يەنىلا قايتىلىنىۋاتقان تارىخ ئۇنتۇپ قېلىنىۋاتىدۇ.

▲ مۇھەببەتنىڭ پۇل بىلەن ئۆلچىنىشى بارلىق ئەخلاقسىزلىقنىڭ بېشى.

▲ بىر-بىرىگە باش قويغانلارنىڭ كۆپلىكىدىن مۇھەببەت بىر چەتتە قايرىلىپ قېلىۋاتىدۇ.

▲ ئىللەت — دۈشمەن ئۈچۈن يەمچۈك. شۇنىڭ ئۈچۈن خەپشۈك!

▲ بىر مىللەت تىلىنىڭ گۈزەللىكى ۋە كېيىنكى تەقدىرى شۇ مىللەت سەنئىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

▲ جىسمانىي تەلەپلىرىمىز تولىمۇ تەبىئىي، روھىي تەلەپلىرىمىز غايىۋى، تەبىئىيلىكىمىز بىزنى گۈزەللەشتۈرسە، غايىۋىلىكىمىز جۇلالىنىپ كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. لېكىن تەبىئىيلىكىمىز غايىۋىيلىكىمىز قوينىدا ئۇخلاۋاتقان بولىدۇ. ئۇيقۇ مەيلى قانچىلىك ئۇزاق داۋاملاشسۇن، چۈشلەر مەيلى قانچىلىك تاتلىق پاكى قاباھەتلىك بولسۇن، بەربىر، جىسمانىيەت مەڭگۈ چوڭ بولمايدىغان كەپسىز بالا، روھىيەت بولسا تاتىرىپ — سارغىيىپ، ئاچچىقلىنىپ ھەتتا چالۋاقاپ ئىنىسىنى بەزلەۋاتقان مېھرىبان ھەدە.

▲ دېموكراتىيە — ياخشى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنى.

▲ پاسكىنا سۆزلەرنى دېيىش روھنى چىرىتىدۇ.

▲ تەبىئىيلىك يوق يەردە چىنلىقتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

▲ تىل مىللەتكە، يېزىق بىلىمگە بولغان ھۆرمەت ۋە مىللەت تۇيغۇسىنىڭ ئىپادىسى.

▲ ۋاقىت — تەقدىر ئارغامچىسىنىڭ باش ئۇچى.

▲ ئەرلەردىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك ئاياللارنى تالاغا قاراتسا، ئاياللاردىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك ئەرلەرنى تالاغا قارىتىدۇ.

▲ كىشىلەرنىڭ ئاڭسىزلىقىنى قانۇنلارنىڭ كۆپلۈكى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

▲ قەھرىمانلار — غەزىپىنى لازىم بولغاندا ئىپادىلەشنى بىلىدىغان كىشىلەردۇر.

▲ ھاياجانلىنىش بىلەن ئەقىل قەلبتە تەڭ ئورۇن تۇتسا دوست بولىدۇ، قەلبتىن سىرتقا تەڭ چىقسا بىر-بىرىنى تاشلىۋېتىدۇ، بىرى چىقىپ يەنە بىرى چىقمىسا، قەلب تارى ئۈزۈلىدۇ.

▲ قانائەت — شەيتاننىڭ ئەمچىكى.

▲ چىقىش ئاسان بولغان بىلەن چۈشمەك تەس. چۈنكى چىقىش شەرەپ، چۈشۈش نومۇس.

▲ ئازاب چېكىۋاتقان قەلب — يېگانە ئارالدىكى كىشى، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىنى ئېلىشىش.

▲ تەرەققىيات — ئىنسانىيەت ئىجادىدىن ئىلگىرى كېتىۋاتقان ئەمەلىيەتنىڭ يېڭىچە ئىسمى.

▲ ھايۋانلارمۇ ئورۇقىنى قۇرۇتماسلىق ئۈچۈن كۆيلەيدىكەن، ياخشى ئىدىيەمۇ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن تەشۋىق قىلىنىشى كېرەك.

▲ بىپەرۋالارنىڭ خورىكى ئىسرابىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەرىسىدۇر.

▲ بەزى دانالار ھەقىقەت ئىزدەپ قېرىپ كېتىدىكەن، يەنە بەزى دانالار ئوچۇق ھەقىقەت ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىپ قېرىپ كېتىدىكەن، لېكىن شەيتان بىلەن ھەقىقەت ھەر ئىككىلىسىگە كۈلۈپ قويىدىكەن. مانا بۇ، ھەقىقىي مەنىدىكى تەقدىر.

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ دۇنيانى شۇنچە لاۋزا قىلىۋەتكىنى مىشچانلارنىڭ كۆز يېشى.

▲ بىر ئادەم ئۆزىدىكى بارلىق ساختىلىقلارنى چۆرۈپ تاشلىغىنىدا، ئۇ بىز ئەڭ ئۇياتلىنىدىغان ئادەم بوپقالىدۇ.

▲ ئېنىقكى، تارىخنىڭ بېشىمۇ، ئاخىرىمۇ ئۆزىنى بىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

▲ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى تىل بولغىنىدەك، ھازىرقى ئەڭ كۆپ ۋەيرانچىلىقنى ئۇچرىغىنىمۇ يەنىلا تىل.

▲ ئۆزىنى چۈشەنمەيدىغانلار ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنىلا ئېتىراپ قىلىپ، سۇبيېكتىپ قانۇنىيەتنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلار ياكى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدىغان كىشىلەردۇر.
▲ دانالار سۆيگەن رېئاللىقنى نادانلار چۈشىدە كۆرىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي بەختسىزلىكنىڭ ئىپادىسى.
▲ شائىرلار ئادەتتىكى ئادەملەردىن تىلىدىكى گۈزەللىك، قەلبىدىكى ئازاب ئېڭى بىلەن، ئاشىقلاردىن چەكسىز ئەركىنلىكى بىلەن، ساراڭلاردىن ئالىي مەقسەتدارلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ.
▲ تەبىئىي بولالمىغانلار سۈنئىيلىكنىڭ ئەۋرىشكىسى بولالايدۇ.
▲ بارلىق يوقىتىشلارنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى قانداق سۆيۈشنى بىلمەسلىك.
▲ ئەخلاق - تەبىئىي قانۇنلارنىڭ ئىزاھاتى، ئىجتىمائىي قانۇنلارنىڭ راۋاجى.
▲ ئۆزلۈك ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەرنى دۈشمەن قىلىۋېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىگىن، بولمىسا، سەن ئىككىنچى قېتىم يەنە مەغلۇب بولىسەن.
▲ بوغۇلغان روھتىن ئازاب، يېڭىدىن تۇغۇلغان روھتىن يېڭى - يېڭى نەرسىلەر پايدا بولىدۇ.
▲ تەقدىر - بىز قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**- ئابدۇرېھىم قادىر**

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە ناۋا يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى.

* * *

▲ پەرزەنتلىرىمىزگە قويۇۋاتقان ئىسىملارنىڭ زامانىۋىلىشىپ بېرىشى - ئۆزلۈك ئېڭىمىزنىڭ ئۆلۈۋاتقانلىقىنىڭ بىشارىتىدۇر.
▲ دەم ئېلىش، پېنسىيەگە چىقىش - غايە-نىشانسىزلار ئۈچۈن غېرىبلىقنىڭ باشلىنىشى، ھاياتنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىكى جان تالىشىشنىڭ باشلىنىشى بولسا، غورۇر - ئېتىقادلىقلار ئۈچۈن ئۆزگە قايتىشنىڭ چاقىرىقنامىسى ھەمدە يېڭى بىر ھاياتلىق يولىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

**- ئېزىز تۇردى**

---

ئاپتور: خوتەن ماائارىپ ئىنستىتۇتى ئوقۇتقۇچىسى

▲ مۇھەببەت ئۆز قۇدرىتى بىلەن نۇرغۇن ئائىلىلەرنى بەرپا قىلالىغاندەك، يەنە ئۆز قۇدرىتى بىلەن نۇرغۇن ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلالايدۇ.
▲ ئۆزىنى ئالداش ئازابلىق، ئۆزگىنى ئالداش رەزىللىك.
▲ مۇھەببەت - ئۇ ياشلارنىڭ خۇيى، قىرانلارنىڭ ئىجادىيىتى، قېرىلارنىڭ ئاقىۋىتى. . .
سەن ياش بولساڭ ئاۋۋال ئۇنى چۈشەن، قىران بولساڭ ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنى بېغىشلاشتىن قاچما، قېرى بولساڭ ئۆز جايىڭدا توختا.

**- ئەھەت مامۇت**

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە چىمەن بازار داڭبوز 1-كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر ساقىنىلىرى

▲ ئالىم، ئادىل كىشىلەر ۋەزىر بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ تەبىئىيتى قۇللۇقتىن يىراقتۇر.
▲ ئىتخۇيلۇق كىشىلەر بىلەن بىللە ياشىساڭ، خۇدانىڭ دوزاخنى يارىتالىغىنىغا ھەمدۇسانا ئوقۇيسەن.
▲ ھەقىقەتكە يەتكىنىڭدە، ئۆتمۈشۈڭگە ئۆكۈنمە، چۈنكى ئۇ (ئۆتمۈشۈڭ) ھەقىقەتكە يېتىشىڭنىڭ جەريانىغا ئايلاندى.
▲ ئەقىللىك كىشىلەر مۆھەتنى، ئەقىلسىز كىشىلەرنى مۆھەت يارىتىدۇ.
▲ زاماننى ئەيىبلەش - ئۆزىنى ئەيىبلىگەنلىك-تۇر.
▲ خالىمىغان ئىشنى قىلىش - خالىمىغان مەنزىلگە ئاپىرىدۇ.
▲ ئەگەر ئۆلمەيدىغان ئىش بولسا، ئىنسانلار ئاۋۇمايتتى.
▲ نومۇستىن «قۇتۇلغاندىلا» غەرىپپەرەس بولغىلى بولىدۇ، ئارىمىزدىكى غەرىپپەرەسلەر دەل نومۇستىن «قۇتۇلغانلار» دۇر.

**- ئابدۇرەقىپ ئابدۇغەنى**

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنىي ئىنستىتۇتى تالىبى

* * *

▲ قويىنى ياخشى بېقىپ، بورداشتىن مەقسەت ئۇنى تېزراق پىچاققا يارىغۇدەك قىلىش. ئەگەر قوي بۇنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئاز-ئازدىن يېگەن بولاتتى.

**- ئەخمەتجان ئابلىز**

---

ئاپتور: ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى سۇ ئىنشائاتى سۇ-ئېلېكتر قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

▲ بىز تارىخنىڭ تىرىك شاھىدى بولغان ئالىم-ئۆلىمالىرىمىزنىڭ قەدرىنى يەردىن قېزىۋالغان ساپال قاچىلارنىڭ قەدرىنى قىلغانچىلىك قىلالىدۇقمۇ؟!
▲ مەن ئۆمۈر بويى شەيئىيلەرگە چۈشەنچە بېرىپ، دانا سانىلىپ يۈرۈپتىمەنۇ، ئۆزۈمنى ھەقىقىي تۈردە چۈشىنىپ يەتمەپتىمەن.
▲ نادانىنىڭ غەلىبىسى دۈمبىسىگە ئېسىقلىق تۇرىدۇ، تادانىنىڭ غەلىبىسى پېشانىسىدا چاقناپ تۇرىدۇ.

**- ئۇممىيە ياسىن**

---

ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە ئوتتۇرا بۇلاق كەنتىدە، دېھقان

▲ مەن تۇرۇپلا ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمگە ئوخشىماي قېلىۋاتقانلىقىمنى سېزىپ قالدىم-دە، ئۆز روھىمنى ئىزدەپ تاپماقچى بولدۇم. ئەپسۇس. . . ! تولىمۇ كېچىككەنىكەنمەن. چۈنكى ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچنى باشقىلارغا بولغان ئىشەنچ ئىگىلەپ كەتكەنلىكتىن، «مەن» دىن ئىبارەت بىر روھ ئاللىقاچان يوقالغانىكەن.

▲ بەزىدە كىشىلەرنىڭ كىيىنىشىگە قاراپ ئۆزۈمنى خۇددى نەچچە ئەسىر كەينىگە يېنىپ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە كەپقالغاندەك ھېس قىلىپ قالىمەن. ئەمما ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ھازىرقى بەزى كىشىلەردىكىدەك رەزىللىك، قۇۋلۇق يوق ئىدى. بەلكىم بۇ ئىككى خىل جەمئىيەتنى ئايرىپ تۇرىدىغان پەرق بولسا كېرەك.

— رەيھانگۈل داۋۇت

ئاپتور: شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى سانائەت قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

▲ مۇشكۇلاتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن ئىتتىپاقلىق ھەقىقىي ئىتتىپاقلىقتۇر. ئەمما كۆپىنچە ھاللاردا مۇشكۇلاتتىن كېيىنكى ھالاۋەتتە باراۋەر بولماسلىق ئىتتىپاقلىقنى پارچىلاپ تاشلايدۇ.

▲ بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزغا بېرىدىغان تەربىيىمىزدە «مۇنداق قىل» دېيىشتىن «مۇنداق قىلما» دېگەن ئىبارە كۆپ ئىشلىتىلىپ كەلدى. ۋەھالەنكى «نېمە ئۈچۈن؟» گە جاۋاب بېرىلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھازىرغىچە «چۈنكى...» نىڭ ئاخىرىسىنى چۈشۈرەلمەي كەلدۇق.

— ئەخمەتجان مىجىت

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

▲ قاسساپ بولغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئۆگىنىدىغىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان مالنىڭ پاچىقىنى چۈشەش.

— ئابلىز مۇھەممەت

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق ھۆكۈمىتى كادىرى

▲ يۇقىرىغىلا قاراش ھەسەتخورلۇقنى، تۆۋەنىلا كۆرۈش ھاكاۋۇرلۇقنى پەيدا قىلىدۇ.

▲ خاتىرجەملىك - ئەڭ ياخشى ساغلاملىق يېمەكلىكى.

— ئەركىن ئابدۇكېرىم

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر سۇنتاغ يېزا خەلق ھۆكۈمىتى كادىرى

## تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر

▲ كۈچ ئىشىتىدىغان ھەم كۆرسىتىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى دەل جايىنى تېپىپ ئىشلىتىدىغان نەرسە.

▲ باشقا كۈن چۈشكەندە ئەمەلىي ياردەم بېرىدىغانلاردىن قۇرۇق گەپ بىلەن بىزار قىلىۋېتىدىغانلار كۆپرەك بولىدۇ.

▲ كىشىلەر پەقەت ئۆزى توغرىلىق سۆزلىگەچكىلا شەخسىيەتچى بوپكەتكەن.

▲ چىن كۆڭۈلدىن ئەمەس، بەلكى شەكىل ئۈچۈنلا بېرىلگەن سوۋغات قوبۇل قىلىنغان تەقدىردىمۇ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى قايتۇرۇۋېلىنىدۇ.

— مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ئۆلۈم خەۋپى ھەر دائىم بار بولغانلىقتىن، ھايات گۈزەل تۇيۇلىدۇ.

▲ دوستلۇق بىلەن مۇھەببەتنىڭ يەنە بىر پەرقى شۇكى - دوستلۇقتا ئادەمنىڭ ئەقلى ئېچىلىدۇ، مۇھەببەتتە بولسا زېھنى چېچىلىدۇ.

▲ تويدىن ئىلگىرىكىنى مۇھەببەت، تويدىن كېيىنكىسىنى مەسئۇلىيەت دەپ ئاتىسا مۇۋاپىقمىكىن، دەيمەن.

▲ ئانىنىڭ پەرزەنتكە بولغان مۇھەببىتى ھېچقانداق شەخسىي مەنپەئەت غەرىزى ئارىلاشمىغانلىقى ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ ئۇلۇغدۇر.

— مۇنەۋۋەر ئوبۇلھەسەن

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى

## تۇرمۇش سۈرەتلىرى

▲ تۇرمۇش دېگەن كۈيە يەپ كەتكەن گىلەمگە ئوخشايدۇ، ئۈمىدۋار ئادەم گىلەمنىڭ كۈيە يېمىگەن يېرىگە قاراپ خۇشاللىق ھېس قىلسا، ئۈمىدسىز ئادەم گىلەمنىڭ كۈيە يېگەن يېرىگە قاراپ قاتتىق ھەسرەت چېكىدۇ.

▲ دوستۇم، مەنسەپ خۇددى سۇ يۈزىدىكى كۆپۈككە ئوخشايدۇ. كۆپۈكنى سۈزۈش ئۈچۈن سۇغا شۇنداقلا چۆمۈچ سالساڭ كۆپۈك يىراقلاپ كېتىدۇ، لېكىن چۆمۈچنى تارتىۋالساڭ كۆپۈك قىرغاققا يېقىنلايدۇ.

▲ دوستۇم، جاھاندا ئۆلۈكتەك سۈرلۈك نەرسە بولمىسا كېرەك، چۈنكى ئۆلۈك، بىرى، تىلسىز، يەنە بىرى، ھەرىكەتسىز، شۇڭا بەزى كىشىلەرنى سۈرلۈك دەپ ئەيمىنىپ قورۇنۇپ كەتمە، يۈرەكلىك بول، بەزى كىشىلەرنى تۈلكە مىجەز دەپ ئەيپلىمە، دانا بول.

— توختى مۇھەممەت ئارىش

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن

* * *

▲ سىياسىي-ھەربىي بېسىم ئۈستىگە قۇرۇلغان تىنچلىق - شۇ بېسىمدارلارنىڭ ھازىسىغا تۇرۇلغان سۈكۈتتۇر.

— يۈسۈپجان ئىسمائىل قاراتېكىن

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە ئاقسارالى يېزا ئۆتەڭ كەنتىدە، دېھقان

▲ بۈگۈن قەھرىمان ھېسابلانغان ئادەم ئەتە ئەرزىمەس ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

▲ بىزنىڭ روھىمىزنى قۇم بېسىپ كەتكەنلىكتىن، يۇرتىمىزنى قۇم بېسىپ كەتتى.
▲ ھەقىقەت تراگېدىيىسى - ھەقىقەتنىڭ يىغلىشىدۇر.
▲ ئۆز سىرىڭنى ئۆزۈڭدىن يۇقىرى كىشىلەرگە ئېيتقىنىڭ ئۆز پۇتۇڭغا ئۆزۈڭ كىشەن سالغىنىڭدۇر.
▲ باشقىلار قولۇڭنى تارتىمىغىچە قوپۇشنى خالىمىساڭ، مەڭگۈ ئورنىڭدىن تۇرالمايسەن.
▲ سەن قانۇنىيەتتىن قانچە بىزار بولغانسېرى، قانۇنىيەت ساڭا شۇنچە يېقىنلىشىدۇ.
▲ سىر ساقلاش ئاتوم بومبىسىنى ساقلاشتىنمۇ تەستۇر.
▲ بۇرۇن جەڭلەردە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن كىشىلەر قەھرىمان ھېسابلىناتتى. ھازىر بولسا، ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغان ۋالاقتەككۇرۇپلار قەھرىمان سانىلىدىغان بوپقالدى.
▲ ئادەم قېرىغاندا بۇ كەڭرى ئالەم قازانغا ئوخشاپ قالىدۇ.
▲ بىز يىراقتىكى نەرسىلەرگە قاراۋېرىپ پۇتىمىزنىڭ ئاستىدا نۇر چېچىپ تۇرغان گۆھەرنى كۆرمەس بوپقالدۇق. مانا بۇ بىزنىڭ پاجىئەلىرىمىزنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرىدۇر.
▲ تارىخ بىلەن كەلگۈسىنى بىر - بىرى بىلەن سىلىشتۇرۇش ئۆلۈك ئادەم بىلەن تۇغۇلمىغان بوۋاقنى سېلىشتۇرغانغا ئوخشايدۇ.
▲ غەربى رايوننى ئېچىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ مېڭىسىنى ئېچىش كېرەك.
▲ دەبدەبىلىك ۋەدە-قەسەملەرنى تولا قىلغان ئادەم سېپى ئۆزىدىن ئالدامچى كىشىلەردۇر.
▲ سەن بۈگۈن كەچ بولۇشنى تىلىدىڭ، تاڭ ئاتتى، سەن يەنە بۈگۈنمۇ كەچ بولۇشنى تىلىدىڭ. بۈگۈن بولسا جىنازا ئىشىك ئالدىڭغا كەلگەنىدى.
▲ بىز بۈگۈن كۆزگە ئىلمىغان نەرسە بىر كۈنلەردە ئۆزىمىزنىڭ سەۋەبسىز ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بوپقېلىشى مۇمكىن.
▲ دۇنيادا پەقەت ئانىنىڭ بالىغا بولغان مۇھەببىتىلا ئەڭ ساپ، ئەڭ چىن مۇھەببەتتۇر.
▲ مۇھەببەت دۇنيادىكى ئۇرۇشلار ئىچىدىكى بىگۇناھ كىشىلەر ئەڭ كۆپ ئۆلگەن ھېسسىيات «ئۇرۇشى» دۇر.
▲ كۆز بىلەن كۆز ئۇچراشقاندىلا ئاندىن قەلب بىلەن قەلب سىردىشالايدۇ.
▲ مېڭە ئىسراپچىلىقى تۇپەيلىدىن ۋاقىت ئىسراپچىلىقى كېلىپ چىقىدۇ.
▲ راست گەپنى دېمەي يوشۇرۇۋەرسەڭ يالغان گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ.
▲ زورمۇ زور قىلىنغان ئىشقا شەك-شۈبھىسىزكى ساختىلىق يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

- ئابلىكىم روزى

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

## غۇنچەمنىڭ تۇنجى تەپەككۇرى

▲ سېنىڭ باشقىلارغا قىلغان قوپاللىقىڭ پاكى مېھرىبانلىقىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتمىسۇن، چۈنكى ئالدىنقىسىدا نەپرەتكە ئۇچرىساڭ، كېيىنكىسىدە مازاققا قالىسەن.
▲ سىرداش كىشىلەرنىڭ سۆزى ئەمەس، مەنىلىك بېقىشىمۇ كۇپايە.
▲ مېھنەت سەندىلىدە چاچرىغان ئۇچقۇن قەدىر-قىممەت ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز دېمەكتۇر.
▲ بالامدىن ۋاپا كەلمىگەندە ئانامنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلدىم.
▲ سۇكۇتتىكى كىشىدىن ھېچكىم رەنجىمەيدۇ ھەم ھېچكىم سىر ئالالمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ كىشىگە غايىۋى تۇيغۇ ئاتا قىلالايدۇ.
▲ جاھاندىكى تالاي يوللار باغۇ-بوستاندىن باشلىنىپ چۆل-جەزىرە بىلەن ئاياغلىشىدۇ.
▲ ئىنساننىڭ تەبىئىيتى شۇنداقكى، ئەرزىمەس كىشىلەر ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىدۇيۇ، ئۆزى ئۈچۈن جان پىدا ئەيلىگەنلەرگە پەرۋا قىلىپمۇ قويمايدۇ.

- غۇنچەم مەھمۇت

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تەييارلىق 2002-يىللىق 7-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئۆزىگە ئىشەنمىگەن ھەم ئۆزىنى چۈشەنمىگەن ئادەم ھامان باشقىلارنىڭ تىرىك يەمچۈكى بوپكېتىدۇ.
▲ 21-ئەسىردىكى ئىس-تۈتەكسىز ئۇرۇش كىشىلەرنى روھىي ئازاب قاينىمىغا دۇچار قىلدى.
▲ ھەرقانداق بىر ئادەم دەرد تارتىشنى باشلىغان كۈندىن تارتىپ بۇيورۇق دۇنياغا كۈلۈپ قارىمايدۇ.

- رەيھانگۈل ئابدۇللا

ئاپتور: كۇچا ناھىيە ئۇچابازار ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ئارىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئەخلاقىي بۇزغۇنچىلىق - ھايانىڭ يوقىلىشى.
▲ بۇرۇن قىزلىرىمىز ئۆزىنىڭ قاپقارا ، ئۇزۇن چاچلىرى بىلەن گۈزەللەردىن سانىلار ئىدى، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇ سەھرالىقنىڭ، كونىلىقنىڭ، مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ بەلگىسى بوپقالدى. ئەكسىچە، قىرقىما، بۇدۇر چاچلار، ھەرخىل-ھەرياڭزىدىكى چاچلار قىزلار گۈزەللىكى قىلىپ سۈپەتلەندى. بۇرۇن ئەدەبىي ئەسەرلەردە: «يۈزلىرى ۋىللىدە قىزىرىپ، يەرگە قارىۋالدى» دەپ كۆپرەك تەسۋىرلىنەتتى. لېكىن ھازىرقى ئەسەرلەردە: «قايرىلىپ قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى» دەپ تەسۋىرلىنىدىغان بولدى، لېكىن. . .

▲ ئەخلاق بۇزۇلسا، جەمئىيەتكە قائىدە-تۈزۈمنىڭ كېرىكى بولماي قالىدۇ.

▲ ئىنسان نەپسىنى يىغىۋېلىشتا ئاۋۋال تىلىنى يىغىۋېلىشتىن باشلىشى كېرەك، تىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يامان نەپسىلىرىدىن بىرى. بۇنىڭغا تاقابىل تۇرالىغان ئىنسان ھەقىقىي نەپسىنى يىغالىغان ئىنساندۇر.

▲ ئۆزىنى بىلمەيدىغان نادان كىشىلەر يېڭىلىپ قېلىشتىن ئاداۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دانا كىشىلەر يېڭىلىپ قېلىشتىن ساۋاق ئالىدۇ، تەجرىبە يەكۈنلەيدۇ، بىلىم ئىگىلىۋالىدۇ.

▲ ئاجىزنىڭ يىغىسى، دەرد-ئەلىمى، قايغۇسى زومىگەرنىڭ كۈلكىسى، كەيپ-ساپاسى ۋە ئەيش-ئىشرىتىدىن تۆۋەن تۇرسا، قانداقمۇ ئادالەتتىن سۆز ئاچقىلى بولسۇن!؟

## قايتا ئويلىنايلى

▲ بىز ئۇنداق مەرىپەتپەرۋەر، مۇنداق ئىلغار، مىللەتپەرۋەر دەپ ھەدەپ ماختاپ، ھەۋەسلىنىۋاتقان يەھۇدىيلار ئەڭ ئاددىي ئىنسانىي مىزان بولغان مېھرىبانلىقنى قايرىپ قويۇپ پەلەستىنلىك بىچارىلەرنى قىرىۋاتسا، توپىنىڭ ئاستىغا تىرىك كۆمۈۋاتسا، ئۆز ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولغىلى قويمىسا، بىز يەنە ئۇلارنى ماختاپ يۈرۈۋەرسەك، ئۇ ھالدا بىز ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش مىزانىنى، بىز ئىنتىلىدىغان تۇرمۇش نىشانىنى تولىمۇ پەس، يىرگىنىشلىك ھالغا چۈشۈرۈپ قويمامدىمىز؟

تېخى بەزىلەردىن تۆت-بەش مىليون يەھۇدىي تۆت-بەش يۈز مىليون ئەرەبنى بوزەك قىلىۋاتىدۇ، دېگەن تولىمۇ كۈلكىلىك، بىمەنە گەپنى ئاڭلاپ قالدىم. مېنىڭچە، بۇ تولىمۇ يەڭگىللىك بىلەن ئېيتىلغان سۆزمىكىن دەيمەن. ئىسرائىلىيىنىڭ ئامېرىكا دەپ «چوڭ دادىسى» بولمىسا، ئۇ ھازىرقىدەك كۆرەڭلەپ كېتەلەيتتىمۇ؟ ئەنگلىيىنىڭ ئىپلاس، غەلۋىخور قولى بولمىغان بولسا يەھۇدىيلار ئوتتۇرا شەرقتە دۆلەت قۇرالامتى؟ پاكىت ھامىنى پاكىت، ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىلمەي ھەدەپ ئاغزىمىزغا كەلگەننى تۈزۈلىساق چوقۇمكى خەقنىڭ مەسخىرىسىگە قالىمىز. ئەڭ مۇھىمى خاتالىشىپ قالىمىز. بۇ مەسىلە بىزنىڭ قايتا ئويلىنىشىمىزنى ساقلاپ تۇرماقتا. بۇ مەسىلە ئوتتۇرا شەرقتە يۈز بەرگىنى بىلەن لېكىن ئۇ دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۆز ئالدىدا.

— ئابلەت ياسىن

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى داۋاملىق مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىنگلىز تىلى سىنىپى ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ كۆز يېشى بېرەلمىگەن نەرسىلەرنى زورلۇق ئېلىپ بېرەلەيدۇ.

▲ پەرداز ئىككى تۈرلۈك ئىش ئۈچۈن بولىدۇ: بىرى، نۇقسانىنى يېپىش ئۈچۈن، يەنە بىرى ئۆزىنى سۆپەتلەش ئۈچۈندۇر.

— قۇربان ئابدۇكېرىم

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئاخبارات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆزىنى نېمىنىڭ خار، نېمىنىڭ ئەزىز قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمىگەن كىشىنىڭ ئۆمرى كۆتە.

▲ ئاياللارنىڭ ئەخمەقلىق قالپىقىنى كىيىپ قېلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ئۇلار گۈزەللىكنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ قارىغۇلارچە گۈزەللىك قوغلىشىدۇ.

▲ ئاڭلىشىمچە، ئانامنىڭ ئاتا-ئانىسى ئوغۇللىرىنى، دادامنىڭ ئاتا-ئانىسى قىزلىرىنى بەكرەك ئەتىۋارلايدىكەنمىش.

— نۇرئامىنە ئىمىن

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن-ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىسى

▲ دېھقان، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە قورساقنىڭ قۇلى ئىدى، قۇلدارلىق جەمئىيەتتە قۇلدارلارنىڭ قۇلى بولدى؛ فېئوداللىق جەمئىيەتتە فېئودال پومېشچىكنىڭ قۇلى ئىدى، كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە كەلگەندە رىقابەتنىڭ قۇلى بولدى. ھازىرقى جاھاندا نامۇۋاپىق ئالۋاڭ-سېلىقنىڭ قۇلى بوپقالدى. ئۇلار قاچانمۇ «قۇللۇقتىن گېنېراللىققىچە» دېگەن ناخشىنى ئېيتاركىن!...

— مۇھەممەت غۇلام ئەلزارى

ئاپتور: ئوقۇغۇچى

## تېپەككۇر تامچىلىرى

▲ ئۆزۈڭنى قانچە تۆۋەن چاغلىساڭ، باشقىلار ساڭا شۇنچە مۇقەددەس كۆرۈنىدۇ.

▲ سەن ئازاب چېكىۋاتقاندا، دوستۇم دەپ يۈرگەن ئادىمىڭ دەردىنى ساڭا ئېيتمىسا، ئىككىلەنمەي ئىشەنچلىك كىشى دەۋەرگىن.

▲ مېھماندوست بولساڭ بول، لېكىن مېھمانغا قۇل بوپقالما.

▲ ئاغرىق كىشىنى ئاجىز چاغلىما، شۇتاپتا ئۇ قۇدرەت ئىگىسىگە ئەڭ يېقىن تۇرغان ياكى يېقىنلىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

▲ دەرەخنى خاتىرجەم يىقىتاي دېسەڭ، شامالنىڭ توختىشىنى كۈت.

▲ سەن ئاناڭغا ۋارقىرىيالىغان تۇرۇقلۇق، سۆيگىنىڭگە تىكىلىپ قارىيالمىغىنىڭ نېمىسى؟

▲ سەن ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭگە سۆيگۈ تەلىپىنى ئاشكارا قويالمىساڭ، قارشى تەرەپ ساڭا «جۈرئەتسىز» دېگەن باھانى قويۇشى مۇمكىن.

▲ ئاچچىقلىنىشنى بىلمىگەن ئادەم ھەقىقىي كۈلكىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن.

▲ ئۆتمۈشىدىن ۋاز كېچەلىگەن كىشى، ئاندىن

تۇرمۇشنى قايتىدىن باشلىيالايدۇ.

▲ ياۋاشلىق كۆپىنچە ھاللاردا ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ ئاشكارىلاشقا پېتىنالمىغان كىشىلەرگە قارىتا ئىپتىلىدىغان ئۇقۇم.

▲ جەمئىيەت رەزىللەشكەندە ئاقكۆڭۈل، سەممىي كىشىلەر ئەخمەقلەرگە، زىيان تارتقۇچىلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ـ ئابدۇلېتىپ روزىنىياز

ئاپتور: شىنجاڭ ماارىپ ئىنستىتۇتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئىنسانلارنىڭ كاللىسى ئۆتكۈرلەشمەكتە، لېكىن يۈرەكلىرى چىرىمەكتە.

▲ يوللار كۆپەيدى، لېكىن ماڭغىلى بولىدىغان يول ئازايدى، تارايدى.

ـ ئابباس ئۆمەر

ئاپتور: گۇما ناھىيە پىشنا يېزا جايتوغراق كەنتىدە

چوڭلاردەك پارقىراپ تۇرماي، يۈز تۇرانە ئېيتىۋېرىدۇ.

▲ باتۇرلۇق شۇنداق نەرسە، سەن پەقەت ئۇنىڭغا موھتاج بولغاندىلا ئاندىن ھېس قىلالايسەن.

ـ شىرمۇھەممەت تۇردى (تارىم)

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە ئۈچئون خۇيزۇ يېزا مىللىي 2.ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ھەقىقەت ـ تارقاتقۇچى ئاجىز ۋاقىتىدا تىلى بىلەن، زورايغاندا قىلىچى بىلەن تارقىتىدىغان نەرسە.

▲ «كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەك» دەپ ۋەز ئېيتقانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئالللىقاچان كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ بولغانلاردۇر.

ـ قاھار تۇردى

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن-ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ئاسپىرانتى

## پارچە-پۇرات تەسىراتلار

▲ ھەرقانداق مىللەت تارىخنى بۈگۈندىن نارازى بولغاندا ياكى بۈگۈنگە بولغان ئىشەنچىنى يوقاتقاندىلا ئاندىن ئەسكە ئالىدۇ.

▲ «سىنى دەيمۇ، سىنى دەيمۇ، سېنى كۆرمەي ئۆلەرمەنمۇ» دېگەن ناخشىنى توۋلىغۇچىلار يەر شارىدىكى ئەڭ ئۈمىدسىز كىشىلەردۇر.

▲ ئۆزىدىكى باتۇرلۇق روھىنى يىتتۈرۈپ قويغۇچىلار باتۇرلارغا ھەددىدىن زىيادە چوقۇنىدۇ.

▲ بەزىدە مەلۇم بىرخىل ئىدىيىنىڭ يوقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى يوشۇرۇشمۇ بىر خىل ئاقىلانىلىك.

▲ ئاۋارىچىلىقتىن قورقمىغان ئادەم ھامان بىر كۈنى مەقسەتكە يېتىدۇ.

▲ قورقۇنچاقلىق ـ قۇللۇقنىڭ ئانىسى، موھتاجلىق ـ جىنايەتنىڭ مەنبەسى.

▲ ئۆز خەلقىنى ھەقىقىي سۆيگەن كىشىلا پەيتى كەلگەندە پەيدا بولىدۇ، بىراق زۆرۈر بولمىغان چاغلاردا ئۇلارنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

▲ دۇنيادا ئادەمدەك يۈزسىز نەرسە بولمىسا كېرەك. ئۇلار ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن بىر چاغلاردا ئۆزىگە سايە تاشلىغان دەرەخلەرنى كېسىشتىن يانمايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئاۋۇندۇرغان قۇشلارنى ئۆلتۈرۈشتىن باش تارتمايدۇ. ئەمدى قاراڭچۇ، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن جان تىككەن قەھرىمانلار، مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن ئىزدەنگەن ئالىملار سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشمەكتە.

▲ ئۈمىدسىزلەر ئۆز بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى زامانغا دۆڭگەپلا قۇتۇلىدۇ.

▲ بالىلار ھەقىقىي باتۇرلاردۇر ـ چۈنكى ئۇلار ھېچنىمىگە پەرۋا قىلماي، كۆڭلىدە نېمە گەپ بولسا،

## چۈچۈك مېۋىلەر

▲ ۋاقىتسىز سارغايغان ياپراقنى دەرەخ دەرھال تاشلىۋېتىدىكەن، بىراق ۋاقىتسىز سارغايغان ئىنساننى ھاياتلىق دەرىخى تېخىمۇ بەك تۇتۇۋالىدىكەن.

▲ مەن ئۆزۈمدىكى بارلىق ئاجىزلىق ۋە ئارتۇقچىلىقلارنى ئوخشاشلا سۆيىمەن. چۈنكى دەل ئاشۇلار بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەن «مەن» بولالىغان.

▲ سىقىلىش ئىچىدە ياشايدىغان ئادەم ئۆزىنىلا ئەمەس، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ھەتتا پۈتكۈل دۇنيانىمۇ سىقىدۇ.

▲ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا ئادەمنى ياشىتىدىغىنى ئۈمىد ئەمەس، ماسلىشىشتۇر.

▲ ھەممە ئادەم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى ـ بۇ ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىغا خىلاپ بىر تەرەپلىمە قاراش. ئەمەلىيەتتە بەزىلەرنىڭ تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى پۇل، بەزىلەرنىڭ ئامەت، بەزىلەرنىڭ ئارقا تىرەك، پەقەت ئىنتايىن ئازساندىكى كىشىلەرلا ھەقىقىي تۇردە ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى.

▲ سېنىڭمۇ يوللۇق، مېنىڭمۇ يوللۇق، پەقەت ھەممە گۇناھ بىر ـ بىرىمىزنى چۈشەنمەسلىكىمىزدە.

▲ ئىنسان ماھىيىتىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش خۇددى چىرايلىق تەننى يېرىپ ئىچ-باغرىنى نامايىش قىلغاندەك يىرگىنچلىك.

▲ مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ـ قۇدۇق ئىچىدىكى پاقىلارنىڭ پەلسەپىسى.

▲ تەبىئىي ھايۋان (ھايۋان) دىن ئىجتىمائىي ھايۋان (ئادەم) غا ئايلىنىش ئۈچۈن نەچچە ئون مىڭلاپ يىللار كېتىدۇ. ئەكسىچە، ئىجتىمائىي ھايۋاندىن تەبىئىي ھايۋانغا ئايلىنىش ئۈچۈن بەزىدە پەقەت بىرنەچچە مىنۇتلا كۇپايە.

▲ خاتا چۈشىنىپ قېلىش ئەمەلىيەتتە توغرا چۈشىنىپ قېلىشتۇر.

▲ «سىز بەك چىرايلىقكەنسىز» - بۇ، دۇنيادىكى ھەممە قىز مۇشەررەپ بولالايدىغان ساختا ھەقىقەت، شۇنداقلا قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋېلىشتىكى ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان، ئەڭ ئۈنۈملۈك، پۇل خەجلەنمەيدىغان بىردىنبىر سوۋغات.

▲ ھەقىقەتكە كۆنەلمىگەن ئادەم نورمال بولىدۇ. ساختىلىققا كۆنەلمىگەن ئادەم ساراڭ بولىدۇ.

▲ مەدەنىيەتلىك يەردە تالانت پۇل، قالاق يەردە شىتات پۇل.

-ئايگۈل تۇرسۇن

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە بازىرى دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى

## ھەيران قالدىم

▲ قايسىدۇر بىر تېلېۋىزىيە فىلىمىدە «ئەرلەر پۇل تاپسا يولدىن چىقىدۇ، ئاياللار يولدىن چىقسا پۇل تاپىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالغانىدىم. مانا ئەمدىلىكتە بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئاتا-ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ تولىمۇ جاپا-مۇشەققەتتە چوڭ بولغان، ئازغىنە پۇل بىلەن تىجارەت باشلاپ بېيىغان بىر ئادەمنىڭ كىچىككىنە - ئەرزىمەس ئىش تۈپەيلى ياۋاش ئايالىنى تالاق قىلىپ، سەبىي ئۈچ بالىسىنى يېتىملىك كوچىسىغا ئىتتىرىپ، ئۆزى كوچىدىكى ئاياللار بىلەن ئىچپەش تارتىشىپ ئويناپ يۈرگەنلىكىنى؛ قوشنا مەھەللىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۇدا ئىككى قېتىم ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي قالغان، شۇسەۋەبتىن ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەتكەن سۆيگەن يىگىتىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر قىزنىڭ ئالتۇندەك قىممەتلىك ياشلىقىنى، قىزلىق ئىپپەت-نومۇسىنى دوغا تىكىپ چوڭ شەھەرلەردىكى تانسىخانا، مەيخانىلاردا ئىشرەتخۇمار پۇلدار بايلارغا ھەمراھ بولۇپ بىرمۇنچە پۇل تېپىپ يۇرتقا قايتىپ كېلىپ، قېرىپ قالغان ئاتا-ئانىسىغا راۋۇرۇس قىلىپ ئۆي سېلىپ بېرىپ، ئۆزى چىرايلىق ئايالچە موتسىكلىت مىنىپ، يانفونىنى قولىدىن چۈشۈرمەي سۆزلىشىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ ھېلىقى ئىككى جۈملە سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم.

- ئابابەكرى ئابدۇقادىر

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كۆيا يېزا پاۋان كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ تېلېفون ياكى چاقىرغۇ ئىشلەتكۈچىنى چېقىمدار قىلغىنى بىلەن بەزىدە پۈتكۈل بايلىقىنى سەرپ قىلىپمۇ ئېرىشكىلى بولمايدىغان پۇرسەتكە ئېرىشتۈرۈشى مۇمكىن.

-ئابدۇخالىقجان ئابلىمىت

ئاپتور: يەكەن پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى

## تېپەككۇردىن تامچىلار

▲ تۇرماي يانتۇچىنىڭ قايتا يىقىلغىنىنى كىم كۆرۈپتۇ؟

▲ بىلىم دېڭىزىدىن ئارال ئۇچرايدۇكى قىرغاق تېپىلمايدۇ.

▲ پۇلنىڭ كىشىلەر نەزىرىدىكى ئورنى ئۈسكەنسېرى شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ جان باقمىقىنىڭ شۇنچە قىيىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسەن.

▲ ئۆزۈڭ ئورۇندىيالمىغان ئىشنى خەققە تەۋسىيە قىلىپ ئاۋارە بولما.

▲ ئاللىكىملەر كۆز ئالدىڭدىكى مۇھىتنى روشەنلەشتۈرگەنسېرى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى مۇددىئا شۇنچە غۇۋالىشىدۇ.

▲ ئۆزۈڭنىڭ ئاللىكىملەرنىڭ قولىدىكى قونچاق ئىكەنلىكىڭنى سەزگىنىڭدە قەبرە ئىچىگە كىرىپ بولغان بولىسەن.

- ئىمىنجان مەتروزى

ئاپتور: چىرا ناھىيە دامكو يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## بىمەنىلىك

▲ بىر ئادەمنىڭ قورسىقى ئاچسا، پۈتكۈل دۇنيانى ئاچارچىلىق قاپلاپ كەتكەندەك ، بىر ئادەم ناھەقچىلىككە ئۇچرىسا پۈتكۈل جاھاندا ئادالەت قالمىغاندەك، بىر ئادەم خاتىرجەملىككە ئېرىشسە ، پۈتكۈل جاھان تىنچتەك، بىر ئادەم كۈلسە پۈتكۈل جاھاننى كۈلكە قاپلاپ كەتكەندەك، رەھبەر بولغۇچى كىشى زادى خاتالىق سادىر قىلمايدىغاندەك، ئاتا-ئانا بولغۇچى كىشى پەرزەنتلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويسا، بالىلىرىنى ياخشى كۆرمەيدىغاندەك كۆرۈنۈشى تولىمۇ بىمەنىلىك.

* * *

▲ تام ئېگىزلىگەنسېرى ئۇلى ئاجىزلاپ بارغىنىدەك، ئادەمنىڭ ئورنى (ھوقۇق تۇتۇپ ياكى پۇل تېپىپ) يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنسېرى دۈشمىنى ئاۋۇپ، ھەقىقىي دىلكەش، يېقىن سىرداش دوستلىرى ئازلاپ ماڭىدۇ.

- ئابلاجان ئابلەت

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئۇستۇنئاتۇش يېزا قايراق ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى

## قەلبىمدىكى پىغانلىق ھىسلار

▲ بوۋام دادامغا تارىخ ئۆگەتتى. دادام ماڭا تارىخ

www.uyghurkitap.com

توپلاشنى ئۈگەتتى. مەن بولسام بالامغا تارىخ سېتىپ جان بېقىشنى ئۈگەتتىم.

▲ رادىئو-تېلېۋىزورلارنى ھەرخىل تاۋار ئېلانلىرى قاپلاپ كەتتى. ئەپسۇس، ئاشۇ ئېلانلاردىكى ئادەمنىڭ ئەقلىنى تاڭ قالدۇرغىدەك ھەرخىل يېڭىلىقلارنىڭ روياپقا چىقىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان مائارىپ توغرىسىدا بىرەر پارچىمۇ ئېلان بېرىلمىدى.

- ئەيساجان ئابدۇللا

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە مازار يېزا شەيخ مەھەللىدىن، دېھقان

## تېپەككۇردىن تامچىلار

▲ تارىختىكى ھەرقانداق سۇلالە ئالىم - پەيلاسوپلار ئەقلىنىڭ جەۋھىرىدىن روياپقا چىقىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەملەر شۇ ۋاقىتتا كۆزگە قادالغان مىخ بوپقالىدۇ.

▲ ئىنسانلار «تەڭرى» دىن باشقىنى ياراتقۇچى. ئۇ دوزاخىنىمۇ، جەننەتنىمۇ ئۆزى ياراتقان.

▲ تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلايدۇكى خائىننى تىرىك قويۇپ بېرىش دۈشمەنگە ئۆزۈڭنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى بەرگەن بىلەن باراۋەر.

▲ خورلۇق چېكىدىن ئاشقاندا جاننى تىكىشكە سەۋەب بولىدۇ.

▲ ئىنسانلارنىڭ بىئوخىمىيە، بىئولوگىيە قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدىن قىيامەتنىڭ كۆلەڭگۈسى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

▲ ئالەم بىر كىتاب، ئۇنى ئوقۇساڭ ئۇنىڭدىن ئېتىقاد، تارىخ، ئاسترونومىيە ۋە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ھەممە پەن چىقىدۇ.

- ماخمۇت

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە يېزا ئىگىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ شوپۇرى

* * *

▲ خورازنىڭ چىللىماس بوپقالغانلىقىدىن ھەيران قالما. سەندەك نەق ئەركەكلەر ئايالىدىن ئەيمىنىپ، ئەركىن تىنالمىغان يەردە، خورازدەك «نېسىي ئەركەك» قانداقمۇ مېكياننى چۆچىتىپ، ئۈيقۇسىنى بۇزۇشقا پېتىنالىسۇن.

▲ سەن بىراۋ ئۈستىدە سۆز قىلغاندا تىڭشىغۇچىنىڭ قاپىقىغا قارا، چۈنكى قاپاق مۈشتتىن بۇرۇن تۈرۈلىدۇ.

▲ بۇرۇندا «چېچى ئۇزۇننىڭ ئەقلى قىسقا» بولسا، ھازىر بۇرۇتى ئۇزۇننىڭ «تىلى» قىسقا بوپقالدى.

▲ ئوقۇتقۇچى جاپا-مۇشەققەت كالبىندارى بويىچە ھېسابلىغاندا راھەت پەرشتىسى ۋاپات بولغان كۈنى تۇغۇلغان.

- ئەخمەتجان ئابدۇللا

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە توخۇلا يېزا تۇتتۇرا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى

## سەزگۈ تەمەچلىرى

▲ ئىنسان تەڭرىدىن قالسىلا بىردىنبىر ياراتقۇچى.

▲ ئەجىرسىز رىسىق تىلەش - ياراتقۇچىنى تەڭلىكتە قالدۇرىدۇ.

▲ پارىخورلۇق سودىگەرچىلىكنىڭ يېڭى رىسالىسى.

▲ چۈشىنىشنىڭ تەكشىسىزلىكىدىن ئادەم ئادەمگە باشقۇرۇلىدۇ.

▲ «جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش» نى ھەرتەرەپلىمە بۇزۇلۇش پەيدا قىلغان.

▲ بەزى رەھبەرلەرنىڭ سايلام يېقىنلاپ قالغاندىكى ھالىتىگە قاراپ كۈندە سايلام بولسىكەن دەپ قالىمىز.

▲ پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سېلىش - پىت ئەلىمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، سوغۇق ئەلىمىگە تۇتۇلدۇرىدۇ.

▲ ھەممىمىز «جەمئىيەت چىرىكلىشىپ كەتتى» دەيمىز. بۇنى تەڭرىگە دەۋاتىمىزمۇ ياكى يەنە ئۆزىمىزگىمۇ؟

▲ بەزىدە تەلۋىلەرچە قىلغان ئىشىڭدىن ئويلىمىغان نەتىجە چىقىدۇ.

▲ دىيانەت جاھاننى چۈشەنگۈچىلەرگە، ئىنساب ساۋاب ئىزدىگۈچىلەرگە، ئاق كۆڭۈللۈك كەمسىتىشكە ئۇچرىغۇچىلارغا، پاكلىق تېخى يارالمىغانلارغا تەقسىملەنگەن.

▲ ھىيلىگەرلەرنىڭ مەنسەپ تۇتقاندا «مەن خەلقنىڭ چاكىرى» دېيىشى تۈلكىنىڭ چۆجىنى دوست تۇتقانلىقىدىن، خەلقنى قول قىلغانلىقى بولسا چۆجىنى يەۋەتكەنلىكىدىن ئېلىنغان ئۆرنەك.

▲ ھاجەت چۈشكەندە سامانىنىڭ نەرقى ئالتۇننىڭ قىممىتىدىن ئۈستۈن.

- ئابدۇرېھىم ئىسلام

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە توپلۇق يېزا كەلپىن مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ئۆزىنى بىلىش مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىڭنىڭ، ئۆزىنى ھەم ئۆزگىنى بىلىش تەرەققىياتنىڭ ئاساسى. ئۆزگىنىلا بىلىش بىر قاباھەتلىك چۈشنىڭ باشلىنىشى.

▲ ئادەم ئۆلۈم ئالدىدا يېڭەلگۈچى،
تەڭرى ئالدىدا بويسۇنغۇچى،
بىر- بىرىنىڭ غالىب خوجايىنلىرى.

- نۇرئەلجان تۇراق

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەزان بىر مۇڭلۇق سادا. ئۇ بولسا سەھەردە كىشىلەرنى غەپلەتتىن، چۈشتە، كەچتە ئەپىش-ئىشرەتتىن ۋاز كېچىشنى بۇيرۇيدۇ. ئەمما، گۇناھكار بەندىلەر تولا چاغلاردا بۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدۇ.

- ئابلاجان ئابلەت

---

ئاپتور: كۈچۈڭ ناھىيە ۋۇماچاڭ يېزا ئۇيغۇر مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ئاتا-ئانىلىرىمىز ئۆتمۈشتە ياۋاش، جۇرئەتسىز چىقىپ قالغان پەرزەنتلىرىنى كەلگۈسىدە تىرىكچىلىك يولىنى تاپالماسمىكىن دەپ، ئاسان جان باقىدىغان موللا قىلىش نىيىتىدە ئوقۇتقانلىقى ئۈچۈن خۇراپاتلىقنى شۇ سەۋەبلىك كۆپىيىپ كەتتىمىكىن، دەپ ئويلايمەن.

▲ ئازابتىن قورققان كىشى ئازابتىن قۇتۇلالمايدۇ.

▲ ئۆلۈمنى ئويلىنىۋاتقىنىڭ، ئىنسانىي كامىللىققا يۈزلىنىۋاتقىنىڭ.

▲ مۇۋەپپەقىيەت كۆپىنچە هاللاردا بىز قىلىشتىن قورققان ئىشلاردا بولۇشى مۇمكىن.

▲ ئەڭ قەدىرسىز ۋە ئەڭ تەستە چىقىدىغان جان، قورقۇنچاقنىڭ جېنىدۇر.

تۇترۇقسىز ئادەمنىڭ قولىدىكى ئىقتىساد، كالىنىڭ ئالدىدىكى يەم-خەشەككە ئوخشايدۇ.

- ئىسمائىل كېرەم

---

ئاپتور: قۇمۇل شەھەر قارادۆۋە يېزا ئاقتۇر كەنت كېرەم مەھەللىسىدىن، دېھقان

## كەمتۈك پىكىرلەر

▲ سىنى چۈشىنىدىغانلار، ساڭا ھېسداشلىق قىلىدىغانلار بولمىغاندىلا ئاندىن سەن ھەقىقىي ئازابنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلەيسەن.

▲ دوستۇڭ بىلەن دۈشمىنىڭنى ئايرىماقچى بولساڭ ئاراڭلاردا مەنپەئەت توقۇنۇشى ھاسىل قىلىپ باق.

▲ ئۆز قەۋمىنىڭ ئاياللىرىنىڭ يالىڭاچلىقىدىن ھوزۇرلىنىپ قاراپ ئولتۇرۇدىغان كىشى، ۋەتىنىنى، قېرىنداشلىرىنى غۇرۇرسىزلارچە سېتىۋېتىپ ھېجىيىپ يۈرۈدىغان خائىندىن پەرقلەنمەيدۇ...

▲ نەسىھەت قىلىدىغان ئېغىز كۆپ، تىڭشايدىغان قۇلاق يوق؛ تەجرىبە-ساۋاق يەتكۈچە بار، ئۇنى ئەستە تۇتىدىغانلار يوق؛ ھەقىقەت ھەر قەدەمدە بار، ئۇنى كۆرەلەيدىغان كۆز يوق... مانا بۇ بىزنىڭ قىسمەتلىرىمىزنىڭ ئۆزلۈكسىزلىكىنىڭ مەنبەسى.

▲ يەنىلا ئېسىڭدە بولسۇن: ھەقىقىي ئەركىنلىك شوئارى باشقا يەردىن ئەمەس دەل قەپەس ئىچىدىن ئاڭلىنىدۇ.

▲ ئەرلەر زىيادە ئەركىن بولسا مىللەت بۇزۇلىدۇ، ئاياللار زىيادە ئەركىن بولسا دۇنيا بۇزۇلىدۇ.

▲ تاماق بەرسەڭ يەپ بولۇپ سېنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەمنى تۇزكور دەيسەن. تاماق بەرسەڭ يەپ كۈچلىنىپ سېنى ئۇرغان ئادەمنى نېمە دەيسەن؟

▲ ئايىنىڭ يۈزىدىكى داغ - كۈچلۈك قۇياش نۇرىنى قايتۇرغاندىكى تاتۇق.

▲ بىز قۇياشقا قاراشقا پېتىنالمىغانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئۇنى ماختايمىز. ئەكسىچە، ئايىنىڭ يۈزىدىكى داغنى ئاسان كۆرەلىگەنلىكىمىز ئۈچۈنلا ئۇنى سۆكۈپ يۈرۈيمىز.

- ئوسمانجان ئوبۇل

---

ئاپتور: شىنجاڭ ماارىپ ئىنستىتۇتى ئۇچۇر-تېخنىكا فاكۇلتېتى كومپيۇتېر 2002-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئەقىل تەمەچلىرى

▲ مەنسەپ مەجبۇرىيەتكە ئورۇن بوشىتىپ بېرەلىگەندە ئاندىن دۆلەت روناق تاپىدۇ.

▲ يىغا ئىچىدە كۈلەلىگەن، كۈلكە ئىچىدە يىغلىيالىغان ئادەم ھاياتنىڭ قىممىتىنى تاپالايدۇ.

▲ ئازاب ئىككەككە ئوخشايدۇ. ئۇ سەن بىر ئاھ ئۇرساڭ جېنىڭنى بىر ئىككەدەپ سېنى نابۇت قىلىش قەستىدە تۇرىدۇ.

- مۇھەممەتئېلى سادىر (ئىنتىزار)

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە كىلياڭ يېزا باشلانغۇچ مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ 99 پىرسەنتلىك ئاۋاز بىلەن سايلانغۇچىنى خەلق قوللاپ سايلىدى دېگىلى بولمايدۇ، سادداممۇ شۇنداق يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سايلانغان ئەمەسمىدى!

▲ تالاش-تارتىش بولمىغان جەمئىيەتتە ھەقىقەت ئاپقىلى بولمايدۇ.

▲ ھەممە ئادەمنىڭ بىر خىللا ئويدا بولۇشىنى تەلەپ قىلىش - يالغانچىلىقنى تەلەپ قىلىشتۇر.

▲ مەخپىيەتلىك كۆپ جەمئىيەتتە ئادالەت كەم بولىدۇ، ئادالەتسىزلىك يامرايدۇ.

▲ مەدەنىيە ئەۋج ئالغان جەمئىيەتتە ھۆكۈمەت خەلقنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈپ قالىدۇ.

- دىلمۇرات تۇنىياز

---

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايىتى رادىئو-تېلېۋىزىيە مەكتىپىدە ئىشلەيدۇ

* * *

▲ تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ سىرلىقلىقىدا ئىپادىلەنسە، ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ شەرم -

www.uyghurkitap.com

هاياسىدا ئىپادىلىنىدۇ.

▲ ئادەم ئۆزىنى چۈشەنگەندىلا باشقىلارنى چۈشىنەلەيدۇ، ئۆزىنى ئويلىيالىغاندىلا باشقىلارنى ئويلىيالايدۇ، ئۆزىنى سۆيگەندىلا باشقىلارنى سۆيەلەيدۇ، ئۆزىنى قەدىرلىيەلىگەندىلا باشقىلارنى قەدىرلىيەلەيدۇ، ھەممە ئادەم ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنى بىلسە (تونۇسا) ئاندىن بىراۋلارنى تونۇيالايدۇ... دېمەك ھەممە ئىنسانلار بارلىق ئىشنى «ئۆز» دىن باشلىشى زۆرۈر.

ـ خەيرىگۇل ئەخمەت

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ مەككىدە شەيتانغا تاش ئېتىلىۋاتىدۇ. پەلەستىندە مۇسۇلمانغا ئوق ئېتىلىۋاتىدۇ.

مانا بۇ ئاجىزلار بىلەن كۈچلۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ تىمسالى.

ـ روزىمۇھەممەت ئىمىننىياز

ئاپتور: لوپ ناھىيە 1.ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

## تېپەككۇردىن تامچىلار

▲ بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇدىغانلار بىر سۆيۈپمۇ تاشلىيالايدۇ.

▲ خوتۇن، دىن، مەنسەپ بىزنىڭ سىياسىي ھاياتىمىزدىكى ئۈچ چوڭ بۇرۇلۇش دوقمۇشى.

▲ پۇرسەت كۈتۈش ۋە ئۆزلىشىش ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق پسىخىكىسى.

▲ ئاجىزلار گۇناھ بولىدۇ دەپ نارازى بولغاننى، كۈچلۈكلەر قانۇنغا خىلاپ دەپ جازالايدۇ.

▲ «توۋا» دېگەننى ئېنىق بىلەي دېسەڭ توربار دەپ چۈشەن.

▲ مائارىپ ئالۋاڭغا چۈشكەندە، ھوقۇق گالۋاڭغا چۈشىدۇ.

▲ باشقىلار ياقتۇرمايدىغان تەرەپلىرىڭ بەزىدە سېنى غالىب قىلىشى مۇمكىن.

ـ ئېلى توختى

ئاپتور: باي ناھىيە مىچىغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ بەزى ئەمەلدارلارنىڭ يېڭى باياني: «ھەقىقەتەن بىز ئىلگىرى خەلقنىڭ چاكىرى بولغان، ھازىر خەلق بىزنىڭ چاكىرىمىز. مانا بۇ، شەيئىيلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى.»

▲ ھەر قېتىملىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىدە بىز قانۇننى ئەمەس، قانۇننى قانداق ئۆگىنىش توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى ئۆگىنىمىز.

▲ دوستلىرىڭ قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە كۆپ خالىمىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولىسەن.

ـ ئەمەتجان مۆمىن

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3.ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

## تېپەككۇردىن تامچىلار

### كۆپ تىللىق ئادەم

مەن ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا كىرىپ خەنزۇ تىلى ۋە ئىنگلىز تىلىدا ئىلىم تەھسىل قىلىمەن. رېستوران ۋە باغچىلارغا كىرىپ ئۇيغۇر تىلىمدا كۆڭۈل ئاچىمەن، مۇھەببەتلىشىمەن. مەسچىتلەرگە كىرىپ ئەرەب تىلىدا ئىبادەت قىلىمەن.

### ئوك تاناسىپ

ئەمەل ـ مەرتىۋەم يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنسېرى قان بېسىممۇ تەڭلا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندى. ئەمەلدىن چۈشۈشۈم بىلەن تەڭ مېڭەمگە قان چۈشتى.

### غىلاب

ئۆزى تىرىك يۇرسىمۇ روھى ئۆلگەن ئادەم خۇددى خەنجەرسىز (ئىچى بوش) غىلابقا ئوخشايدۇ.

ـ جېلىل ئاۋۇت

ئاپتور: باي ناھىيە توقسۇن يېزا جىغلاڭ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## تېپەككۇردىن تامچىلار

▲ قەھرىمانلار تارىخ ھارۋىسىنىڭ چاقى بولسا، خەلق شۇ ھارۋىنى سۆرەۋاتقان كالىدۇر.

▲ قانۇنغا تايانساڭ قورقمايسەن، دىنغا تايانساڭ دىيانەتلىك بولىسەن. ئادەمدە قورقماس يۈرەك ۋە ساپ دىيانەت بولغاندا ھەقىقىي ئەخلاق ۋە پاكلىق جىلۋىلىنىدۇ.

▲ ئەمەلدارلار باي، پۇقرالار نامرات ئەلنىڭ دانىشمەنلىرى دەل تىلەمچىلەردۇر.

▲ زۇلۇمغا قارىغاندا خورلۇقنىڭ جاراھىتى تەستە ساقىيىدۇ.

▲ باتۇرنىڭمۇ قورقىدىغان نەرسىسى بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ خائىن.

▲ دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشكەندە ئۆزۈمنى ساقلاپ قالاي دېسەڭ، ھىيلىگەر بول. دوستۇڭنىڭ قولىغا چۈشكەندە راستچىل بول.

▲ ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمىغان ئىشلار ئالەمگە سىغىدۇ.

▲ سەن بىرسىنى قوغلاۋاتقان ۋاقتىڭدا، يەنە بىرسىنىڭمۇ سىنى قوغلاۋاتقانلىقىنى ئويلاپ قويغىن.

▲ نامراتلار بىر بۈيۈك پەلسەپىنى ياراتقۇچىلاردۇر. ئۇنى پەقەت موھتاجلارلا چۈشىنەلەيدۇ.

▲ قانچە ئېگىزگە چىقىپ شۇنچە يىراقنى كۆرۈمەن دېسەڭ، يار لېۋىگە شۇنچە يېقىنلىشىسەن.

## قانلىق قاداقلار

▲ ئاياللارنىڭ يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە خىرامان يۈرۈشى ئەركەكلەرگە قىلىنغان ئەڭ ئاشكارا ھاقارەتتۇر.

▲ مەنىۋى زەئىپلىك ماددىي ئىسراپچىلىق ئارقىلىق ئەكس ئېتىدۇ.

▲ نېمىنى سۆزلەشنى بىلمىگەن ۋاقتىڭدا باشقىلارنىڭ دەپ بەرگىنىنى سۆزلەشكە باشلايسەن-دە، ئۆزۈڭنىڭ ئويلىغانلىرىڭنىمۇ تەدرىجىي ئۇنتۇپ كېتىسەن. مانا بۇمۇ ئىدىيە بىرلىكىدۇر.

▲ زاھىر بورھاننىڭ مۇنۇ مىسراسى ئېسىمدە: «يوقتۇر مېنىڭ بىرمۇ چىن دوستۇم، دوستلۇق ئەرزان مۇشۇ ئالەمدە». مۇقەررەركى، ساختىلىققا مايىل جەمئىيەتتە ئادەمنىڭ ھەقىقىي - چىن دوستى دەل ئۆزىدۇر.

▲ سەن ھايات ۋاقتىڭدا باشقىلارنىڭ گۆرىنى كولايسەن، سەن ئۆلگەندە باشقىلار سېنىڭ گۆرىڭنى كولايدۇ. مانا بۇ ئەڭ ئىلمىي ئۆچ ئېلىشتۇر.

▲ ھاراقكەشلەر ئۆزى پۇل خەجلەپ ئىمانىنى ساتىدىغان كىشىلەردۇر.

▲ ھاراقتا مۇنداق ئىككى خىل تائىپىنىڭ ئادەملىرى ئەڭ ئامراق كېلىدۇ: بىرى، ئەڭ چۈشكۈن، يەنە بىرى ئەڭ بىپەرۋا.

▲ ئۆز زامانەڭنىڭ زۇلمىنى ھېس قىلاي دېسەڭ ياقايۇرتقا چىقىپ كەل.

▲ ئاياللىرى ئەسەبىيلەشكەن مىللەت ئويغىنىدۇ، چۈشكۈنلەشكەن مىللەت گۇمران بولىدۇ.

▲ ئاياللارنىڭ بىچارىلىكى ئەرلەرنىڭ نامەردلىكىدىن كېلىدۇ.

▲ «قىلىمەن» دېگىنىنى قىلغۇچىلار - ياۋۇزلاردۇر، «قىلما» دېگەننى قىلغۇچىلار - باتۇرلاردۇر.

▲ ھەممىگە ماقۇل دېگۈچىلەر ھەقىقەتنىڭ دۈشمىنىدۇر.

▲ ساتقىن قەۋمنىڭ ساتقىنلىقى ئۆز قەۋمىدىكى ئاياللارغا ساتقىنلىق قىلىشتىن باشلىنىدۇ.

— مەھمۇتجان يانتاق

---

ئاپتور: يېڭىشەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ بەزى ناخشىچىلىرىمىزنىڭ سەھنىلەردە يېرىم يالىڭاچ ھالدا ناخشا ئېيتىشىدىن قارىغاندا ئۇلار تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ناخشا بىلەن ئەمەس، تېنى بىلەن ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغاندەك قىلىدۇ.

▲ ھازىر دۇنيادا يەر تەۋرىشىنىڭ كۆپىيىپ ۋە كۈچىيىپ كەتكەنلىكى بىزگە تەبىئەتنىڭ بەرداشلىق بېرىشىنىڭمۇ چېكى بارلىقىنى بىلدۈرمەكتە.

▲ ئۆزۈڭگە قارشى كۈچلەرنى يوقىتىشنىڭ ئەڭ توغرا، ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ياپونلارغا ئوخشاش قارشى تەرەپنى ياخشى چۈشىنىش.

▲ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقانلارنى توسقانلار بىر بولسا پەقەت ئىلگىرىلىيەلمەيۋاتقانلار، بىر بولسا ئىلگىرىلەپ ھېرىپ قالغانلاردۇر.

▲ سىزنىڭ باشقىلارغا ئوتتۇرۇپ قويۇشىڭىزنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى، ئۆزىڭىز بىلەنلا بوپكېتىپ، قارشى تەرەپنى ئويلىمىغانلىقىڭىزدا.

▲ قانداق ئادەم بولغانلىقىڭنى قانداق ئىش قىلغانلىقىڭ بىلەن ئۆلچە.

▲ قورام تاشلار ئاستىدىن گۈللەرنىڭ ئۈنۈپ چىقىشى بىزگە ئىرادە، غەيرەت، «تىرىشىش» نىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ بېرىدۇ.

▲ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغۇچىلار ئىككى خىل ئادەم بولىدۇ: بىرى، ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەر، يەنە بىرى تەپەككۇر قىلغۇچىلاردۇر.

▲ ھەدېسىلا تارىختىكى ھەقىقەتلەر ئۈستىدىلا سۆزلەپ، بۈگۈنكى ھەقىقەت ئۈستىدە سۆزلىيەلمەسلىك بۈگۈندە ھەقىقەتنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

▲ ھەقىقەت يۈرەككە ئايلانغاندىلا ئۇ بىزگە مەدەت بېرەلەيدۇ.

— غوپۇرجان ياقۇپ (سەگەك)

---

ئاپتور: يېڭىشەر ناھىيە يېڭىئېرىق يېزىسىدا

## تەپەككۇردىرىخىدىن مېۋىلەر

▲ «دېھقان ئۇچۇن جېنىم پىدا» دەيدىغانلار بەكمۇ ئاز! ھەممىسىنىڭ ئويلايدىغىنى كۆڭۈللۈك، خاتىرجەم، تىنچ تۇرمۇش، بايلىق، نام-ئابروي. ئەمما «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بۇنداقلارغا بىر كاچات سالدى.

▲ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قانچىلىك شائىرى بولسا، پەقەت شۇنچىلىك ئوقۇرمىنى بار.

▲ ئوقۇرمەننى لەرزىگە سېلىپ، خىيال دەرياسىنىڭ دولقۇنىغا غەرق قىلىۋېتەلمىگەن شېئىر ئۆلگەن شېئىردۇر.

▲ سەندە يېتۈك تالانت، تولۇق ئىشەنچ بولمىسا، «ئەدەبىيات» دېگەن «ئېزىتقۇ» غا ھەۋەسلەنمە.

▲ ئەسىرىڭىزگە ئەجنەبىيلەرنىڭ تىللىرىنى قوشۇپ نېمە قىلىسىز، ئوقۇرمەننى تېخىمۇ ئازايتىپ.

— توختى داۋۇت

---

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە ئاقسۇ يېزا قازاق ئوتتۇرا مەكتەپ

www.uyghurkitap.com

ئوقۇغۇچىسى

## ئەسىراتتىن بىر كەلىمە

▲ تۈنۈگۈن نېمە قىلدىم؟ بۈگۈن نېمە قىلىمەن؟ ئەتىچۇ؟ دېيىلگەن پىلانى بولمىغان ئىنسان يەرشارىنىڭ پىتى ھەم ئۈچۈاق تاماقىنىڭ قۇلىدۇر.

▲ بىزنىڭ ئەڭ چوڭ نادانلىقىمىز كادىر بولۇشقا ئىنتىلىش، پەن-بىلىملەرنى ئىگىلەشكە شۇنداق ئىنتىلىدىغان بولساق نوبېل ئالدىراپ قالغان بولاتتى.

▲ گۈزەللىكنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلمىگەنلەر ئۈچۈن بۇ دۇنيا بىر دوزاق.

— مۇھەممەت ئوسمان

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە «قىزىل بايراق» دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ كادىرى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ئادەم ئۆز ئۆلۈمىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن غەمكىن ۋە ئالىيجاناب. قاچان ئۆلۈشىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن خۇشھال ۋە پەسكەشتۇر.

▲ كىچىكىمدە دۇنياغا ئۈمىدلىك قاراپ تاتلىق كۈلەتتىم. ئەمدى بولسا نەپرەتلىك تىكىلىپ ئاچچىق كۈلمەكتىمەن.

دۇنيا ئۆزگەردىمۇ ياكى مەنمۇ؟

▲ ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئەخمەقلىقى، ئۆز ھاياتىنىڭ قىممىتىنى ئەجەل ھودۇقۇشىدا ئاندىن ھېس قىلىشتۇر.

▲ نادانىنىڭ ئىخلاسىنى قوزغىغان شەيئىي، ئۆز ئورنىدا دانىشمەننىڭ كۈلكىسىنى قىستايدۇ.

▲ ئەقىل ۋە ھېسسىيات، ئاقلىغۇچى (ئادۋوكات) ۋە قارىلىغۇچى (زاسىپداتېل) دەك قارىمۇقارشى تۇرغاندىلا، روھىيەت ھەقىقىي تاكامۇللىشىدۇ.

— مۇھەممەت تۇرسۇن ئىرپانىي

ئاپتور: قەشقەر شەھىرى ئەنجان رەستە ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى سودا شەھەرچىسىدە

## تۈن تۈشلىرى

▲ پۇشايماننى ئالىدىغانغا قاچا ياسالغاندا، ئادەملەر شەيتانغا قول بولىدۇ.

▲ توغرا يول كۆپ ھاللاردا خاتا بېسىلغان قەدەملىرىڭ ئارىسىدىن باشلىنىدۇ.

▲ زىيادە مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈمچانلىق بىزارلىققا ۋە خاپىلىققا يول ئاچىدۇ.

▲ بۇ شۇنداق تەڭشىلىدىغان جاھانكى، غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەۋاتقان چاغلىرىڭدا چېكىنىشتەكمۇ ئورۇن ھازىرلاپ قوي.

▲ ھاياتقا بېرىلىدىغان توغرىراق تەبىر، باسقان ھەربىر قەدەم ئۈچۈن ھېساب بېرىشتۇر.

▲ ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولمىغان شادلىق ئۈچۈن بىھۇدە بەدەل تۆلەپ يۈرگىنىڭ، ئۆز جېنىڭغا ئۆزۈڭ قەست قىلغانغا باراۋەر.

▲ مۇھەببەت ھامان تەنھا يۈرەكلەردە بىخلىنىپ، تۇتاش يۈرەكلەردىن تۇزۇپ كېتىدۇ.

▲ ئالداش ئالدىنىشتىن ھەسسە ئازابلىق بولىدۇ.

▲ مەندىن بىزار بولغانلىقىڭنى ئېيتقانىدىڭ، ھەممە نەرسىنىڭ پەردە ئىچىدە سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم.

— قاسىمجان ئەمەت

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## روھ چېقىنلىرى

▲ تارىختىن بۇيان ياۋاشلارنىڭ قولىدىن ئىش كەلگەن ئەمەس، ئىش كېلىدۇ دېيىلسە مۇناپىقلىق ۋە ئاسىيلىق كېلىدۇ.

▲ تەبىئىي پەنى تەرەققىي قىلمىغان مىللەت ھامان يوقىلىدۇ.

▲ يوشۇرۇش - قىزىقىشنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، ئاشكارىلاش - يىرگىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭ تاللا.

▲ كۆڭۈل سىرىڭنى ئوغلۇڭدىن يوشۇرغىنىڭ بىلەن، ئاشناڭدىن يوشۇرالمايسەن.

▲ ئۆزى ۋە ئائىلىسىنى تۇزىيەلمىگەن ئادەم - مىللەت ۋە دۆلەت ئۈستىدە ئەڭ بۇرۇن گەپ ساتىدىغان ئادەملەردۇر.

▲ ئادەم - ئەقىل بىلەن ھېسسىيات قاچىلىنىپ قويۇۋېتىلگەن، مۇددەتلىك پارتلايدىغان، باشقۇرۇلىدىغان بومبا.

▲ ئۆز-ئۆزىگە سوت ئاچالايدىغان ئادەم - ئۆمرىگە ھۆكۈم چىقىرالايدۇ.

▲ ئەزىز بولۇشنى خالىساڭ باشقىلارنى خارلىما.

▲ «مەدەنىيەت دالاسىدىكى يىگانە چىنار - شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ سايىسى ئاستىدا كۆپچىلىك ئادەم «ھاردۇق چىقاردۇق ۋە ئوزۇقلاندۇق». بىراق، تېخىچە نادانلىق ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس. ئەپسۇس: «ئويغىتىش - ئەڭ مۈشكۈل ئىش. چۈنكى ئۇ ھەر ئىككىلا تەرەپنى بىئارام قىلىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغان مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن.

— مۇھەممەتئىمىن ھەكىم

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ھازىر «يىراقتىكى تۇغقاندىن ياندىكى قوشنا ياخشى» دېگەن گەپنى كۆپ ھاللاردا «يىراقتىكى تۇغقاندىنمۇ، ياندىكى قوشنىدىنمۇ يانچۇقتىكى پۇل ياخشى» دەپ چۈشەنگەن تۈزۈك بوپقالدى.

▲2-قېتىملىق پارس قولتۇقى ئۇرۇشى دۇنيانىڭ پېشانىسىدىكى «ب د ت» دېگەن ۋېۋىسكىنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «ئامېرىكا پارلامېنتى خەلقئارا پالاتاسى» دېگەن ۋېۋىسكىنى ئاستى.

▲«ھەق ئېگىلەر، سۇنماس» دېگەن سۆز خاتا ئېيتىلغان گەپ. چۈنكى ھەقنىڭ ئېگىلگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا سۇنغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ھازىرقى جەمئىيەتتە پۇلى، ھوقۇقى، مۇناسىۋەت دائىرىسى بارلار 1-تەبىقىگە كىرىدۇ؛ ھوقۇقى، مۇناسىۋەت دائىرىسى بارلار 2-تەبىقىگە كىرىدۇ؛ ھوقۇقدار، پۇلدارلارنىڭ بالا-چاقىلىرى 3-تەبىقىگە كىرىدۇ؛ مۇناسىۋەت دائىرىسى بارلار 4-تەبىقىگە كىرىدۇ؛ ئاچقۇچلۇق قانۇن، دوختۇر، باج، بانكا، سودا-سانائەت خىزمىتىنى ئىشلىگۈچىلەر 5-تەبىقىگە كىرىدۇ؛ پۇلدار، ھوقۇقدارلارنىڭ ئايالى بولۇپ، ئېرىنىڭ ۋاپاسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئائىلىسى ۋەيران بولۇپ، نەچچە ئون تۈمەنلەپ ئاجرىشىش ھەققى ئېلىپ، بۇ دۇنيادا ئەردىن جاق تويغان، پۇلدىن قىسىلمىغان ئاياللار 6-تەبىقىگە كىرىدۇ؛ پۇلدار، ھوقۇقدارلارنىڭ ئاشنىلىرى 7-تەبىقىگە كىرىدۇ؛ ئىشقىۋاز پۇلدارلار پاھىشە ئاياللارنى ئىزدەيدۇ، ئەرۋاھلارغا ئاتاپ سەدىقە بېرىدىغانلار قەلەندەرلەرنى ئىزدەيدۇ، بۇلار ئۆزگىنىڭمۇ، ئۆزىنىڭمۇ ھاجىتىدىن چىققاچقا 8-تەبىقىگە كىرىدۇ؛ كوچا سۈپۈرگۈچىلەر، ئوقۇتقۇچىلار باشقىلارغا پايدىمۇ بېرەلمەيدۇ، باشقىلارنىڭ تاماكا تۇتۇشىغىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ، تۇتۇلغان تەقدىردىمۇ كۆپىنچە ئىچ ئاغرىتىش سەۋەبىدىن بىرەر-يېرىم تال تاماكا تۇتۇلۇپ تۇرىدۇ، شۇڭا بۇلار 9-تەبىقىگە كىرىدۇ.

▲تۈرمىلەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئوغرى-بۇلاڭچىلارغا قاراپ، «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك-پوك» دېگەن گەپنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئاجرىتىۋېلىڭ.

▲ قېيناپىسى بىلەن چىقىشالمايدىغان كېلىننىڭ كەلگۈسىنى بىلىشنى خالامسىز؟ ئۇنداقتا نەزىرىڭىزنى كېلىنىدىن تەلىيى كەلمەي، ئىككى كۆزى ياشتىن قۇرۇمايدىغان قېيناپىلارغا سېلىپ كۆرۈڭ.

▲ بىر ئۆمۈر بەختسىز ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ بەختىنى نابۇت قىلغانلارنىڭ ئىچىدە ئاتا-ئانىلارمۇ بار.

▲ توڭگۇزدىن باشقا ھەرقانداق ھايۋان ئۆز جۈپتىنى قورۇيدۇ. بۇ جەھەتتە بەزى ئەركەكلەر توڭگۇزنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالغان.

▲ تاڭ سەھەردە ئىشىكىڭنى قېقىپ قەرز سۈيلەپ كەلمىسە، بويىغا يەتكەن قىزىڭغا ئەلچى كەلسە، ناشتىدا يېگەن نەرسەڭ كۆڭلۈڭدىن ئىلگىرى بەدىنىڭدىن چىقىپ كەتسە، مانا بۇنى ھەقىقىي بايلىق دەپ بىل.

- ھەبىبۇللا لېتىپ

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە پىچان يېزا كىچىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى(M1)

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نەشر ئەپكارى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىلەن خەنزۇ يېزىقىدىكى نەشر ئەپكارى «غەربىي دىيار مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر، خەت، پۇل چېكى، تۈرلۈك ئالاقە، كىتاب - ژۇرنال، ماتېرىيال ئەۋەتكۈچى ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ئادرېسىمىزنى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئېنىق قىلىپ: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72-قورۇدىكى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە - 乌鲁木齐市团结路 72 号《新疆文化》杂志维文编辑部收 دەپ يېزىشنى ئۈمىد قىلىمىز. پوچتا نومۇرىمىز: 830001

- كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى




# دۇنياۋى ھەقىقەتلەر

## «يەھۇدىيلارنىڭ سىرى»دىن ھېكمەتلەر

▲خەلقنىڭ ساداسى خۇدانىڭ ساداسىدۇر.

▲يالغانچىلارغا بېرىلىدىغان ئەڭ قاتتىق جازا، ئۇ راست گەپ قىلغاندىمۇ ئىشەنمەيدىغان ئادەم چىقماسلىق.

▲ئۇچراشقانلىكى ئادەمنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگەنگۈچىلەر دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەردۇر.

▲دانالىقنىڭ يەتتە شەرتى:

1. ئۆزىدىن قابىلىيەتلىكلەر بار سورۇندا سۈكۈت قىلىش.

2. باشقىلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتمەسلىك.

3. جاۋاب بەرگەندە تەمكىن بولۇش.

4. گەپ سورىغاندا ئېنىق سوراش، جاۋاب بەرگەندە تەرتىپلىك جاۋاب بېرىش.

5. ئىش قىلغاندا مۇھىمى بىلەن مۇھىم ئەمەسلىرىنى، جىددىي بىلەن جىددىي ئەمەسلىرىنى بىلىش.

6. بىلمەيدىغاننى بىلمەيمەن دېيىش، ھەرگىزمۇ بىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋالماسلىق.

7. ئەمەلىيەتنى ۋە ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىش.

▲ شەيتان ئىنسانلارنى يوقلاپ بېرىشقا ۋاقتى يەتمىگەندە، هاراقنى ئۆزىگە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدۇ.

▲ بالاڭنى كىچىكىدە قاتتىق باشقۇر، چوڭ بولغاندا ئەيىبلەۋەرمە.

▲ بالىغا بەرگەن ھەرقانداق ۋەدىدە چوقۇم چىڭ تۇرۇش كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا، بالىنى يالغان سۆزلەشكە ئۆگىتىپ قويىمىز.

▲ ئادەمدە ئېغىز بىر، قۇلاق ئىككى بولىدۇ، بۇ، ھەرقانداق ئىشتا كۆپ ئاڭلاپ، ئاز سۆزلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

باشقىلار سېنى ماختىسۇنكى، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ماختىما.

▲ پۇل ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتەلەيدىغان ئەينەك، ئۇنىڭدا بىر ئادەمنىڭ رەزىللىكىنىمۇ، ئالىيجانابلىقىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

▲ پۇرسەت پەقەت تەييارلىقى بار ئادەمگىلا كېلىدۇ. پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسا قايتا كەلمەيدۇ. سۆرەلمىلىك بىر ئادەمنى نابۇت قىلىپلا قالماي، بىر مىللەتنى نابۇت قىلىدۇ.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئادىل يۇسۇپ**

## دۇردانىلەر

▲ مۇھەببەت — ئاشىق-مەشۇقلار ئارىسىدىكى پەردە.

▲ ھەقىقەتنى ئاڭلىغۇچى سۆزلىگۈچىدىن ئاجىز ئەمەس.

▲ جىنايەت ئېھتىياجىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى ياكى بىر خىل كېسەللىك.

**— جىبران خەلىل جىبران**

▲ ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيىسىنى ئاڭلىمىغان ئادەم ئالدى بىلەن ئادەم بولۇشنىڭ پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ.

**— ھاجى ئابابەكرى ئىمان**

▲ مۇناپىقلىق بىر تۈرلۈك سەرمايە، ئۇنىڭ جاۋابىنى ئالۋاستى بېرىدۇ.

**— ۋىكتور ھيوگو**

**مامۇتجان نۇرمۇھەممەت** تەرجىمىسى

## ھەقىقەت توغرىسىدا ھېكمەتلەر

▲ ھەقىقەت ئەنە شۇنداق قۇدرەتكە ئىگىكى: سەن ئۇنىڭغا قانچىكى ھۇجۇم قىلماقچى بولساڭ، سېنىڭ بۇ ھۇجۇمىڭ ئۇنى شۇنچىلىك تولۇقلايدۇ ۋە ئىسپاتلايدۇ.

**— گالىلېي (ئىتالىيە)**

▲ غەزىپىڭ تۇتقاندا ھەقىقەتنى سەپسەتە دېمە، خۇشاللىقىڭ تۇتقاندا سەپسەتىنى ھەقىقەت (دېمە).

**— «جۇڭگو تەمسىللىرى» دىن**

▲ ھەقىقەت قانچىكى ئۇلۇغ بولسا، ئۇنىڭغا چاپلىنىدىغان بۆھتانلارمۇ شۇنچە ئاچچىق بولىدۇ.

**— ت. فۇللېر (ئەنگلىيە)**

▲ ساختىلىق سىرتلارنى سەيلى قىلىۋاتقىنىدا ھەقىقەت ئەمدىلا ئۆتۈكىنى كىيىۋاتاتتى.

**— سپورگېس (ئەنگلىيە)**

▲ ھەقىقەت بەك كۆپ كىيىنىۋالسا، ئەكسىچە ئۇ بەك چاكىنا كۆرۈنۈپ قالىدۇ.

**— تاگور (ھىندىستان)**

▲ ھەرىكەت بولمايدىكەن، ئىدىيە مەڭگۈ ھەقىقەت بولۇپ يېتىلەلمەيدۇ.

**— ئېمېرسون (ئامېرىكا)**

**— مۇھەممەتئېلى تۇرسۇن** تەرجىمىسى

## ئەقىل ئۇنچىلىرى

▲ شادىمان كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان خۇشاللىقلىرىنىڭ بولۇشى ناتايىن، ئۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن شادىمانكى، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

▲ كىشىلەرنىڭ خاپىلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇلارنىڭ پەقەت ئاسان قېرىنتۇۋېتىدىغان نەرسىلەرنى قوغلاشقانلىقىدىن پەيدا بولىدۇ.

▲ سىياسىيئونلار دۆلەتنى كىمنىڭ ئىدارە قىلىشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

پۇقرالار پەقەت دۆلەتنى كىمنىڭ ياخشى ئىدارە قىلىشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

▲ مەنزىرىنى قانچىكى يېقىن تۇرۇپ كۆرسە، شۇنچە ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

تارىخنى قانچىكى يېقىن تۇرۇپ كۆرسە، شۇنچە غۇۋالىشىدۇ.

**— لۇشۈن**

*باش ماۋزۇ باش مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى

**ئەسقەر ئەھمىدى** تەرجىمىسى (M2)

www.uyghurkitap.com

# ئىسلاھات داۋامىدىكى مەدەنىيەت

ئەكبەر نۇرمۇھەممەت



مەدەنىيەت ئىسلاھات

جۇڭگو پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە، دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىدىن سانائەت مەدەنىيىتىگە، يېكىنمىچىلىكتىن ئېچىۋېتىشكە، ئەنئەنىۋىلىكتىن زامانىۋىلىققا يۈزلىنىشتىن ئىبارەت مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر قېتىملىق تارىخىي ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرمەكتە. بازار ئىگىلىكىنىڭ زور دولقۇنى توسقۇنسىز رەۋىشتە پۈتكۈل جۇڭگو زېمىنىنىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا قەدەر يېتىپ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى كونا ئادەت-قاراشلىرىنى يۇيۇپ تازىلىماقتا. جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ ئېڭىدا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان شەكىللىنىپ كەلگەن قىممەت قارىشى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، ھاياتلىق مىزانى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت قائىدىلىرى رېئاللىق تەرىپىدىن تەدرىجىي ھالدا يۇيۇلۇپ، يېڭىلىنىپ بارماقتا. شۇڭا، ھەربىر زىيالىي ئۆز قىممەت قارىشىغا يېڭىۋاشتىن قاراپ چىقىپ، ئۆز غايىسىگە مۇۋاپىق ئورۇن ئىزدىمەي تۇرالمايدىغان بىر ھالەتكە كەلمەكتە.

تارىخ ئارىسالدىلىقتا قاراپ تۇرۇۋېرىشىمىزنى كۈتۈپ ياتمايدۇ. بىز ھازىر تولىمۇ ئارقىدا قالدۇق. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، جىددىي ئاتلانمىساق، تېخىمۇ ئارقىدا قېلىشىمىز تەبىئىي. بۈگۈنكى دەۋردە پۇرسەت بىلەن رىقابەت، ئۈمىد بىلەن مۈشكۈلات تەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىز كەمدىنكەم تېپىلىدىغان، شۇنداقلا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئۆتۈپ كېتىدىغان مۇشۇنداق ياخشى پەيتنى چىڭ تۇتۇپ تېزدىن تەدبىر بەلگىلەپ، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەمەلگە قاراپ ئىش كۆرسەكلا، «بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈزنىڭ ئېشىپ كېتىشى» تەبىئىي.

## ئىسلاھاتتىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى

ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى دېگىنىمىز - بىر دۆلەتنىڭ ئورتودوكسال ئاڭ فورمىسىنى بەلگىلەيدىغان مەدەنىيەتتۇر. قايسى خىل تۈزۈمدىكى دۆلەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسىدىلا ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىرادىسىگە، مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاڭ فورمىسى بولىدۇ. ئۇنىڭ نوپۇزى شۇ خىلدىكى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگودا «كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى ئارقىلىق يېتەكلەش، ئالىيجاناب پەزىلەت بىلەن تەربىيىلەش، نادىر ئەسەرلەر ئارقىلىق ئىلھاملاندۇرۇش» دېگەن كۆرسەتمە ھازىرقى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتىنىڭ تۈپ يىلتىزىدۇر.

## قەتئىي ئىشەنچ بىلەن دۆلەت روھىنى ئۇرغۇتۇش لازىم

جۇڭگودىن چەت ئەللەرگىچە، قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان تارىخىي تەجرىبىلەردىن ئايانكى، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا ئالدى بىلەن خەلقنى كۈچلەندۈرۈش؛ خەلقنى كۈچلەندۈرۈشتە ئالدى بىلەن روھنى ئۇرغۇتۇش زۆرۈر. روھنى ئۇرغۇتۇشنىڭ ئاساسى بولسا، يىمىرىلمەس مەنىۋى تۈۋرۈك بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ نۇقتىدا بىز جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان نەرسىدۇر.

جۇڭگودا ئەزەلدىن تۈزۈملەشكەن دىنىي ئەنئەنە كەمچىل بولۇپ، ئىزچىل تۈردە كىشىلەر قەلبىنى مايىل قىلىپ كېلىۋاتقىنى كۈندىلىك تۇرمۇش داۋامىدا ئۆزلىشىپ كېتىۋاتقان كۆڭۈل تەلىماتى ئەنئەنىسىدىن

ئىبارەت ئىدى. 1949-يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن بولسا سوتسىيالىزم نىشانى يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ ئېتىقادىدا يېڭىدىن ئورۇن ئالدى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، سىرتقا قارىتا دۆلەت دەرۋازىسى ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن ھەممە ئىشلار يېڭى ئىزغا سېلىنىپ، ھەرقايسى ساھەلەردە يېڭىچە ئىش باشلىنىپ كەتتى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ، شۇنداقلا بارچە خەلقنىڭ زېھنىي كۈچى، ھەتتاكى زور بىر تۈركۈم زىيالىيلارنىڭ زېھنىي كۈچى تېز سۈرئەتتە قاتلاملار بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بولۇدىغان تەدبىر-سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىشقا مەركەزلەشتۈرۈلدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان 20 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ساھەلەر بويىچە يولغا قويۇشقا تېگىشلىك بولۇۋاتقان ئىسلاھات ۋەزىپىسى تېخىمۇ كۆپ، ئەلۋەتتە. ئەمما مەنۋىيەتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر يەنىمۇ روشەن گەۋدىلىنىپ بارماقتا ۋە بۇ مەسىلىلەرمۇ ئىسلاھاتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەگىشىپ جىددىي رەۋىشتە توغرا ئىزغا سېلىنىپ ھەم تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدا تۇرماقتا. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىدىيىسى بىزگە توغرا ئىلگىرىلەش نىشانىنى تۇرغۇزۇشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىنى بەلگىلەپ بەردى. لېكىن بىز تېخىچە مۇشۇ ئۇلۇغ نەزەرىيىۋى پرىنسىپنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھازىرقى جەمئىيىتىمىزنى ساغلام راۋاجلاندۇرالايدىغان قىممەت تۈزۈلمىسى ۋە ئاڭ فورمىسىنىڭ يېڭىچە كونكرېت مەزمۇنىنى تېپىپ چىقالمىدۇق. شۇڭا، باشتىن ئاخىر بۈگۈنكى جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۈچۈن مەنىۋى تۈۋرۈك بەرپا قىلىشقا موھتاج بولۇۋاتىمىز.

## مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش - ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇش پىلانىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ جانلىنىپ روناق تېپىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر تۈرلۈك زور ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىدۇر. بىر ساغلام مىللەت ۋە بىر مۇكەممەل دۆلەتتە مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، يەنى زېھنىي كۈچنىڭ قوللىشى بىلەن ئىدىيىۋى نەزەرىيىنىڭ مەدىتى بولمىسا زادى بولمايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس. گۇمانىتارلىق ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى بولمىسا، مىللەت ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىن سۆز ئاچقىلىمۇ بولمايدۇ.

ئېلىمىز مەدەنىيىتىنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرى ئۇنىڭ تەركىبىدە باشقا خىل مەدەنىيەتلەرگە خاس تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ بولۇشىنى لازىملىقىنى بەلگىلىگەن. سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىياتى، ئەلۋەتتە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ داغدام يولىدىن چەتلەپ كېتەلمەيدۇ، بەلكى ئۇ مۇقەررەر ھالدا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن تاشقى مەدەنىيەتتىن ئوزۇق ئالىدۇ. لېكىن ئۇ چوقۇم مېغىزىنى ئېلىپ شاكىلىنى تاشلىۋېتىش، شۇنداقلا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇشى، ھەرگىزمۇ دوگما ھالدا كۆچۈرۈپ كېلىنمەسلىكى زۆرۈر. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت جۇڭگودىلا پۇت دەسسەپ قالماستىن بەلكى دۇنياغىمۇ يۈزلىنىشى، ھازىرقى دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىپلا قالماي، يەنە ئۆتمۈشكىمۇ نەزەر سېلىشى، ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىش بىلەن بىرگە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئاساسىي مېلودىيىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە كۆپ خىل بولۇشىنىمۇ تەشەببۇس قىلىشى، خەلق ئاممىسىنى ھەر تەرەپلىمە نادىر مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك.

مۇشۇ يېقىنقى يىللار داۋامىدا نۇرغۇنلىغان ياخشى ۋە بىرقەدەر ياخشىراق بولغان نادىر مەنىۋى مەھسۇلاتلار مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تېخى يەنىلا پەرق مەۋجۇد. بۇنىڭدىكى مۇھىم ھالقا شۇكى، ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولغان نادىر ئەسەرلەر سان ۋە تۈر جەھەتتىن خېلىلا ئازلىق قىلىدۇ. مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر جەرياننى بېسىپ ئۆتىدۇ. بىر نادىر ئەسەرنىڭ بارلىققا كېلىشى كۆپ تەرەپلىمە شەرت-شارائىتقا موھتاج بولۇپ، بۇ، ئىجادىيەت خادىملىرىغا تولىمۇ قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. ئۇلارنى بۇ شەرەپلىك ھەم جاپالىق ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان بىلىملىك كىشىلەردىن بولۇشقا چاقىرىدۇ.

## يول سوراشقا دادىل بولۇش لازىم

بۇ قېتىم جۇڭگولۇقلار غەپلەتتىن ئويغانغان چاغدا، دۆلەت دەرۋازىسىنى بۆسۈپ كىرگىنى ئەپيۇن ۋە ئەجنەبىيلەرنىڭ مىلتىق، توپ - زەمبىرەكلىرى بولماستىن، بەلكى ئېلېكترون تېخنىكىسى، يېڭى پەن-تېخنىكا ھەم يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلار بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېڭى كۆزقاراش، يېڭى ئىدىيىۋى ئېقىم ۋە يېڭى بىلىملەرمۇ ئۈزلۈكسىز كىرىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇپ، پىكىر-خىياللىرىنى چېچىۋەتتى. شۇ ۋەجىدىن، بۇ ئىككى خىل سېلىشتۇرما، بۇ بىر تۈرلۈك مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن، تېخنىكا ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىدىكى كۈچلۈك پەرق جۇڭگو زىيالىيلىرىنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئارقىدا قالغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبلىرى، دۇنيانىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە يېتىشىۋېلىش يولى ۋە ئۇسۇل - چارىلىرى ئۈستىدە يېڭىۋاشتىن ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى.

كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، ھازىر جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتى ئاچقۇچلۇق بىر پەيتكە كەپقالدى. ئاسان ماڭغىدەك يولنىڭ ھەممىسى بېسىپ بولۇندى. ئىسلاھات چوڭقۇرلاپ «چوڭقۇر كېچىك» كە كىرگەندىن كېيىن، ئېھتىيات بىلەن بىر تەرەپ قىلىنمىسا بولمايدىغان بارلىق مەسىلىلەر يىغىلىپ، ئەمدىلىكتە قېچىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرگە ئايلاندى. كېيىنكى قەدەمدىكى ئىسلاھات تېخىمۇ كۆپ رىقابەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ.

ئىسلاھات جەريانىدىكى بارلىق ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسى دەپلا قاراشقا بولمايدۇ. بەزى تۈزۈملەشكەن نۇقسانلار ئۆز نۆۋىتىدە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەرقانداق تۈزۈمنىڭ لايىھىلىنىشىدە مۇئەييەن ئېلاستىكىلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان «يوچۇق» لار مۇقەررەر

مالدا تولدۇرۇلۇپ تۇرۇلۇشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، جەمئىيەت ئۆز ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىدۇ. ئەگەردە ئىبلاستىكلىق تولىمۇ زور بوپكەتسە، ئۇ چاغدا بۇ تۈزۈمنى مەغلۇبىيەت گىردابىغا ئاپىرىپ قويىدۇ. دە، بۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەتنى ئېغىر بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن مەلۇمكى، «پىلانلىق ئىگىلىك»تىن ۋازكەچكەندىلا، ئاندىن «بازار ئىگىلىكى»گە ئۆتەلەيمىز. لېكىن جۇڭگونىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى غەربنىڭكىگە تامامەن ئوخشاشمىغانلىقتىن، «بازارتوختاپ قېلىش» ھادىسىسى خېلىلا ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ بازار ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپلا، غەيرىي بازار سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. شۇ تۈپەيلى، بىز ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلە - بۇرۇلۇش مەزگىلىدىكى نەزەرىيىۋى ئاساسنى توغرا تونۇش ھەمدە توغرا يەكۈنلەش بىلەن بىرگە، يەنە مۇشۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىلىرىنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ نەزەرىيە ئىقتىسادشۇناسلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى كىشىلەرنىمۇ قايىل قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. بىز جامائەتكە نېمىنىڭ زامانىمىزدىكى فورمالىستىك ماركسىزم ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمنىڭ ئاڭ فورمىسى ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ بېرەلىشىمىز كېرەك؛ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ قانداق غايىگە، قانداق پەزىلەتكە ۋە قانداق ئىستىلغا ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئاستىدىكى بازار ئىگىلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان تەسىرلەرنى قانداق يېڭىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرەلىشىمىز كېرەك؛ دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم» نەزەرىيىسىنى قانداق قىلغاندا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، سىستېمىلاشتۇرغىلى ھەمدە ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ راۋاجلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى، قانداق قىلغاندا بۇ نەزەرىيىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا يەكۈنلىگىلى بولىدىغانلىقىنى، ھەمدە قانداق قىلغاندا بۇ نەزەرىيىنى ئاممىباپ ھالدا مىللىيەت روھىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى شەرھلەپ بېرەلەيدىغان بولۇشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە كىشىلەرگە بىزنىڭ زادى قايسى يوللارنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىمىزنى، بۇ يول بىزنى ئاخىرى زادى نەگە باشلاپ بارىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ، ئەڭ مۇھىمى، بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇ يولدىن باشقا ھەرقانداق بىر يولدا مېڭىشىمىزغا زادىلا بولمايدىغانلىقىنى تەھلىل قىلىپ بېرەلىشىمىز لازىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى زامانىمىزدىكى مۇھىم تېمىلار بولغاچقا، ئېنىق چۈشەندۈرمەسلىككە زادى بولمايدۇ، جامائەتچىلىكنى تولۇق قايىل قىلالمىساق تېخىمۇ بولمايدۇ.

## ئىسلاھات داۋامىدىكى زىيالىيلار مەدەنىيتى

جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېڭى، پسىخىكىسى، ئەنئەنىۋى بىلىم فورمىسى ۋە ئەنئەنىۋى ھەرىكەت ئۇسۇلى بىلەن زامانىۋى جەمئىيەت جۇڭگولۇقلاردىن مۇقەررەر ھالدا تەلەپ قىلىۋاتقان زامانىۋى ئاڭ، زامانىۋى پسىخىكا، زامانىۋى بىلىم فورمىسى ۋە زامانىۋى ھەرىكەت ئۇسۇلى ئوتتۇرىسىدا ھەر تەرەپتىن كېلىپ چىقىۋاتقان ئومۇمىيۈزلۈك ئىختىلاپلار گۇمانىتار پەنلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان زىيالىيلارغا نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان كىشىلەر ئادەتلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى نەزەرىيە، قىممەت سىستېمىسى ۋە مەنتىقىي سىستېمىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئىقتىدارىنى يوقاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. ئۇلار ئومۇمىيۈزلۈك يېڭىلاش، تەڭشەشتىن ئىبارەت «ئۆزگىرىش» باسقۇچىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش مەزگىلىگە كەپقالدى. كونىلىرى ئالىقاچان كۈچىدىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن يېڭىلىرى تېخى تىكلەنگىنى يوق. بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق زېھنىمىز بىلەن قەدەممۇ قەدەم ئىزدىنىشىمىزگە، ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى ئىمكانقەدەر يېڭىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك كىشىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ ئېڭىدا «روھىي بۇرۇلۇش بولغان» بولۇپ، ئۇلار ئالدى بىلەن چوڭ تېمىلاردىن ۋە رېئاللىقتىكى مەسىلىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلىلەرنىڭ سىياسىي سېزىمچانلىقى كۈچلۈك، نەزەرىيىۋى جەھەتتە قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى، ۋاقىت ۋە كۈچنى خوراتقاندىن سىرت، يەنە «ئىقتىسادىي ئۈنۈمى» ۋە «بەختەرلىك كوئېففىتسىيېنتى»مۇ تۆۋەن. شۇڭلاشقا، بۇلارنىڭ ئىجادىيىتى تارىخنى، ئاددىي كىشىلەرنى ۋە ئۇششاق ئىشلارنىلا تەسۋىرلەش، ئاممىباپ ۋە ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكىلا يارايدىغان، نىشانى نائېنىق بولغان، نەزەرىيە ۋە تەنقىدىي جەھەتتە شەكىلۋازلىقنى، تىل جەھەتتە مايىللىقنى قوغلىشىدىغان نەرسىلەر بىلەنلا چەكلىنىۋاتىدۇ. تەبىئىيكى، بۇلارنىڭ ئەسلىدە مەزمۇن جەھەتتە بايان قىلماقچى بولغانلىرى زور ھەم پايدىلىق نەرسىلەر بولۇشى كېرەك بولسىمۇ ئاخىرى كېلىپ، بىر خىل مەنىۋى «قاچقۇنلۇق» خاھىشىنى ئىپادىلەپ، بىر نەق مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ روھى پۇچەك بولۇپ، مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئىزدىنىشكە ئامالسىز قالغان ئەھۋال ئاستىدا ئاللىۋالغان، جاپالىق ئەمگەكتىن ئۆزىنى قاچۇرۇدىغان، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىمۇ قوغدىيالمايدىغان بىر تۈرلۈك كىشىلىك تۇرمۇش يولىدىن ئىبارەت، خالاس.

گەرچە بۇ قېتىمقى ئۆزگىرىش ھېلىقىدەك چەك-چېگرىسى ئېنىق سىياسىي كۈرەشلەرگە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ، ئىلگىرىلەش بىلەن چېكىنىشنىڭ، ھەققانىيەت بىلەن رەزىللىكنىڭ، چىنلىق بىلەن ساختىلىقنىڭ، گۈزەللىك بىلەن كۆرۈمسىزلىكنىڭ بىرلىكتە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت مۇرەككەپ بىر ھالەتنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىنسان تەبىئىيتىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى تۈرلۈك «گېپ»لار ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن، كۈچلۈك ياكى ئاجىز رەۋىشتە كىشىلىك تۇرمۇش سەھنىسىنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ. مانا بۇ ئەھۋال جەمئىيەتتىكى كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدىغان گۇمانىتار پەنلەر ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان زىيالىيلىرىمىزنى مول ئىجادىيەت زېمىنى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇدىغان ئەڭ ئېسىل پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. گەرچە، مەدەنىيەت-سەنئەتنىڭ ۋېرتىكال جۇغلانمىسى بىلەن گورىزونتىك سېلىشتۇرمىسىدا بۆسۈش خاراكتېرىدىكى روشەن ئۈنۈمدارلىق يېتەرسىز، كۆڭۈلدىكى روھىي خاتىرىلەرنى «ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەش»كە نائىل قىلالىشى تېخىمۇ قىيىن بولسىمۇ، ممالەن ئېيتقاندا، بىز بۈگۈنكى سەنئىتىمىزنى قەدىمقى زامان سەنئىتىدىن

ئېشىپ چۈشىدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتالمايمىز. لېكىن جۇڭگو دۇنياغا يۈزلەنمەكچى بولىدىكەن، ئەلۋەتتە جۇڭگو مەدەنىيىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشى كېرەك؛ جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولىدىكەن، جۇڭگو مەدەنىيىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك، دەپ كېسىپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز. بۇ ھازىرقى ھەربىر بىلىملىك زاتنىڭ ئورتاق ئېتىقادىغا ئايلىنىشى، شۇنداقلا، جۇڭگونىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئۇلۇغ تارىخىي يۈكسىلىشىدە تەقدىي مۇقەررەرلىككە ئايلىنىشى لازىم.

ئادەم مەدەنىيەتنى مەۋجۇد قىلىپ تۇرىدۇ، شۇ ۋەجىدىن مۇقەررەر ھالدا ئەنئەنىنىمۇ مەۋجۇد قىلىپ تۇرىدۇ. ئىنسانلار كۈچلۈك ئەنئەنىلەرنىڭ ئاسارىتىدە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، شۇنداقلا ئەنئەنىنى تۇرمۇشنىڭ شەرتى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەزىدە يەنە شۇ ئەنئەنىنى ئىنكار قىلىپمۇ قويىدۇ. گەرچە، ئەنئەنە كونسېرۋاتىپلىقنىڭ پرىنسىپى دېيىلسىمۇ، لېكىن ئۇنى يەنىلا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ئۇ ئۆزى كىشىلەر تەرىپىدىن يارىتىلغان بولغاچقا، ئۇنى يەنە ئوڭايلا يېڭى كەشپىياتلار بىلەن بېيىتقىلى، ئۆزگەرتىۋەتكىلى بولىدۇ. بىز بۇيەردە تىلغا ئېلىۋاتقان مەدەنىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، يەنىلا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن ئوزۇق ئالغان «يىلتىز» بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىرىكمىسىدىن ئىبارەت. ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن ئومۇميۈزلۈك غەربلەشتۈرۈش ۋە ئەنئەنىۋىلىكتە چىڭ تۇرۇۋېلىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىلمىيلىك ھېسابلانمىغاچقا، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ.

زامانىۋى مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدىكى پىكىرلەر بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا يېڭى شەيئى ھېسابلىنىدۇ. بىز ماڭىدىغان تەييار يول يوق، ئاساسلىنىدىغان تەييار نۇسخا-ئەندىزىمۇ يوق. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ نەچچە ئون يىللىق ، بولۇپمۇ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20يىل يىلدىن بۇيانقى مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرىنى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن مەدەنىيەت ئۆزگەرتىش داۋامىدىكى ئەمەلىيەتنى ئەستايىدىل خۇلاسىلاپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. زىيالىيلار تارىختىن بۇيان جەمئىيەتتە مۇستەقىل مەنپەئەتكە ئىگە تەبىقە بولغان ئەمەس. ئۇلار جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك كەسپىي ساھەلەرگە سىڭىپ كىرگەن ھالدا، شۇساھەلەردىكى كىشىلەر بىلەن مەنپەئەتداش بولۇپ ياشاپ كەلگەن. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇرى، ئىستېداتى، بىلىمى، ھۈنەر-ماھارىتى ۋە كىشىلىك ئەخلاقىي پەزىلىتىدىن پايدىلىنىپ، باشقا مەنپەئەتداش تەبىقە كىشىلىرى بىلەن ئورتاق مەنپەئەتلىنىپ، ئورتاق كەشپىيات ھەم بايلىق يارىتالىسىلا، ئاندىن بىر پۈتۈن ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

لېنىن ئۆزىنىڭ «پارتىيە تەشكىلى ۋە پارتىيە ئەدەبىياتى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتكەنىدى: «مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغىنى شۇكى، ئەدەبىيات ئىشلىرىدا ھەممىدىن بەك ئاقمايدىغىنى مېخانىك ھالدىكى باراۋەرلىك ھەم بىردەكلىك بىلەن ئازسانلىقلارنى كۆپ سانلىقلارغا بويسۇندۇرۇشتۇر. ئىشلىرىمىزنى باشقا ئېلىپ چىقىش داۋامىدا شەخسىي ئىجادكارلىق بىلەن شەخسىي ھەۋەسنى، تەپەككۇر بىلەن خىيالىي ئارزۇنى، شەكىل بىلەن مەزمۇننى بىپايان زېمىنغا ئىگە قىلىشقا قەتئىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم». مۇشۇ ئىلمىي ھۆكۈمگە ئاساسەن يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ مەملىكەتلىك 4-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدىكى تەبرىك نۇتقىدا مۇنداق تەكىتلىگەنىدى: «ئەدەبىيات - سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ مەنىۋى ئەمگەك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ ئىجادكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا تولىمۇ موھتاج. نېمىنى يېزىش، قانداق يېزىش مەسىلىسىنى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر سەنئەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىزدىنىش ۋە تەدرىجىي ھاسىلاتقا ئىگە بولۇش ئارقىلىق ھەل قىلالايدۇ. بۇ جەھەتتە ھە دېگەندىلا ئارىلىشىۋېلىشقا بولمايدۇ».

بىر دۆلەتتىكى ھەرقانداق بىر مىللەت ھەرقانداق بىر دەۋردە ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ ئىلغار ئىلىم-پەننى، ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتى، بىلەن مەدەنىيەت-سەنئەتنى ئىگىلىگەن ئىگانە كىشىلەردىن بولۇشى زۆرۈر. ئىلىم-پەن ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى يارىتىش - شۇ دەۋرنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچى. «بازار نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا شۇنى قىلىمەن، بازار نېمىگە موھتاج بولسا، شۇنى يازىمەن» دېيىلسە، دەرۋەقە، كىشىلەردىكى يوشۇرۇن كۈچنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قېزىپ چىقارغىلى بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئىگانە كىشىلەر ۋە نادىر ئەسەرلەرنى ھەرگىزمۇ ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئىگانە كىشىلەر بىلەن نادىر ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا، نامراتلىق، بۇرۇقتۇرمىلۇقتا بەرداشلىق بېرىشكە، يەتكىچە كۈلپەت-مۇشەققەت تارتىپ، كۆرمىگەن مالامەتلەرنى كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەدەنىيەت - سەنئەت بىلەن ئىقتىساد ئوخشاشلا مۇرەككەپ، سىستېمىلىق قۇرۇلۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن سىياسەت، مەدەنىيەت، باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپ تەرەپلىمە ھەرىكەتكە كەلمىسە بولمايدۇ. مانا بۇمۇ زىيالىيلارغا ئۆزتالانتىنى جارى قىلدۇرىدىغان زېمىن ۋە ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. بىز ئىسلاھات جەمئىيىتىدە ئەنە شۇ مەنىۋىيەت بىنالىرىنىڭ ھۇل تۈۋرۈكى بولغان زىيالىيلارنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك ھەم ئۇنتۇپ قېلىشقا ئەسلا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ئەزىمەتلەر، شۇنداقلا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ پارلاق كېلەچىكىگە يول ئاچقۇچىلاردۇر.

ئىشىنىشكە بولىدۇكى، بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ھەمدە بازار ئىگىلىكىگە دائىر قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ مۇكەممەللىشىشى ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، بازار ئىگىلىكى ئەكەلگەن ئېچىۋېتىش روھى، باراۋەرلىك روھى، ئىلىم ساھەسىدىكى كۆپ خىللاشتۇرۇش روھى، خۇسۇسىيلارنىڭ تەشەببۇسكارلىق روھى ھەم ئىلمىي روھ چوقۇم كۈنسايىن ۋايىغا يېتىپ ئۆز ئىپادىسىنى روشەن نامايان قىلىدۇ. مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە دۇنيانىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىدىن روھ ھەم ئوزۇق ئېلىۋاتقان، زامانىۋى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇۋاتقان بىر ئەۋلاد يېڭى جۇڭگو كىشىلىرى تېز ئارىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ھەمدە جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى تەشكىل قىلىپ، مىللەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە دۆلەت روھىنى ئۇرغۇتۇشتىكى تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ.

## ئىسلاھات داۋامىدىكى بازار مەدەنىيىتى

يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1992-يىلى «جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆز» دە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «پىلانلىق ئىگىلىكنى

www.uyghurkitap.com

سوتسىيالىزم دەپ ئاتاشقىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى ، كاپىتالىزمدىمۇ پىلان بولىدۇ؛ بازار ئىگىلىكىنى كاپىتالىزم دەپ ئاتاشقىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى، سوتسىيالىزمدىمۇ بازار بولىدۇ».

1990-يىللاردا جۇڭگو ئاساسەن بازار ئىگىلىكى ئىزىغا چۈشۈپ بولدى. « رىقابەت» بولسا، بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيىتى. ئەگەر بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلسا، بۇ قانۇنىيەت ھەرگىزمۇ ئۆزگەرمەيدۇ. مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتتىن بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلگەندە، مەنپەئەت مەسىلىسى ئەڭ ئالدىنقى مەسىلە بوپقالىدۇ. ھازىر مەدەنىيەت ئىشلىرىمۇ بازارغا يۈزلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر بىز رېئاللىقنى كۆزدە تۇتماي، يەنىلا ئۆز خاھىشىمىز بويىچە ئۆزىمىز بىلگەنچە ئىجادىيەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋېرىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا تېخىمۇ كۆپ ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز. تېخىمۇ يامىنى شۇكى، بىز سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشانىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۈتۈنلەي ئامالسىز قالىمىز. لېكىن مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. بازار يېتەكلەشكە، يېڭىلاشقا ۋە قايتا قۇرۇشقا موھتاج. شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىزكى، ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىۋاتقان چولپانلىرىمىز سەھنىدە تۆككەن تەسىرلىك كۆز ياشلىرى بىلەنمۇ، ئۆزلىرىنىڭ شۇ سەھنىگە چىققىنى ئۈچۈن تولىمۇ يۇقىرى باھادا ھەق ئېلىۋاتقانلىقىنى يوشۇرالمايۋاتىدۇ. بەس-بەس بىلەن سەھنىگە چىقىش ھەققى ئېلىش چولپانلار ئارىسىدا پايدا-مەنپەئەت قوغلىشىش خاھىشىنى پەيدا قىلىپلا قالماي، يەنە تەدرىجىي يوسۇندا شەخسلەرنىڭ ئىززەت-ئابرويىنى بەلگىلەيدىغان ئۆلچەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بازار مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىلا خىيالىي مەدەنىيەتنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بارلىق ھېسسىي نازاكەت ۋە غىدىقلاش ئاملى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تەسەۋۋۇر شەكلى ئارقىلىقلا كىشىلەرگە نامايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ كىشىلەردە ساقلىنىۋاتقان رېئاللىق بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوق. شۇنداقتىمۇ، روھىي جەھەتتىن چارچىغان كىشىلەر يەنىلا مۇشۇ خىلدىكى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىنتىلىشى ۋە قىزىقىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى خالايدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى قارشى تۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك بولىدۇ. بازار مەدەنىيىتى بازار ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلى بولغانىكەن، بازارنى ئىگىلەش ھەمدە سودا پايدىسىغا ئېرىشىش ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ مۇددىئاسى بولىدۇ. مۇشۇ خىل مەنپەئەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بارلىق مەدەنىيەت بايلىقىنىڭ ھەممىسىلا مۇشۇ مەدەنىيەت فورمىسى تەرىپىدىن بازارغا كىرگۈزۈۋېتىلىپ، يېگىدىن قېزىش ۋە بېزەش ئارقىلىق مەدەنىيەت ئىستېمال بۇيۇملىرىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلىشى مۇمكىن.

مەدەنىيەت ساھەسىدە مودا بولۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭلا ياخشى ياكى تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان نەرسىلەر بولۇشى ناتايىن. لېكىن ياخشى ھەم ئىلغار بولغان مەنىۋى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا ئاساسىي ئېقىمنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشى كېرەك. سىز ئىگىلىمىسىڭىز، ئۇنى باشقىلار ئىگىلەپ كېتىدۇ. مانا بۇ شەپقەتسىز بازار قانۇنىيىتى بولسا، ياخشىلىرىنىڭ ئۆزۈپ چىقىپ، ناچارلىرىنىڭ شاللىنىپ كېتىشى، بۇ بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيىتى. بۇ يىرىدىن دەۋرنىڭ جان تومۇرىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى، جۇڭگونى قاتلام مەدەنىيىتى، بازار مەدەنىيىتى ۋە تاشقى مەدەنىيەتنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ ، ھازىرقى زامان جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى فورمىسىنى يارىتىپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن تۈرلۈك مەدەنىيەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ بېرىكىشىدىن ئىبارەت كەلگۈسى مەنزىرىگە نەزەر سېلىشىمىزنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، خەلق ياقتۇرىدىغان ياخشى ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىمىزنى، نەزەرىيە ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشىمىزنى ، بىلىمنى مەدەنىيەت بازارلىرىغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق كالىلىمىزدىكى بىكار تۇرۇپ قالغان، قاتمال ۋە تاشلاندۇقققا ئايلانغان بىلىم ۋە ئىقتىدارىمىزنى قايتىدىن ئىشقا سېلىپ جەمئىيەت ئۈچۈن، ئۆزىمىز ئۈچۈن پۇل تاپقۇزۇشىمىزنى، ئۆز كاللىمىز ۋە جىسمانىيىتىمىزگە تايىنىپ كەسپىي ساھەدە قەددىمىزنى كۆتۈرۈپ، بىلىم ۋە ئەقىل-پاراسەت ئارقىلىق بايلىققا ئېرىشىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. پۇختا ئىقتىسادىي ئاساس ياراتقاندىلا، ئاندىن گىگانت كىشىلەر ۋە نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگىلى، شۇنداقلا يۇقىرى سۈپەتلىك، سەرخىل، ئۈتكۈر مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا، كۆپ يىللىق جۇغلانمىلار ھەم تىندۇرمىلارنى دەۋرنىڭ كۈچلۈك ساداسىغا ئايلاندۇرغىلى پايدىلىق بولۇپلا قالماي، يەنە بۇ ئارقىلىق ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

ھازىر ئەقىل-پاراسەتنى پۇلغا ساتىدىغان، ئەقىل-پاراسەت كۈچى ماددىي كۈچ ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان دەۋر يېتىپ كەلدى. ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى مەدەنىيەت ئەھلىلىرىنىڭ كاللىسىنى ئالتۇن كانىغا ئايلاندۇردى. مەدەنىيەت ئەھلىلىرى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە سىڭىپ كىرىپ، كەسىپ شەكلى ئارقىلىق مەدەنىيەتنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن چاغدىلا، ئۆز پىكرىنى بېيىتىپ يېڭى كۆز قاراش، يېڭى ئۇچۇرلارنى رېئاللىققا ئەكىرىپ، ھېلىقىدەك ئۆزى پۇلدار بولسىمۇ، لېكىن مەدەنىيەت جەھەتتە ساپاسى تۆۋەن بولغان سودا ساھەسىدىكى سەرخىل زاتلارنىڭ مەدەنىي پەزىلەت ۋە قىممەت قارىشى تىكلىۋېلىشىغا ياردەم قىلالايدۇ.

ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشى بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىش تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ روناق تېپىشى ياكى خاراب بولۇشى بىر دەۋرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگە. ھازىرقى قىيىنچىلىق پەقەت ئۆزگىرىش داۋامىدىكى ئۆتكۈنچى ئاغرىقتىنلا ئىبارەت. مۇشۇ مەزگىلدىنلا ئۆتۈپ كەتسەك، ئۆز ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلدۇرالايدىغان بىپايان زېمىن ئالدىمىزدا كۆز ئاچقۇسى.

- 1998-يىل مارت، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت كەسپى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى(M2)



# سارس ۋە بىز

دىلئارام قۇربان

«سارس» - بۇ قورقۇنچلۇق ئىسىمنى ئاڭلىغىنىمغا ھەش-پەش دېگۈچە ئۈچ ئايچە بوپقاپتۇ. دەسلەپتە مەن بۇنى «A تىپلىق جىگەر كېسەللى»، «تارقىلىشچان زۇكام» دېگەنگە ئوخشاش يۇقۇملۇق كېسەل ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ئانچە ئېرەنشىپ كەتمەپتىمەن. بۇيىل 1-ئاپرېلدا شياڭگاڭنىڭ كىنو ئارتىسى جاڭ گورۇڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپتۇ، تېلېۋىزىيە - گېزىتلەر بۇ خەۋەر بىلەن تولۇپ كەتتى. مەن خەۋەرلەردىن شياڭگاڭدىكى كۆپلىگەن ئادەمنىڭ سارسنىڭ مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن كوچىلاردىمۇ ماسكا تاقىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، «ۋۇي، بۇ كېسەل ھەقىقەتەن خەتەرلىك ئوخشىمامدۇ» دەپ ئويلىدىمدە. سەگەكلىشىشكە باشلىدىم. دۆلەت ئىچىدىكى نۇرغۇن شەھەر - رايونلاردا ئارقا-ئارقىدىن سارس بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار سانى كۈندىن كۈنگە كۆپەيگىلى تۇردى. مەنمۇ تېلېۋىزوردىن، گېزىتتىن يېڭى-يېڭى مەلۇماتلارنى كۆرۈپ تۇردۇم. لېكىن بىز تۇرۇۋاتقان شەنشى ئۆلكىسىدە خېلى بىرۋاقىتلارغىچە يۇقۇملانغۇچىلار بايقالمىغاچقا جىددىيلىشىپ كەتمىگەنىدىم. تويۇقسىز مەكتىپىمىزدىكى چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىردىنلا ماسكا تاقىۋېلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ گۇمانلاندىم. ئۇلارنىڭ قىلىقى نېمىدېگەن ئۆزۈن-ھە. ئۇلار ھەرقانداق خەۋەرنى بىزدىن بۇرۇن ئاڭلاپ بولاتتى، ئۇچۇر سەزگۈرلىكى بەك يۇقىرى ئىدى. دېگەندەك، بىر تونۇش چەت ئەللىك ساۋاقدىشىم ماڭا سارسنىڭ شەپە بېرىپ دىققەت قىلىشىمنى تاپىلىۋىدى، شۇ گەپ بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي بىزنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوختۇرخانىسىدا بىر كېسەلنىڭ ئۆلگەنلىكى، كېيىن ئۇنىڭ «سارس» بىلەن يۇقۇملانغۇچى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغانلىقى بىردەمدىلا ھەممە ساۋاقداشلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ باردى. بىزمۇ دەرھاللا ئۆلچەملىك 16 قەۋەتلىك ماسكا سېتىۋالدۇق (شۇ كۈنى ئىككى يۈەندىن سېتىۋالغان ماسكا كېيىن باھاسى ئۆرلەپ ئۈچ يۈەن، بەش يۈەن، ھەتتا ئون يۈەنگىچە چىقتى). تۇنجى قېتىم ماسكا تاقاپ سىرتقا چىققىنىمدا ئۆزۈمنى تولىمۇ بىئەپ ھېس قىلدىم. لېكىن بۇنىڭ سارستىن مۇداپىئەلىنىشنىڭ ھازىرچە بىردىنبىر ئامالى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، بارا-بارا كۆنۈپمۇ قالدىم. (ھەتتا بەزىدە ياتاقلاردا ئېسىمدە يوق ماسكام بىلەن ئولتۇرۇپ كېتىمەن.)

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ كوچىدا كېتىۋاتاتتىم، ئارقامدا ئولتۇرغان 18-19 ياشلاردىكى بىر قىز ئوقۇغۇچى ئاپتوۋۇزدىكى ئاممىۋى تەرتىپنى ئۇنتۇپ، يېنىدا ئولتۇرغان ئاپىسىغا يۇقىرى ئاۋازدا جاۋۇلداپ سۆزلەپ ماڭدى. چىداپ باقتىم. سۆزلىرى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس. مەكتەپتىكى ئىمتىھاندىن تارتىپ چوڭ ئاپىسىنىڭ كۈچىكىگىچە، ئىشقىلىپ ئېسىگە كەلگەن قۇرۇق گەپنىڭ ھەممىسىنى سۆزلىدى. ئاخىرى بۇ ھەددىدىن تاشقىرى قاتتىق، يېقىمسىز ئاۋازغا چىدىماي، ئارقامغا بۇرۇلدۇمدە: «ھەي، ئاستىراق گەپ قىلىڭىز، نېمىدېگەن قاتتىق ئاۋاز بۇ؟ ئاممىۋى سورۇندا ئەدەبسىزلىك قىلىپ» دېدىم. ئۇ جىملا بوپقالدى. كېيىن ئۇ تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ ئوڭايسىزلانغانلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن قاقاقلاپ بىر كۈلدىدە: «بۇ لاۋۋەي (چەت ئەللىك دېمەكچى) خەنزۇچىنى ياخشى سۆزلەيدىكەن-ھە،

## ستۇدېنتلار ئاۋازى

www.uyghurkitap.com

سۆزلىسەم ئۆزۈمنىڭ ئاغزى» دېدى. ئەسلىدىمۇ ئۇنىڭ ئەدەبسىزلىكىدىن بىزار بولۇپ تۇراتتىم، تاقەت قىلالماي ئارقامغا بۇرۇلدۇم-دە: «ھەي قىزچاق، شىئەندىمۇ سارىس پەيدا بولدى، يەنە ئاغزىڭىزنى يىغمىسىڭىز ئاشۇ ۋات-ۋات ئاغزىڭىزدىن كېسەل مىكروبى كىرىپ كېتىدۇ» دېدىم. ۋاھ، بۇگېپىم تازىمۇ ئۇنۇم بەردى. گەرچە ئۇ چاغدا شىئەندە سارىس بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ بارلىقى تېخى ئاشكارا ئېلان قىلىنمىغاچقا، شىئەنلىكلەر ھەرھالدا خاتىرجەم يۈرگىنى بىلەن رادىئو-تېلېۋىزىيە، گېزىتلەردىن تۈرلۈك خەۋەر-مۇلاھىزىلەرنى كۆرۈپ كىشىلەرگە سارىس ۋەھىمىسى چۈشكەنىدى. ھەتتا دەسلەپتە «سارىس=ئۆلۈم» دەپ ئويلىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. بەلكىم بۇ قىزچاقمۇ سارىس دېگەن گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكى «قارتتىدە» قىپقالغان چېغى، ئاغزى يىمىقتى. ئاپتوۋۇزدىمۇ بۇ گەپ قۇلاقتىن قۇلاققا كۆچۈپ، ئاپتوۋۇزدىكىلەرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ھەتتا بەزىلەر ئاغزىمدىكى ماسكىنى كۆرۈپ، يېنىدىن قولياغلىق، قەغەز دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ ئاغزىنى ئېتىپ ئۈلگۈردى. نەچچە كۈن ئۆتمەي شىئەندە سارىس بىلەن يۇقۇملانغۇچىنىڭ پەيدا بولغانلىقى ئېلان قىلىندى ھەم كۆپىيىپ ماڭدى. بولۇپمۇ بىزنىڭ ئۇنىۋېرسىتېت دوختۇرخانىسىنىڭ نۇقتىلىق سارىسنى داۋالاش تەتقىقات مەركىزى قىلىنغانلىقى دەسلەپتە بىزگە ئېغىر روھىي بېسىم بولدى. بۇ يىل دەل بىزنىڭ كەسپىي دەرسلەرگە چۈشكەن يىلىمىز بولۇپ، دەرسلىرىمىز دوختۇرخانىدا ئۆتۈلەتتى. بىزگە دەرس ئۆتكەن مۇئەللىملەر سارىس بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار بىلەن ئۇچراشقان دوختۇر بولۇپقېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇڭا دەرسخانىدىمۇ يەنە ماسكا بىلەن ئولتۇردۇق. ھەممىمىز ۋەھىمە ئىچىدە تۇراتتۇق. ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئۈزۈلمەي بېرىلىۋاتقان خەۋەرلىرى بۇ ۋەھىمىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ باراتتى. بىرنەچچە ساۋاقداش پاراڭلىشىپ قالساق گەپنىڭ مەركىزى يەنىلا سارىس ئىدى. بىر ئۇيغۇر ساۋاقدىشىمىز ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى سۆزلەپ: «بەئەينى كىنولاردىكىدەك ئىشلار بولۇۋاتامدىغۇ؟ خۇددى ئامېرىكىنىڭ كىنولىرىدا تەسۋىرلەنگەندەك: كەلگۈسىدە يەرشارىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بۇزۇلۇپ، ھەممە ئادەم زەھەردىن ساقلىنىش نىقابلىرىنى كىيىۋالىدىغان كۆرۈنۈشلەر مانا ئەمدى كۆز ئالدىمىزدىلا پەيدا بولدىمۇ-نېمە؟ ھە، راست، چەت ئەلنىڭ يەنە بىر كىنوسى بار ئىدى: پويىزدا بىر يۇقۇملۇق كېسەل بايقىلىپ پۈتكۈل ۋاگوندىكىلەر يۇقۇملىنىپ قالغاندا، ھۆكۈمەتنىڭ شۇ ۋاگوننى ئايرىپ پارتلىتىۋېتىپ كېسەل مەنبەسىنى تۈگىتىدىغان ۋەقەلىك مەزمۇن قىلىنغان، شۇئىشلار يۈز بېرىۋاتقاندەك-ھە، توۋا» دېدى.

دېمىسىمۇ راست، ئەتراپىمىز باشقىچىلا بوپقالدى. ھەممىسىنىڭ ئاغزى-بۇرنىدا ماسكا. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىمۇ شۇ، كادىر، ئىشچى، ھەتتا ئەسكى-تۈسكى تەرگۈچىلەرمۇ ماسكا تاقىۋالغان. تېلېۋىزوردا دوختۇرخانىنى زىيارەت قىلغان كۆرۈنۈش چىققانتى، ھەتتا مۇخبىرمۇ ماسكا تاقىۋېلىپ، تاماشىبىنلارغا سۆزلەۋاتىدۇ. دەرسخانىمىزغا تۇيۇقسىز بىر نەچچە ئادەم كىرىپ كەلدى. ماسكا، كۆزەينەك تاقىۋالغان، مەخسۇس كىيىملەرنى كىيگەن، دۈمبىسىگە دورا چېچىش ساندۇقى ئېسىۋالغان، بىر قارىسا غەۋۋاسقا، يەنە بىر قارىسا ئوپېراتسىيە دوختۇرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ ئەپتىمۇ بىزنى خېلىلا قورقۇتتى. ئۇلار ھەممە يەرنى دېزىنفېكسىيە قىلدى. كېيىن بۇنداقلار دوختۇرخانا، مەكتەپ، ياتاقلاردا كۈندە ئۇچراپ تۇردى. بىزمۇ دېزىنفېكسىيىلەشكە ئاستا-ئاستا كۆنۈكۈپ قالدۇق. بىر كۈنى ياتاق

بىناسىغا كىرسەم ئاجايىپ سېسىق پۇراپ كېتىپتۇ. ياتاققا كىرىپ ئاندىن پۇراق مەنبەسىنى بايقىدىم. مەكتىپىمىزدىن بىزگە سارىستىن مۇداپىئەلىنىدىغان جۇڭيى دورىسىنى قاينىتىپ تەمىنلەپتۇ. ئۇدا بىر ھەپتە ئىچىدىكەنمىز. سارىسنىڭ ۋەھىمىسى بىلەن شۇنچە سېسىق دورىنىمۇ خۇددى مېۋە شەربىتى ئىچكەندەك قاقشىماي ئىچىۋەتتىم.

توساتتىن يەنە بىر يېڭى خەۋەر ئاڭلاپ قالدۇق: شەھىرىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرۋازىلىرىنى تاقاپ سىرتقى مۇھىت بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ سارىستىن مۇداپىئەلىنىدىكەن! دۇنيادا ئويلاپ باقمىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرىدىكەن. ئىشلارنىڭ بۇنداق بوپكېتىشىنى ھېچكىممۇ ئالدىن مۆلچەرلىيەلمىگەنىتى. كۆپلىگەن ساۋاقداشلار 1-مايدىكى يەتتە كۈنلۈك دەم ئېلىشتا باشقا شەھەرلەرگە بېرىپ ساياھەت قىلماقچى بولغان. بەزى دوستلىرىمىز شىنجاڭدىن بىز تۇرۇۋاتقان شەھەرگە كېلىپ ئوينىماقچى بولغان. مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق پىلانلىرىم بولۇپ، ئەمەلگە ئاشماسلىقىدىن قىلچىلىكمۇ گۇمانلانمىغانىدىم. كىم ئويلىدى دەيسىز، بىزنىڭ مەكتەپمۇ نۇرغۇنلىغان تەييارلىقلارنى قىلىپ (بەزى چىقىش يوللىرىنى ئېتىپ، دوختۇرخانىدىكى دەرسلىكلەرنى مەكتەپ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش رايونى بىلەن تۇرمۇش رايونى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ كوچىغا ئاگاھلاندۇرۇش سىزىقلىرىنى سىزىپ) ئاندىن بىزنى مەكتەپ ئىچىگە «قامىدى». 1-مايدا ئارانلا بىر كۈن دەم ئالدۇق. دەرس ۋاقتىدىلا بىزنىڭ دەرۋازىلار ئېچىلاتتى، تۇرمۇش رايونىدىن ئوقۇتۇش رايونىغا تىزىلىپ باراتتۇق. دەرۋازىدىن مەخسۇس تارتقاتقان كىنىشكىنى كۆرسىتىپ بىردىن، بىردىن كىرەتتۇق. يولدىن ئۆتكەندە ئاگاھلاندۇرۇش سىزىقىنىڭ ئىچىدىن ماڭاتتۇق. ئوڭ-سولغا ئاتلاپ كېتىشكە ھەرگىز بولمايتتى. قولايسىزلىقلار تۇغۇلۇشقا باشلىدى. بولۇپمۇ بىز مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاملىقى بىر مەسىلە بولدى. مەكتەپتە گەرچە مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى بولغان بىلەن تاملىقى ناچار ئىدى. دەسلەپتە بىز سىرتتىن تاماق بۇيرۇتۇپ بىر ئاماللار بىلەن ئەكىرگۈزۈپ يېدۇق. كېيىن شىئەندىكى پۈتكۈل كىچىك ئاشپۇزۇل، تورخانا، كىنوخانا دېمەي، ئىشقىلىپ ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ ھەممىسى تاقالدى. بىردىنبىر تاماق مەنبەسى بولغان «تەڭرىتاغ توخۇ قورۇمىخانىسى» دېگەن مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىنىمۇ شۇ قاتاردا تاقاشتى. ئۆيى شىئەندىكى ساۋاقداشلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى، دوستلىرى تۇرمۇشقا لازىملىق نەرسىلەرنى، تاماقلارنى ئەكەلسە، دەرۋازىدىن سۇنۇپ بېرەلەيتتى. لېكىن بىزگىچۇ؟ كىممۇ ئەكېلىپ بېرەر؟ ئاتا-ئانىلىرىمىز يۇرتتىن تېلېفون ئارقىلىق سالام يوللاپ، تۇرمۇش پۇلىمىزنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ ئەۋەتىپ، تېخىمۇ قۇۋۋەتلىك تاماق يەڭ، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، دەپ تەسەللىي بېرىپ تۇرسىمۇ، شۇ پۇللارنى بانكىدىن ئەكېلىدىغان، پۇلغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالىدىغان پۇرسەت يوق ئىدى. ئاخىرى رۇخسەت سوراپ نۆۋەت بىلەن قىسقا ۋاقىت سىرتلارغا چىقىشىمىزغا رۇخسەت قىلىندى. لېكىن پۇرسەت بەك ئاز ئىدى. چىقىپلا قالساق ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ھاۋالىسىنى ئورۇندايتتۇق. بىرىنچى قېتىم «شامالداش» قاچىقىنىمدا، كوچىلاردا ئادەم تولىمۇ شالاڭ، سودا ساراي، رېستورانلارمۇ شۇ. ئەتراپ جىمجىتلىق. گەرچە بۇ مەن بۇرۇندىن ئارزۇ قىلىدىغان ئادەم ئاز، يوللار ئازادە - ئارامخۇدا مۇھىت بولسىمۇ، لېكىن ھازىر سارىس ۋەھىمىسى ئىچىدە كېتىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى تولىمۇ بىئارام ھېس قىلدىم. سارىس خۇددى ئاللىقاياقلاردىن قاراقچىدەك ئېتىلىپ كېلىپ ماڭا يېپىشىۋالىدىغاندەك ئەتراپقا خۇدۇكسىرەپ قارايتتىم. بۇرۇنقىدەك

دۇكانلارغا كىرسەم سەرخىل كىيىم-كېچەك، ماللارنى خالىغانچە مالتىلاپ، كىيىپ سىناپ باقىدىغان، دەرىجىدىن تاشقىرى بازارغا كىرىپ، ئۇنى-بۇنى قولۇمغا ئېلىپ، مەھسۇلات چۈشەندۈرۈشلىرىنى تولۇق كۆرۈپ، ئالدىرىماي تاللاپ ئالىدىغان ئادىتىم ئەمدى ئۆزگىچىلا يوق. گەرچە ماگىزىنلاردا خېرىدار يوق، كىيىم-كېچەكلەرنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇلارغا قارار كۆزۈم يوق. مەن ئۇدۇللا «تاللا بازىرى» (مېنىڭچە، خەت تەرجىمىسى بويىچە «تاللا بازىرى» دەپ بۇ گەپنى ئۇلۇك قوللانغىنىمىزدىن كۆرە، ئۆزىمىزنىڭ كېلىشۋاتقان سۆز ئادىتىمىز بويىچە «چاھار بازار» دېگىنىمىز توزۇكمىكىن دەيمەن. — باش مۇھەررىردىن) غا باردىمە، ئۆزۈمگە ھەم ساۋاقداشلىرىمغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى خۇددى زاراڭزا ئۆزگەندەك ئۈچىدىن تۇتۇپ، مال سېۋىتىگە سېلىپ، ھېساۋات قىلىۋېتىپ ئۇدۇل قايتىپ چىقتىم. مەكتەپكە قايتقۇچە بەزى ساۋاقداشلىرىمنىڭ بانكىدىن پۇللىرىنى ئالغاچ كەلدىم. بەزى ساۋاقداشلىرىمنىڭ تېلېفون پۇللىرىنى ۋەكالىتەن تۆلىۋەتتىم. 16قەۋەتلىك ماسكا بىلەن بۇنداق ئۇزاق يۈرۈش ھەقىقەتەن تەسكە توختىدى، نەپەس قىسىلدى. ئىسسىقتا بېشىمۇ قايدى. لېكىن ئامال يوقتە. مەكتەپمۇ قولىدىن كەلگەن چارىلەر بىلەن بىزگە ئىمكانقەدەر قۇلايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى: مەكتەپ دوختۇرخانىسىنىڭ دەرۋازىسىنى مەكتەپ ئىچىدىن ئېچىپ بەردى، ۋاقىتلىق بانكا تەسىس قىلىپ ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ماشىنىسى ئورنىتىپ بەردى. ھەربىر ياتاقتا نەچچە خىل تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش سايمانلىرىنى تارقىتىپ بەردى. ماللىرى قىممەترەك بولسىمۇ، ھەرھالدا تولۇقراق «تاللا بازىرى» ئېچىپ بەردى دېگەندەك.

بۇ كۈنلەردە ئىنتېرنېت بىزنىڭ بىردىنبىر خەۋەر ۋە كۆڭۈل ئېچىش مەنبەيىمىز بولدى. گەرچە ياتاقلاردىكى كومپيۇتېردا خەلقئارالىق تور بېكەتلىرىگە كىرەلمىسەكمۇ، دۆلەت ئىچىدىكى تور بېكەتلىرى ئارقىلىق دۆلەت ئىچى ۋەچەت ئەللەردىكى خەۋەرلەردىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇردۇق. ئۇنىۋېرسىتېتىمىزنىڭ مەخسۇس تور بېكىتىدە «SARS BBS» تەسىس قىلىنىپ، سارس توغرىلىق خىلمۇ خىل مۇلاھىزىلەر قىلىنىپ تۇردى.

سارس پەيدا بولۇپ تۇرمۇشىمىز ئۆزگەردى. قولايسىزلىقلار كۆپەيدى. ئويلىنىپ كۆرسەك ئۇنىڭ «ياخشى» تەرەپلىرىمۇ ئاز بولماپتۇ. دائىم خىزمەت، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ھەم ھەرخىل ئىشلار سەۋەبلىك ئالدىراش يۈرۈپ دەم ئېلىشقا يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرالمىغان كىشىلەرگە ۋاقىت كەڭتاشا بولدى. خىزمەتتىن چۈشۈپ ئۇدۇللا ئۆيگە كېلىش، سىرتتا تاماق يېيىشتىن قورقۇپ ئۆيدە خوتۇن-بالىلىرى بىلەن جەم بولۇپ تاماق يېيىش، مەكتەپتە بولسا ساۋاقداشلار تېخىمۇ ئىناقلىشىپ، ھەرخىل مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، ياتاقداشلار ئۆزئارا سىردىشىپ بىر-بىرىگە كۆيۈنۈش، بىر-بىرىنىڭ ھالىغا يېتىش بۇرۇنقىدىن ئېنىقلا كۆپەيدى. جەمئىيەتتە بولسا ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ئېنىق نامايان قىلىنىپ، مەردلەرنى سىنايدىغان مەيدان ھازىرلاندى. خەلقئارادا بولسا ھەرقايسى دۆلەتلەر جۇڭگوغا ياردەم قولىنى سۇندى. بىر كۈنى خەۋەردىن ئامېرىكىنىڭ قەرزلىرىنى قايتۇرۇپ بولالمايۋاتقان پاكىستاننىڭ جۇڭگوغا50مىڭ دوللارمۇ ياكى شۇ پۇل قىممىتىدە ماددىي بويۇم ياردەم قىلغانلىقىنى كۆرۈپ تەسىرلەندىم.

بولۇپمۇ بۇ مەزگىلدە دوختۇرلار ئالاھىدە ھۆرمەتلىنىپ، بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئېتىبارغا ئېلىندى. ئەلۋەتتە بۇمۇ بىز ئۈچۈن بەك ئىلھامبەخش مەنىۋى مەدەت بولدى.

بۇ ئالاھىدە مەزگىلدە بىز قانۇن - تۈزۈملەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، قاتتىق رىئايە قىلىدىغان بوپكەتتۇق. مەكتەپتىمۇ دائىم دېگۈدەك يېڭى ئېچىپ قانۇن-تۈزۈملەرنى تەكىتلەپ تۇردى. كېچىككىنە خاتالىق كۆرۈلسە جازا بېرىلدى. ياتاقتا كۈندە ئىككى قېتىم يوقلىما قىلىنىپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىدى. 37.5 سېلسىيە گرادۇسقا بارغان ھامان ئايرىم كۆزىتىلدى. دەرس ۋاقتىدىمۇ يوقلىما قىلىپ ئىسمىمىز يېنىغا فامىلىمىزدەك شۇ چاغدىكى بەدەن تېمپېراتۇرىمىزنى قوندۇردى. ھەممىمىز شۇنچىلىك سەزگۈرلىشىپ كەتتۇقكى، بىرەرسى ئىختىيارسىز يۆتىلىپ سالسىمۇ قورقۇپ ئۆزىمىزنى چەتكە ئالدۇق.

خەۋەرلەردىن كۆرۈشىمىزچە، شەھىرىمىزدە بىرنەچچە قېتىم يوقىلاڭ سەۋەبلەر تۈپەيلى يالغاندىن «مەندە سارس كېسىلى بار» دەپ سالغانلارمۇ دەرھال تۇتۇلۇپ ئاۋۋال نەچچە كۈن ئايرىپ كۆزىتىلىپ، سارس يوقلۇقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، «جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقان قىلغان» دەپ مۇناسىۋەتلىك قانۇن-نىزاملارغا ئاساسەن 10كۈندىن 15كۈنگىچە قاماپ قويۇلغان. سارسقا چاقچاق قىلغىلى بولمايدۇ-دە!

دۆلىتىنىڭ سارس تەتقىقاتىغا زور مەبلەغ ئاجرىتىشى، تەتقىقاتچىلارنىڭ خەتەردىن قورقماي تەتقىق قىلىشى بىلەن بىزمۇ سارس توغرىلىق نۇرغۇنلىغان يېڭى بىلىملەرگە ئىگە بولدۇق. بۇرۇنقىدەك قورقۇپ ئولتۇرماي، بۇ ئاپەت بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئاتلاندۇق. ئاۋۋال ئۆزىمىزنى كۈچلەندۈرۈپ، كېسەلگە قارشى ئىممۇنىتېت كۈچىمىزنى ئاشۇردۇق. مۇھىتىمىزنى دېزىنفېكسىيىلەپ سارس مىكروبىغا ماكان بەرمىدۇق. مەكتەپ يۇقىرىنىڭ، بىز مەكتەپنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇپ، سارسنى بويسۇندۇرۇشقا بىرلىكتە ئاتلاندۇق.

بالىلىرى ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتقان شىنجاڭدىكى ئاتا-ئانىلار ھەم دوست-بۇرادەرلىرىمىز بىزدىن ئەنسىرىمەڭلار. بىز بىخەتەر تۇرۇۋاتىمىز. بىز ھازىر بۇرۇنقىدىنمۇ قەيسەر-ئىرادىلىك، تېخىمۇ پاكىز-چېچەن بوپكەتتۇق. بىزنى يازلىق تەتىلدە قويۇپ بېرەمدۇ-يوق، بۇنى بىلمەيمىز. تەتىل قويۇپ بەرمەي قالسىمۇ چىدايمىز. بۇ ئالاھىدە مەزگىل بىزنىڭ غەيرىتىمىزنى سىنايدىغان پەيت بولدى. غەيرىتىمىزنى سىلەرنىڭ يازغان خېتىڭلار، بەرگەن تېلېفونىڭلار، سەممىمىي تىلەكلىرىڭلار تېخىمۇ ئۇرغۇتتى. بىز سارسنىڭ ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلۇپ، خاتىرجەم، ساغلام بەدەن، خۇشال كۈلكە بىلەن يۇرتىمىزغا قايتقۇچە، سىلەرمۇ سارسقا سەل قارىماي، ئۆزۈڭلارنى قوغداپ، ئەتراپىڭلارغا سارسنى يولاتماي، پاكىز مۇھىت بىلەن بىزنى قارشى ئالارسىلەر.

2003-يىل 1-ئىيۇن، شەھىرى شىئەن

---

ئاپتور: شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى مىدىتسىنا ئىنستىتۇتى 2000-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى (M2)



# چۆجىگە ئايلانغان تۆگە

(فېليەتون)

مەمتىمىن ئابلىز

قۇمتۇپراق كەنتىدىكىلەرنىڭ نامراتلىق زارى يۇقىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، بىر مىليون يۈەن قۇتقۇزۇش مەبلىغى تەستىقلىنىپ تۆۋەنگە قاراپ يولغا چىقتى. پۇلنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغان دېھقانلار خۇشاللىقىدا دوپپىسىنى ئاسمانغا ئېتىشىپ بېشى كۆككە يەتتى.

پۇل ئىككىنچى بىكەتكە كەلگەندە، مەخسۇس مەبلەغنى مەخسۇس تۈرلەرگە تولۇق ئىشلىتىش جۈملىدىن ھەربىر ئائىلىلەرگىچە كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن كەنتنىڭ ئەتراپى قۇملۇق، جاڭگال بولۇشتەك چارۋىچىلىققا ماس ئەمەلىي شارائىتى ئىنچىكە تەھلىل قىلىنىپ، بۇ پۇلغا ھەر بىر ئائىلىگە ئىككى-ئۈچتىن تۆگە، ئات، كالا ئېلىپ بېرىش قارار قىلىندى.

پۇل ئۈچىنچى بىكەتكە كەلگەندە، «بەزى نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھويلا دەرۋازىسى پاكار ھەم كىچىك بولۇپ، تۆگە قاتارلىق چوڭ، كۆچتۈڭگۈر ھايۋانلار پاتماسلىقى، پاتقاندىمۇ تىقىلىپ قېلىپ دەرۋازىنى ئۆرۈۋېتىشى ئېھتىمال» دېگەن ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئۇنىڭ ئورنىغا سەمىرتىپ سېتىپ تۆگىگە ئايلاندۇرۇش شەرتى بىلەن بىر-ئىككىدىن قوي، ئۆچكە ئېلىپ بېرىش قارار قىلىندى.

پۇل تۆتىنچى بىكەتكە كەلگەندە، «ئۆمرىدە قانغىدەك گۆش يەپ باقمىغان نامراتلار قوي-ئۆچكىلەرنى كۆرسە سەمىرتىپ ساتماي ئۆلتۈرۈپ يەۋېلىشى مۇمكىن» دېگەن ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئۇنىڭ ئورنىغا مېكيان، خوراز ئېلىپ بېرىش قارار قىلىندى.

پۇل ئاخىرقى بىكەتكە كەلگەندە، «توخۇ دېگەن قانتى بار نەرسە، ئۇنى كۆندۈرۈشتە كىچىك چېغىدىن باشلاپ تەربىيىلەپ ئەل قىلمىسا ئۇچۇپ كېتىپ ماكانىنى تاپالماي ئېزىپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئۇنىڭ ئورنىغا چۆجە ئېلىپ بېرىش قارار قىلىندى ھەم شۇئان بۇ تۈرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەخسۇس رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، گۇرۇپپا ئاستىدا ئىشخانا، سېتىۋېلىش، ھۆددىگە بېرىش ، نازارەت قىلىش. . . . ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىندى.

چۆجىلەر كەنتكە كەلتۈرۈلۈپ، نامراتلارنىڭ قولىغا تېگىشتىن ئاۋۋال كەنت مەسئۇللىرى بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا چۆجىنى تۆگىگە ئايلاندۇرۇش توغرىسىدا پولاتتەك توختام ئىمزالاندى ھەم شۇئان يۇقىرىدىن تەكشۈرگىلى كەلگىچە نېمىلا قىلسا قىلىپ تۆگىنى تەييار قىلىش شەرت قىلىندى.

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدە ئىشلەيدۇ(M1)

## ئەدەبىيات گۈللىرى



# ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار، ھەقىقىي ئايال.

ئاسىمە ئىدرىس

ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار،
ھەقىقىي ئايال.

ئۆزۈن ئۆرۈم چاچلىرىم بىلەن
چىمەن دوپپا كىيسەم چىرايلىق،
ئامانىساخان، نازۇكۇم،
رابىيلەر كىيگەن كىيىمنى
كىيىپ باقسام ئۇيغۇرغا لايىق.
جىلۋىلەنسە ئۇسما قېشىمدا،
يىلىم ئۇماق كۈلسە چېچىمدا،
چاچتەڭگىلەر جىرىڭلاتسام،
نازاكەتلىك سۆزلەر ئاچسام،
قوشاقلار تۆكۈلسە لېۋىمدىن،
داستانلار پۈتۈلسە تىلىمدىن.
تەھسىل قىلسام قانغىچە ئىلىم،
مۇزىكىغا لىق تولسا دىلىم.
تارىخ بىلەن چىڭ چىرمىشىپ،
تاپىمسام مەڭگۈ تىنىم.

ئايال بولۇپ ياشاپ باققىم بار،
ھەقىقىي ئايال.

تاختا- نوغۇچ كۈلسە مەن بىلەن،
قازان - قومۇچ كۈلسە مەن بىلەن،
تەملىك بولۇپ ئوخشىسا تاماق،
مەيلى ئىدى ئوتۇن تەرسەمۇ.
ئوماقىنا بالىلىرىمنى ئەگەشتۈرۈپ،
مەيلى ئىدى چامغۇر يۇلساممۇ.
تۈزۈم كەملىسە،
قوشنىلاردىن سورىسام ئازراق.
ھەققىگە
سۇنۇپ بەرسەم بىر قاچا تاماق.
ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئاش.
ئىللىقلىقتا بولغانچە ئاداش.
«ئايالىم ئەجەب كۆيۈمچان» دەپ
ئېرىم قەلبىنى كۆيدۈرسە،
ھاياجاندىن چىقسا ئۇخچۇپ،
مەمنۇنلۇقتا كۆزلىرىمدىن ياش.
«ئانا، ئاش،
ئانا، ئاش. . .»
«تۈزى سەل كەم،
تېتىپتۇ ئوتياش» .
ئېھ، سۆيۈملۈك، سۆيۈملۈك
سۆزلەر،
ئاياللىقىمنى تونۇتقان سۆزلەر،
مۇھەببەتكە باشلىغان سۆزلەر.
يۈرەكلەرنى ياشناتقان سۆزلەر. . .

ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار،
ھەقىقىي ئايال.

ئوغۇز سۈتى بىلەن ئوغلۇمنى
كۆچ - قۇۋۋەتكە تولدۇرۇش راھەت.
تامشىپ-تامشىپ ئەمسە سۈتۈمنى،

www.uyghurkitap.com

سايىاق ئىككى يىل،
ئۇ مەن ئۈچۈن بەخت ھەم ئامەت.
ئانا سۆزى ئۇلۇغ - مۇقەددەس،
ئۇ بالىنى قىلار زەبەردەس.
ئانا ئۈچۈن بالا ئېمىتىش
ئۇ بىر پەرز، ئۇ بىر پەرز، بەس!
پەرزلەرنىڭ ۋەزنى بەك ئېغىر،
ئۇ پەرزەنتنىڭ ھەققى-دەۋاسى.
پەرزەنت بىلەن ئاتىلار «ئانا»
«ئانا ئۇلۇغ ئىنسان رەناسى»
ئاق سۈت ھالال ، ھالال سۈتۈمدە
ئەقىل بەرسەم، كۈچ -قۇۋۋەت بەرسەم،
ئەدەب-ئەخلاق ئۇرۇقلىرىنى
ئاق سۈت بىلەن قەلبىگە تەرسەم،
قىزىم بولسا شەرم - ھايالىق،
ئوغلۇم بولسا باتۇر-مەنالىق،
«ئانا» دېگەن سۆزگە مۇناسىپ
بولالىسام چىقاتتى ھاردىق.

ئايال بولۇپ ياشاپ باققىم بار،
ھەقىقىي ئايال.

چولپان بىلەن بەسلىشىپ،
سەھەر تۇرسام، بەك سەھەر،
ھويلا-ئارام، ئۆيلەرنى
تازىلىسام تېز-چەپەر.
تەييارلىسام قىزىق چاي،
ئىچمەك بىللە ئولتۇرۇپ.
قوپالمىسا باللىرىم،
ئويغاتسام مەن كۆلدۈرۈپ،
گەر چىقمىسا دادىسى،
ئويغىنالماي ئۇيقىدىن،
ئاستا كىرسەم يېنىغا،
پىچىرلىسام بەك شېرىن.
«تاڭ ئاتمىسا يېنىمدا
ئۇخلىساڭ ئەي ئامرىقىم.
سەھەر تۇرۇپ بۈگۈنمۇ،
ئىشلەپسەندە بىتتىنىم.
جاپا تارتتىڭ بىز ئۈچۈن،
رەنجىمىگىن قىلچىمۇ،
مانا ھازىر چىقمەن،
سوۋغىچە چېيىممۇ».
جاپا نېمە، بىلنىمەس،
يۈرەك تولۇپ سۆيگۈگە
ئىشقا ماڭسا ھەممىسى،
ئۇزاتسام مەن ئىشىكتە.

ئايال بولۇپ ياشاپ باققىم بار،
ھەقىقىي ئايال.

ئاي كۆلگەندە ئاسماندا،
چۈچەكلىرىم باشلانسا،
يۇلتۇزلارنىڭ قېشىغا،
پەرزەنتلىرىم ئاتلانسا.
ئۈچۈپ كەلسە پەرىشتە،
بەخت گۈلى تەرگىلى.
«ئالتۇن كەش» نى قىزىمىز
ئېلىپ قاچسا كىيگىلى.
يەنە «ئا، ب، س» نىمۇ
ئۆگەتسەمكەن ھەر كۈنى.
ھېساب، تارىخ، تەبىئەت
بىلسە مەندىن كۈن-تۈنى.
بولۇپ ئۆيدە مۇئەللىم،
بىلىمگەننى بىلدۈرسەم،
بىلىم، ئەقىل گۈلىنى
يۈرىكىگە ئۈندۈرسەم.
تولسا ئىللىق ئۆيىمىز
خۇشھال-قايناق كۈلكىگە،
دادىسىمۇ بەختىنى
تىزسا قەلىپ تۆرىگە.
قاتار چاينىڭ مېھرىدىن
كېچەلىسەك ئىككىمىز.
ئىشىك ئوچۇق، خاتىرجەم
كىرسە ئۆيگە بالىمىز.

ئايال بولۇپ ياشاپ باققىم بار،
ھەقىقىي ئايال.

ئايال بولۇپ ياشاپ باققىم بار،
مۇھەببەتكە مەڭگۈ ياققۇم بار،
يۈرىكىمنى بېرىپ ئۆزۈمگە،
سۆيگۈدىن كۆپ مېغىز چاققۇم بار.
«ئانا» بولسام ئانىغا لايىق،
«ئايال» بولسام نازۇك-زىبالىق،
خىزمىتىمدە قازىنىپ ئۇتۇق،
شان-شەرەپكە ئېرىشسەم لايىق.
قوغلاشمىسام خىيالىي ئامەت،
رېئاللىقتا يۈرسەم داۋامەت،
مەنە ئىزدەپ ھايات يولىدىن،
جاپالارغا يوللىسام تاقەت.
ۋاقىت مېنى قوغلىسا تىنماي،
ئۆتسەم يىللار باغرىغا قانماي،
لوتپۇللادەك ئەتىكى كۈنگە
ئىرادىنى ئاتسام تالاي.
تىرىشچانلىق قېيىقلىرىغا
پەرزەنتىمنى بىللە چىقارسام.
پەزىلىتىم - ۋىجدانىم بىلەن
ئاھ، ئۇلارنىڭ
يۈرىكىدە قايتا ياشارسام.

2003-يىل 16-ماي، يەكەن

---

ئاپتور: يەكەن پېداگوگىكا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى(M2)



# مۇستەبىت

## ـ قايسىبىر تارىخي ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن

ئەھەت مامۇت

ئەركىلىتىپ كۆندۈرمىگەن بالىدەك
ھۆمىيىۋەردىڭ ئەركىلەشلەرگە.

ساڭا ھېچكىم چاقچاق قىلمىدى،
سېنى يەلكىسىگە ئالدى سابىق ھۆكۈمران.
سېنى مەغرۇرلۇق ئازدۇردى،
سېنى ئامەتلەر كىبىرگە ئۈندىدى،
سەن ئۆزۈڭدىن پەخىرلەندىڭ.
سېنىڭچە
ئالەمدە ساڭا تەڭ كەلگۈدەك ھېچنېمە يوق ئىدى.
سەن ئادەملەرنىڭ قانخورى ئىدىڭ،
غەزەپلەنسەڭ پاشىمۇ ئۈركۈيتتى،
كۈلسەڭ ئايالىڭمۇ ھەيران بولاتتى.
سەن زالىم ئىدىڭ
خىسراۋدەك مۇھەببەتكە
نەمرۇتتەك ھەقىقەتكە
شەدداتتەك ئىنسانىيەتكە. . .

پۇقرالارنى يىغىپ ھاشار قىلاتتىڭ،
دار ياسايتتىڭ،
زىندان ياسايتتىڭ،
يەنە ئۆزۈڭگە قورۇق ياسايتتىڭ. . .
ئەسكەر ئالاتتىڭ،
قوشۇنىڭنىڭ سانىنى ئۆزۈڭمۇ بىلمەيتتىڭ،
قورقاتتىڭ،
قورقۇنچ سېنى تەشۋىشكە سالاتتى.

سەن شاھانە دەرەخ ئاستىغا كىرىۋالغان پاشا ئىدىڭ،
پەقەت بوران ھەيۋىسى ئالدىدىلا تىز پۈكەتتىڭ،
سەن مەڭگۈ ياشايدىغاندەك ئىدىڭ.

بازدا مۇز، قىشتا يېڭى-يېڭى مېۋىلەرنى يەيتتىڭ،
تىۋىپلىرىڭ دورا ياسايتتى،
كېنىزەكلىرىڭ سېنى كۈتەتتى.
خوتۇنلىرىڭنىڭ گۈزەللىكىدىن قەلەم تەمتىرەيتتى. . .

بىر كۈنى كېسەل بولدۇڭ،
تىۋىپلارغا بۇيرۇق قىلدىڭ.
ئۇلار باش چايقاشتىن قورقۇپ ئۆزى بىلگەننى دېيىشتى.
ئۇلار دېگەننىڭ ھەممىسى كەلتۈرۈلدى،
سەن ھەممىنى ئەمەس، بىر چىمدىممۇ يېيەلمىدىڭ.
كۆزلىرىڭ يۇمۇلدى،
چىشلىرىڭ كىرىشتى. . .
ئەجەل سېنىڭ بېشىڭغا قوندى.

خوتۇنلىرىڭ زورىغا يىغلاشتى،
باللىرىڭ قايغۇرۇشتى،
ئەسكەرلىرىڭ ماتىمىڭگە تەييارلاندى. . .
ئۇلار مەجبۇر ئىدى.

پۇقرالار،
دېھقانلىرىڭ ئۆيلىرىدە يوشۇرۇن بەزمە قىلىشتى،
سودىگەرلەر دۇكانلىرىنى جابدۇشتى،
چارۋىچىلار مال سويۇشتى. . .
كۈلۈشتى
بوۋايلاردىن بوۋاقلارغىچە.
چۈنكى ئۇلارخۇشھال ئىدى.

2002-يىل ئىيۇن، كۇچا - چىمەن

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە چىمەن بازار دابوز 1- كەنتىدىن، دېھقان (M1)



## «ئالەم چايخانىسى» دىكى

## پاراڭلار

«جۇڭخۇا ئوقۇرمەنلەر گېزىتى»نىڭ 2003-يىل 26-مارت سانىغا بېسىلغان ماقالە

# «11-سېنتەبىر»تېررورلۇق ۋەقەسى ئۈستىدە ئەسلىمە

### - گارسىيا ماركوس①نىڭ ئۇرۇشقا قارشى مەقسەتتە ئامېرىكىغا يوللىغان ئوچۇق خېتى

سەن نېمىنى ھېس قىلدىڭ؟

تېررورلۇق قوشۇنلىرىڭنىڭ قورۇسىدا يۈز بەرمەي، ئەكسىچە ئۆز ئۆيۈڭدە يۈز بېرىپ، ئۇنىڭغا دۇچ كەلگەن چېغىڭدا نېمىنى ھېس قىلدىڭ؟

قەلبىڭنى ۋەھىمە باسقان، ئەزرائىلنىڭ قولاقنى گاس قىلىدىغان ئاۋازى قولاق تۈۋىڭدە جاراڭلىغان، تۇسۇماقتا ئامال يوق شىددەتلىك ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلگەن، ھەيۋەتلىك ئېگىز بىنا قاتتىق غۇلىغان، قورقۇنچلۇق ئىس-تۈتەك ھىدى كۆڭلۈڭنى ئېلىشتۇرغان، بىگۇناھ كىشىلەر كۆز ئالدىڭدا قانغا بويالغان ۋە ئىس-تۈتەك ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان ئاشۇ پەيتتە، سەن نېمىنى خىيال قىلدىڭ؟

ئۆز ئۆيۈڭدە تۇرۇپمۇ بىخەتەرلىك سېزىمىڭ يوقالغاندا، قانداق كۈن كەچۈردىڭ؟

[illegible]

ئاشۇنداق(شوك) كە گىرىپتار بولغانلار قانداق خالاس بولار؟

بۇ شوك 1945-يىلى 6-ئاۋغۇست خىروسىما ئارىلىدا ئامان قالغانلارنىڭ ئەبەدىيلىك قاباھەتلىك چۈشىدىن ئىبارەت.

پاۋىل دىبىس ئىسىملىك لېيوتچىكنىڭ ئېنروكاي ناملىق ئايروپىلاندىن تاشلىغان ئاتوم بومبىسى پۈتكۈل شەھەرنى تۇپىغا ئايلاندۇرغان ئاشۇ پەيتتە، 80مىڭ ئادەم نەق-مەيداندا ھاياتىدىن ئايرىلىپ، «ئامان قالغان» 250مىڭ نەپەر كىشىمۇ رادىئاتسىيىلىنىش سەۋەبىدىن ئارقا-ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىشتەك ئېغىر پاجىئە يۈز بەرگەنىدى. ئەمما تېلېۋىزىيىدىكى توقۇلما كۆرۈنۈش بولماستىن، ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەن ھەقىقىي ئۇرۇش؛ لېكىن شۇنىڭغا ئوخشاش بىر مەيدان تېررورلۇق ۋەقەسى 11-سېنتەبىردە يۈز بەردى؛ ئاپەتنىڭ ئۆز دۆلىتىڭدە يۈز بەرگەنلىكى تېلېۋىزىيە ئېكرانى ئارقىلىق كۆز ئالدىڭدا نامايان بولۇۋاتقان ئاشۇ مىنۇتتا سەن نېمىنى ھېس قىلدىڭ؟

خېلى ۋاقىتلار مۇقەددەم، دەل«11-سېنتەبىر» يەنى 28 يىل ئىلگىرىكى «11-سېنتەبىر » كۈنى ، سالۋادور ئارېنت ئىسىملىك رەئىس جۇمھۇر (پرېزىدېنت) ئۇرۇش سەۋەبى بىلەن رەئىس جۇمھۇر مەھكىمىسىدە ھاياتىدىن ئايرىلغانىدى؛ سەن توپ-زەمبىرەكلىرىڭ ۋە

باشقىلارنىڭ ئىسسىق قانلىرىنىڭ بەدىلىگە كۆز قاراشلىرىڭنى باشقىلارغا زورلاپ تاڭدىڭ.

ئېسىڭدە بارمۇ-قانداق؟ 1824-يىلىدىن 1994-يىلىغا قەدەر سەن لاتىن ئامېرىكا دۆلەتلىرىگە قارىتا 73 نۆۋەت تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدىڭ.

پوئېرتورىكو، مېكسىكا، نىكاراگۇئا، پاناما، كولۇمبىيە، كۇبا، ھوندۇراس، دومىنىكا، ۋىرگىن تاقىم ئاراللىرى، سالۋادور، گۋاتېمالا ۋە گرېنادالارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ كانارىڭغا ئېسىۋالغان تەييار گۆشكە ئايلاندى. 20-ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىن تارتىپ تا بۈگۈنگە قەدەر سېنىڭ دۆلىتىڭگە رەھبەرلىك قىلغانلارنىڭ ھەرقاندىقى ئۇرۇشخۇمارلىقتا ئالدىنقىلاردىن ئاشۇرۇپ كەلدى. جاھاندا يۈز بېرىۋاتقان قانداقلىكى بىر مەيدان ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىغا بەش بۆرجەكلىك بىنا كىشىلىرىنىڭ قول تىقىپ باقمىغىنى يوق.

1941-يىلى ياپونىيە ھاۋا ئارمىيىسى سېنىڭ پېئورىل خاربور پورتىدىكى دېڭىز ئارمىيە 7-پىلوتىڭنى بومباردىمان قىلغان مۇشۇ بىر قېتىملىق ئۇرۇش سېنىڭ تۇپرىقىڭدا يۈز بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىس-تۈتەك قاپلىغان ئۇرۇش - يېغىلىقلار ھامان يات ئەللەردىلا قېپقالدى. تېررورلۇق ساڭا يىراق -يىراقلاردىنلا سالام يوللاپ كەلدى، خالاس.

شۇڭا، دۇنيا سودا بىناسىنىڭ قوش مۇنارى چاك-چېكىدىن بۆسۈلۈپ توپىغا ئايلانغان چاغدىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرە، تېلېۋىزور ئارقىلىق كۆرسىتىلىۋاتقان ياكى ئاشۇ پاجىئەنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان كىشىلەر مانخاتتۇندىكى ئاسمانغا تاقاشقان ھەيۋەتلىك ئىمارەتنىڭ غۇلاپ چۈشۈۋاتقان پەيتىدىكى ھەسرەت-نادامەتلەرگە داڭقېتىپ قاراپ قالغانلىقىنى كۆرگىنىڭدە، نېمىنى ھېس قىلدىڭ؟

ۋېيتنام خەلقى ئۇزاققا سوزۇلغان شۇ قاباھەت چۈشنى كۆرۈۋاتقاندا، سەن تىنچ ئارام ئالالىغانمۇ؟ ۋېيتنامدا كىشىلەر قاتۇرۇلغان بېنزىن بومبىلار بىلەن كۆيدۈرۈپ تاشلىنىپ، دوزاخ ئازابىنى تارتىپ ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

يۇگوسلاۋىيىدە ئايروپىلانلىرىڭ كۆۋرۈك، زاۋۇتلاردىن بىرىنىمۇ ساق قالدۇرمىدى.

«قۇملۇق بورىنى» دېگەن بىرنېمەڭ ئىراقتا 500 مىڭ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى.

چاۋشيەن، ۋېيتنام، ئىراق، ئىران، ئافغانىستان، لىۋىيە، ئانگولا، سومالى، كونگو، نىكاراگۇئا، دومىنىكا، كامبودژا، يۇگوسلاۋىيە، سۇدان. . . قاتارلىق يىراقتىكى سىرلىق زېمىنلاردا ناھەق ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ سانىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

توپ-زەمبىرەك ئوقلىرى سېنىڭ زاۋۇتلىرىڭدا ياسالغان.

مۇھىتنى كۆزىتىش، كارانتىن قىلىش ئورگىنى سېنىڭ دۇنيا بويىچە نېفت ئىستېمال قىلىش ۋە ئاتموسفېرانى بۇلغاشتا بىرىنچى ئورۇندىكى جىنايەتچى دۆلەت ئىكەنلىكىڭنى بېكىتىپ چىقتى.

ئامېرىكىچە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتمەي ساقلاش ئۈچۈن سېنىڭ ھۆكۈمىتىڭ ئۆز يېكىتلىرىنىڭ قولىغا قورال تۇتقۇزۇپ، باشقىلارنى نىشانلاشنى ئۆگەتتى. سەن پۈتكۈل دۇنياغا 100 يىلدىن ئارتۇق ئۇرۇش گىرداۋىنى ئاپىرىدە قىلىپ كەلگەن بولساڭمۇ، كىشىنى ئەجەبلەندۈرۈدىغىنى، ساڭا رەھبەرلىك قىلغۇچىلار ھامان ئۆزىنى ئەركىنلىك - دېموكراتىيە بايرىقى بىلەن پەردازلاپ، ئىرقچىلىقنى يوقىتىشنىڭ پېشۋاسى بوپكەلدىڭ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سەن بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ پلانېتتا ھەر كۈنى 24 مىڭ ئادەمنىڭ ئاچارچىلىق ۋە كېسەللىك بىلەن ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەمسەن؟

ئامېرىكا دېگەنلىك ئەركىنلىك دېگەنلىك ئەمەس. نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ نەزىرىدىكى ئامېرىكا - تېررورلۇق ھەم دۈشمەنلىكتىن ئۇزاقلىقچە ئامان تاپالماس دۆلەت؛ سەۋەب، سەن ئۇرۇش، ئاچارچىلىق، ۋەھىمە، ھالاكەتنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىغۇچى.

ئۇرۇش دائىم يىراق جايلاردا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، سەن ئۇرۇشنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئازاب-ئوقۇبەت ئەكېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلالماي كەلگەنىدىڭ؛ سودا بىناسى ئوت يالقۇنى ئىچىدە غۇلاپ، قەۋم-قېرىنداشلىرىڭ قانغا بويۇلۇپ، ئېچىنىشلىق ھالدا جانلىرىدىن ئايرىلدى. بىراق ئۇرۇش تالاپىتىگە دۇچار بولغان 90 پىرسەنتتىن ئارتۇق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئەر-ئايال، قېرى-ياش ۋە سەبىي باللاردا قىلچە گۇناھ يوق ئىدى.

تېررورلۇق ئۆيىڭنىڭ ئىشىكىدىن ئۇسۇپ كىرگەن ئاشۇ كۈنى قانچىلىك قورقۇنچ ئىچىدە قالغانىدىڭ؟ نېمىنى ھېس قىلغانىدىڭ؟

سەن نيۇ-يوركتا بەختسىزلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ۋاقتى - قەرەلىدە باج تاپشۇرۇدىغان، سەممىي، بىر تال چىۋىنىگىمۇ ئازار يەتكۈزمەيدىغان ئايال كاتىپ؛ ئاكسىيە شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى ياكى تازىلىق ئىشچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرگەن چېغىڭدا، قانداق ھېسسىياتتا بولدۇڭ؟

قەلبىڭنى تېررورلۇقنىڭ ۋەھىمىسى چۇلغىۋالدىمۇ؟

ھەي ئامېرىكىلىق! ئۇرۇش «11-سېنتەبىر» دىكىدەك شەكىل بىلەن ئۆز تۇپرىقىڭغا ئۇسۇپ كىرگەندە، نېمىنى ھېس قىلدىڭ؟

---

① گارسىيا ماركۇس كولۇمبىيىدە تۇغۇلغان. «سىياسىي جەھەتتە نامراتلار بىلەن ئاجىزلارنى قوللاش، ئېزىش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېكىسپىلاتاتسىيىگە قارشى تورۇش مەيدانىدا چىڭ تۇرغان» لىقى ئۈچۈن 1982-يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ 1967-يىلى ئېلان قىلىنغان «100 يىل غېرىبلىق» دېگەن رومانى لاتىن ئامېرىكىسى سېھرىي رېئالىزملىق ئەدەبىياتىدا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. - مۇھەررىردىن.

چېن جۈگېي تەرجىمىسىدىكى بۇ خەت «جۇڭخۇا ئوقۇرمەنلەر گېزىتى» 《中华读书报》نىڭ 2003-يىل 26-مارت سانىدىن ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «خېبېي گېزىتى» 《河北日报》 نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېلىيەتونلار گېزىتى» 《杂文报》نىڭ 2003-يىل 8-ئاپرېل سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **قەيسەر ئابدۇرېھىم** تەرجىمىسى

# ھازىرقى زامان مەسىلىلىرىنى ئۆز خاھىشىڭىز بويىچە تەھلىل قىلىشتىن ساقلىنىڭ

ئامېرىكىلىقلار بىلەن تېررورچىلارنىڭ كاتتىۋېشى بىن لادېن ئوتتۇرىسىدىكى «مۈشۈك-چاشقان ئويۇنى» يەنىلا دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتماقتا. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، «ئامېرىكىلىقلار بىن لادېننى تۇتالامدۇ-يوق؟» دېگەن مەسىلە يەنىلا 2003-يىلدىكى پۈتكۈل دۇنيادىكى 100 چوڭ چىگىش مەسىلىنىڭ بىرى ئىكەن. قائىدە بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، بىن لادېننى ئامېرىكىلىقلارنىڭ تېزدىن كۆزدىن يوقاتمىسا بولمايدىغان ئەشەددىي دۈشمىنى دېمەك، خاتالاشقان بولمايمىز. بىراق، بۇ بىزدەك «نادان» لارنىڭلا كۆز قارىشى، خالاس.

www.uyghurkitap.com

بەزى مەخسۇس خەلقئارا مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەر ھەرگىزمۇ بۇنداق قارىمايدۇ. مەسىلەن، ئالايلۇق، مەلۇم بىر مۇتەخەسسىسنىڭ ئېلان قىلغان ماقالىسىدە قارىشىچە، ئامېرىكىنى خەلقئارا ئىستراتېگىيە نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ كۆرگەندە، بىن لادېندىن ئىبارەت بۇ دۈشمەن ئامېرىكا ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ، پەقەت بىن لادېن ھايات بولسىلا، شۇنداقلا يەنە دۇنيادا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ تۇرسىلا، ئامېرىكا ئاندىن ھەممە يەرگە قول سالىدىغان ئوبدان باھانە تاپالايدۇ. بۇ مۇتەخەسسىس يەنە باشقىلارنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: ئامېرىكىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ۋە تېخنىكىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر بىن لادېننى تۇتۇش ئىنتايىن ئاسان. ئەمما ئۇنى ئاخىرىغىچە قوغلاپ، تۇتماسلىقنىڭ سەۋەبى، ئامېرىكىنىڭ مۇشۇنداق بىر دۈشمەنگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىدە.

«دۈشمەن» دېگىنىمىز - «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى سۆزلۈك لۇغىتى» دىكى ئىزاھاتقا ئاساسلانغاندا، «پايدا-زىيان توقۇنۇشى بولغان، سىغىشقىلى بولمايدىغان ئادەم» دېگەنلىكتۇر. بىراق بۇيەردە، ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدىكى «دۈشمەن» ئۆزىگە پايدىلىق ئادەم بوپقالغان. مانا بۇ «دۈشمەن» توغرىسىدىكى ئۆزگىچە بىر ئىزاھات. بۇ ئىزاھاتنى كۆرگەندىن كېيىن، مەندە: «ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى ھەقىقەتەنمۇ بىلىپ بولغىلى بولمايدىكەن!» دەيدىغان بىر تۇيغۇ شەكىللەندى. بىن لادېنىدەك مۇشۇنداق بىر قورقۇنچلۇق تېررورچىغا نىسبەتەن، ئۇنىڭ دۇنيا تىنچلىقىغا ئەكەلگەن ئەھدىتىگىمۇ قارىماستىن، تۇتالايدىغان تۇرۇقلۇق قەستەنگە قويۇۋېتىپ، ئاندىن بىن لادېننى تۇتۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، پۈتكۈل دۇنياغا قول سوزۇش مەقسىتىدە بولۇش، چېكىدىن ئاشقان زەھەرخەندىلىك بولماي نېمە؟

بىراق داۋاملىق مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈدىغان بولساق، مۇنداق بىر لوگىكىلىق يوچۇقنى بايقىۋالالايمىز: يوشۇرۇنۇپ تۇرغان تېررورچى ئۇنسۇرلارنى تېخنىكا ۋە ئەمەلىي كۈچكە تايىنىپلا تۇتقىلى بولارمۇ؟ ئەگەر بىر بىن لادېننى قولغا چۈشۈرۈۋالسا، باشقا تېررورچى ئۇنسۇرلارنىمۇ ئاسانلا تۇتامدۇ؟ ئەگەر ئىش راستىنلا مۇشۇنداق ئاددىي بولىدىغان بولسا، تېررورچى ئۇنسۇرلارنىڭ قويرۇقىنى ئاللىقاچان قوم باسقان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە كىچىك بۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى تېررورچىلىقنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەھدىت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ. ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن «11-سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن چوڭ-كىچىك تېررورلۇق ۋەقەلىرى يەنىلا توختاپ قالغىنى يوق. ئامېرىكىلىقلارنىڭ بىن لادېن قاتارلىق تېررورچىلارنى يوقاتقۇسى يوق دېيىلسە، بۇ ئامېرىكىلىقلارنى «11-سېنتەبىر» ۋەقەسىنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىدىن قورقمايدۇ، دېگەنلىك بىلەن باراۋەر. ئەمما مۇشۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ «ئامېرىكا دۈشمەنگە موھتاج» دېگەن بۇ گەپ، ھەرگىزمۇ بىر-ئىككى كۈن ئىچىدە پەيدا بولغان گەپ ئەمەس. ئۆتكەنكى ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا يۈز بەرگەن پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كۆپ دۆلەت قوشۇنى كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئىراق ئارمىيىسىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. بىراق سادىدام ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلماي تۇرۇپلا، ئامېرىكىلىقلار ئۆزىنى تارتىۋالدى. ئەينى ۋاقىتتا بەزى مۇتەخەسسىسلەر ماقالە ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىلىقلار سادامدىن ئىبارەت بۇ دۈشمەننى قەستەن قالدۇرۇپ قويدى، سادىدام ئوتتۇرا شەرقتە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇدىكەن، ئامېرىكا ئاندىن ئوتتۇرا شەرقتە قوشۇن تۇرغۇزۇشقا يېتەرلىك سەۋەب كۆرسىتەلەيدۇ دە، ئامېرىكىنىڭ نېفىت جەھەتتىكى ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلالايدۇ، دېگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا مەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بۇ تەھلىلىنى ئاڭلاپ، ھەقىقەتەنمۇ قايىل بولغانىدىم. بىراق يېقىندا يەنە ئاڭلىسام، نۆۋەتتە ئامېرىكا سادامنى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بوپتۇ. كىچىك بۇش قاتارلىقلارمۇ سادىدام ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش ئۆزلىرىنىڭ نىشانىسى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىپتۇ (ھازىر سادىدام ھاكىمىيىتى ئۇرۇش ئارقىلىق ئاللىقاچان ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. - ئۇيغۇرچە نەشر مۇھەررىرىدىن). ئۇنداقتا، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەھلىلى بويىچە بولغاندا، شۇنداق بىر يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئەمدى ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى نېفىتتىن كېلىدىغان پايدىنى ساقلاپ قېلىش زۆرۈرىيىتى قالمىغانمىدۇ؟ بۇنداق دېيىلسە، بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر كۈلكىلىك گەپ بوپقالىدۇ، خالاس.

دۈشمەن ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق ھەتتا تېخى زۆرۈر. بۇ گەپ زادى نەدىن چىققان؟ بىكار قالغان چاغلىرىمدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، ئەسلىدە بۇ يەنىلا بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ «ئالاھىدە كەشپىياتى» ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. مىڭ دەۋرىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا مۇنداق بىر مىسال بار ئىكەن. : جاڭ شيەنجۇڭ بىر قېتىم مىڭ سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى زۇلياڭيۇنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قېلىپ، پەقەت چېكىنىش يولى قالمىغان ئەھۋالدا، زۇلياڭيۇنىڭ بارگاھىغا ئادەم ئەۋەتىپ مۇنداق دېگۈزۈپتۇ: «ھازىر زۇ سەركەردىنى ئوردا ناھايىتى ئەتىۋارلايدۇ. چۈنكى مىڭ سۇلالىسىنىڭ جاڭ سەركەردىدىن ئىبارەت بۇ دۈشمىنى مەۋجۇد. ناۋادا مېنى يوقىتىۋەتسىڭىز، سىز يەنىلا شۇنداق ئەتىۋارلىنامسىزمۇ؟» زۇلياڭيۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، جاڭ شيەنجۇڭنى قاچۇرۇۋېتەكەنىكەن. بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئېھتىمال ھازىرقى كىشىلەر ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل-پاراستىگە قايىل بولماي تۇرالمايدۇ. ئېھتىمال بەزىلەر بۇ بىر تاسادىپىيلىق ياكى زۇلياڭيۇ ھوقۇقنى كۆزلەپ شۇنداق قىلغان بولۇشى مۇمكىن ، دېيىشەر.

بۇ مەيلى ماختاشقا لايىق ئەقىل-پاراسەت بولسۇن، ياكى ھوقۇقنى دەپ شۇنداق قىلغان بولسۇن، ئىشقىلىپ بۇ بىر ئوبيېكتىپ ھەقىقەت، رېئاللىق بولۇپ، ئۇششۇق مۇنازىرە قىلىش ھاجەتسىز. مەسىلە شۇ يەردىكى، 21-ئەسىرگە كەلگەن بۈگۈنكى كۈندە ، بىز يەنە ئاشۇ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ تەپەككۇر يولى بويىچە ھازىرقى خەلقئارا مەسىلىگە مۇئامىلە قىلساق بولامدۇ - يوق؟ راست گەپنى قىلغاندا، مەسىلىلەرگە قانۇنىيىتى بويىچە مۇئامىلە قىلماي، ئۆزىمىزنىڭ يۈزەكى چۈشەنچىسىگە ئاساسەنلا باشقىلارنىڭ مەقسەت-مۇددىئاسىنى خالىغانچە پەرەز قىلساق ھەمدە بۇنىڭ باشقىلارغا نىسبەتەن ھېچقانداق زىيىنى يوق دەپ قارىساق، ئەمەلىيەتتە دەل ئۆزىمىزنىڭ كۆزى كىچىكلىكى ۋە نەزەر دائىرىمىزنىڭ تولىمۇ تارلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىمىز، خالاس.

---

*باش ماۋزۇ باش مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

خۇاڭ بۇ قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە «ياشلار پايدىلىنىش گېزىتى» نىڭ «كۆز قاراش» 《青年参考.观点》 سەھىپىسىنىڭ 2003-يىل 8-يانۋار سانىدىن «قىلىيەتونلاردىن تاللانما» 《杂文选刊》 ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 5-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

**توختىھاجى يۇنۇس** تەرجىمىسى (M1)



# ئالەمنىڭ ئىشلىرى

(فېليەتون)

تۇرغۇن پەيزۇللا (يۇلغۇن)

رەئىس جۇمھۇر بۇشنىڭ پەرمانى: «ساقال-بۇرۇت قويغانلارنىڭ ھەممىسى تېررورچى، ئۇنداقلارنى كۆرگەنلا يەردە ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش كېرەك!»

پۇتىننىڭ بۇشقا يوللىغان تېلېگراممىسى: «سىز ئوتتۇرا شەرقتە ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا نېمىش قىلغۇڭىز كەلسە شۇ ئىشنى قىلىۋېرىڭ، مەن ئاغزىمدا جار سالغان بىلەن چىن كۆڭلۈمدىن سىزگە مايىل، ھەرقانداق قىلمىشلىرىڭىزنى كۆرمەسكە سېلىۋېرىمەن».

بۇشنىڭ ساددامغا يوللىغان تەھدىت خېتى: «دەرھال ئورنىڭنى بوشات، بولمىسا جەددى-جەمەتىڭ-نى قىرىپ تاشلايمەن». ساددامنىڭ بۇشقا قايتۇرغان جاۋاب خېتى: «نوچى بولساڭ ئوتتۇرىغا چىق، سودىلىشايلى!»

ساددامنىڭ كوففي ئاناننىغا يوللىغان جىددىي تېلېگراممىسى: «ھۇ، نان كۈچىكى، سەنمۇ چاغلىق بىر نېمىكەنسەنغۇ؟ تىنچلىق كەپتىرىنى زەمبىرەككە باغلاپ قويۇپ، كۆز بويامچىلىق قىلىپ نېمىگە ئېرىشمەكچىسەن؟»

كوففي ئاناننىڭ ساددامغا قايتۇرغان جاۋاب تېلېگراممىسى: «مەندە نېمە ئامال، ئاكامنىڭ دېگىنى دېگەن تۇرسا، مەن ھاياتىنى سۆيىمەن.»

ياپونىيە باش ۋەزىرىنىڭ بۇشقا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى: «ئۇرۇش قىلىش، ئۇرۇشقا قاتنىشىش ھوقۇقىمىزدىن مەھرۇم قىلىنىپ چاتاق بوپتىكەن، ئىچىم پۇشۇپ سىقىلىپ كەتتى.»

بۇشنىڭ قايتۇرغان جاۋابى: «دۇنيادا بۇزغىلى بولمايدىغان نېمە بار دەيسىز، ۋاقتى كەلگەندە ئويلاپ بىر ئىش قىلارسىز. مەن مەڭگۈ سىزنىڭ دوستىڭىز، ئىتتىپاقدىشىڭىز. چاۋشيەن مەسىلىسى سىزنى پۇرسەت بىلەن تەمىن ئېتەلەيدۇ، ئىچ پۇشۇقىڭىزنى راسا بىر چىقىرىۋالارسىز.»

بىن لادىننىڭ بۇشقا ئەۋەتكەن تەھدىت تېلېگراممىسى: «بىزنى تېررورلۇق تېزىملىكىدىن چىقىرىپ تاشلا، بولمىسا ئامېرىكاڭنى تۈپتۈز قىلىۋېتىمەن.»

بۇشنىڭ جاۋاب تېلېگراممىسى: «قولۇڭدىن كەلسە دۇنيانى تۈپتۈز قىلىۋەت! ساددامۇ چوڭ سۆزلەپ يۈرۈپ ئاخىرى نېمە بولدى، سەن قانچىلىك نېمىتىڭ؟»

ئەرافاتنىڭ بۇشقا يازغان خېتى: «دۇنيادىكى ئېزىش-ئېزىلىش، تەڭسىزلىك، خورلاش-خورلىنىش، بوزەك قىلىش قاچان تۈگەيدۇ؟ ئۆز زېمىنىنىڭ پۈتۈنلۈكى، ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشمۇ تېررورلۇق بولامدۇ؟»

بۇشنىڭ جاۋاب خېتى: «مېنىڭ مەنپەئىتىمگە دەخلى-تەرۇز قىلغان ھەرقانداق ئىش تېررورلۇق!»

---

*ماۋزۇ باش مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.
ئاپتور: ئاتۇش شەھەر كاتتايىلاق يېزا رادىئو-تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ مۇخبىر-تەھرىرى (M2)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ھەق گەپنىمۇ ئاڭلاپ قويۇڭ

## يالغانچىلىق قانداق بولۇپ ھەقىقەتكە ئايلىنىدۇ؟

«يالغانچىلىقمۇ مىڭ قېتىم تەكرارلانسا ھەقىقەتكە ئايلىنىدۇ» دېگەن بۇ گەپنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھەقىقەت. بىراق مەن «ئەمەلىيەت ــ ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى» گە ئاساسلىنىپ، بۇ ھەقىقەتنى بەزى ئىشلار ئارقىلىق سىناپ بېقىپ، بۇ ھەقىقەتنىڭ «دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىگە باپ كېلىۋەرمەيدىغانلىقى» نى ــ ھەممىلا ئادەمنىڭ يالغانچىلىقنى تەكرارلاۋېرىپ ھەقىقەتكە ئايلاندۇرالمايدىغانلىقىنى سەزدىم.

مەسىلەن: كىچىك بالا ياتقان يېرىگە سىيىپ قويۇپ، چوڭلارنىڭ ئالدىدا «مەن سىيمىدىم» دەپ مىڭ رەت تەكرارلىسا، ئۇنىڭ يالغانچىلىقى ھەقىقەتكە ئايلىنامدۇ؟ بىر خىزمەتچى باشلىقىنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا «مەن يامان گەپلىرىنى قىلمىدىم» دەپ تالاي قېتىم تەكرارلىسا، ئۇنىڭ يالغانچىلىقى ھەقىقەتكە ئايلىنامدۇ؟ بۇنداق يالغانچىلىقلار ھەقىقەتكە ئايلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تەنقىدلىنىش، تىل ئاڭلاش، جازالىنىش قاتارلىق يامان ئاقىۋەتنى پەيدا قىلىدۇ.

يەنە يۇقىرىقى ئادەملەرنى مىسالغا ئالايلى. ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان «ئورۇنلىرىنى ئالماشتۇرساق»، پۈتۈنلەي ئوخشىمىغان نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. بىر چوڭ ئادەم كەچلىكى سىرتتا قىمار ئويناپ كېلىپ، كىچىك بالىنىڭ ئالدىدا «مەن ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلىدىم» دېسە، ئۇ بۇ يالغانچىلىقنى مىڭ رەت تەكرارلىمىسىمۇ، بۇ يالغانچىلىق كىچىك بالا ئۈچۈن ھەقىقەت بولىدۇ؛ ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىنى يىتتۈرۈپ قويۇپ، ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدا «سېنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىڭنى مەن كۆرمىدىم» دېسە، ئۇمۇ بۇ يالغانچىلىقنى كۆرمىڭ قېتىم تەكرارلىمىسىمۇ، بۇ يالغانچىلىق ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ھەقىقەت بولىدۇ؛ رەھبەرلەر قابىلىيەتلىك خىزمەتچىسىنى كۆرەلمەي ئۇنىڭدىن

قۇسۇر چىقىرىپ تۇرسىمۇ، خىزمەتچىنىڭ ئالدىدا «سىزنىڭ قابىلىيىتىڭىزگە بەكلا زوقلىنىمەن» دېسە، ئۇمۇ بۇ ياغانچىلىقنى تالاي قېتىم تەكرارلىمىسىمۇ، ئۇ ياغانچىلىق خىزمەتچى ئۈچۈن ھەقىقەت بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ياغانچىلىقنىڭ ھەقىقەتكە ئايلىنىش - ئايلىنالماسلىقى كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتى، ئورنى ۋە ھوقۇقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. نېمە ئۈچۈن كىچىك بالىنىڭ، ئوقۇغۇچىنىڭ، خىزمەتچىنىڭ ياغانچىلىقى ھەقىقەتكە ئايلانماستىن، ئەكسىچە چوڭلارنىڭ، ئوقۇتقۇچىنىڭ، رەھبەرنىڭ ياغانچىلىقى ھەقىقەتكە ئايلىنىدۇ؟ چۈنكى ئالدىنقىسى بىلەن كېيىنكىسى سالاھىيەت، ئورۇن ۋە ھوقۇق جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. ئالدىنقىسى ئاجىزلار، كېيىنكىسى كۈچلۈكلەر. سالاھىيىتى بارلارغىلا بويسۇنىدىغان، ئورنى بارلارغىلا ھۆرمەت قىلىدىغان، ھوقۇقى بارلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان جەمئىيەتتە ھەقىقەت توغرىسىدا سۆز ئېچىش ھوقۇقى كۈچلۈكلەرنىڭ قولىدا بولىدۇ، ئاجىزلار ياغانچىلىقنى ھەقىقەتكە ئايلاندۇرالمايدۇ، پەقەت كۈچلۈكلەرنىڭ ياغانچىلىقىنى ھەقىقەت دەپ بىلىدۇ.

پادىشاھ يالىڭاچ بولسا، پەقەت ھېچكىمدىن قورقمايدىغان كىچىك بالىلا «پادىشاھ يالىڭاچ ئىكەن» دېيەلەيدۇ، بىراق باشقا ئەلەمدار ۋە قەلەمدار بەگلەر نېمىشقا راست گەپ قىلالمايدۇ؟ چۈنكى پادىشاھنىڭ ھوقۇقى بار، ئۇ كاللىڭىزنى ئالالايدۇ؛ جاۋ گاۋ بۇغىنى ئات دېگەندە، ۋەزىر-ۋۇزرالار نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ دېگىنىنى راست دەيدۇ؟ چۈنكى جاۋگاۋ «تەڭرىقۇتنى ئىلكىگە ئېلىۋېلىپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاچقا»، ۋەزىرلەرنىڭ ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىماسلىققا، ئۇنىڭ دۈمبىقىنى چالماسلىققا ھەددى ئەمەس ئىدى؛ «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تە «ھەرمو يەردىن 100 مىڭ جىڭ ئاشلىق ئېلىش» قىپقىزىل ياغانچىلىق ئىدى. بىراق ئۇلۇغ داھىمىز (ماۋزېدۇڭ) بۇ گەپكە ئىشەنگەچكە، بۇ ھەقىقەتكە ئىشەنمەسلىككە كىمنىڭ ھەددى؟ ئەينى چاغدا تېخى داڭلىق ئالىملىرىمىز مەخسۇس ماقالە يېزىپ، بۇ ھەقىقەتنىڭ ئىلمىيلىكىنى دەلىللىدى ئەمەسمۇ؟

ئەمەلىيەتتە، قولىدا چوڭ ھوقۇق بار، ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان كۈچلۈكلەر ياغانچىلىقنى ھەقىقەتكە ئايلاندۇرماقچى بولسا، ياغانچىلىقنى تەكرارلاپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن گەپ چىقتىمۇ، بولدى. كىشىلەر ئۇلارنىڭ دىمىقىنى قاققانلىقىنى ياكى كۆز-قول ئىشارىسى قىلغانلىقىنى كۆرسىمۇ، ساراسىمىگە چۈشۈپ قول باغلاپ تۇرۇشىدۇ. بەزى كۈچلۈكلەر ياغانچىلىقنى تەكرارلىشى مۇمكىن. بىراق ئۇلار تۈرلۈك ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە ھەرخىل سورۇندا پىكىر قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغاچقا، ياغانچىلىقنى ئۆزى خالىغىنىچە مىڭ قېتىم، ئونمىڭ قېتىم تەكرارلىيالايدۇ، «قۇرۇق، بىمەنە سەپسەتىلەر» نى «يىمىرىلمەس ھەقىقەت» كە ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ. بىراق ئاۋام پۇقرادا بۇنداق ئىمتىياز يوق، ئۇلارنىڭ ياغانچىلىقنى تەكرارلاپ ھەقىقەتكە ئايلاندۇرالايدىغان سورۇنى ۋە پۇرسىتى يوق بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا بەزىدە ئۇلارغا ھەقىقەتنى سۆزلەيدىغان ۋە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان سورۇن ۋە پۇرسەتمۇ تەگمەي قالىدۇ. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۈچلۈكلەر ياغانچىلىقنى مەيلى بېسىم ئارقىلىق ھەقىقەتكە ئايلاندۇرسۇن ياكى تەكرارلاش ئارقىلىق ھەقىقەتكە ئايلاندۇرسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە «ھوقۇق - ھەقىقەتتۇر، ھەقىقەت - ھوقۇقتۇر» دېگەن ئالدىنقى شەرتنى ئاساس قىلىدۇ.

بىراق، ياغانچىلىق ھەقىقەتكە خالىغانچە ئايلىنىۋېرەلەيدىغان چاغدا، ھەقىقەتمۇ مەۋجۇد بولمايدۇ. دانالار: «ياغانچىلىق كىشىلەرنى ۋاقىتىنچە ئالدىيالايدۇ، بىراق مەڭگۈ ئالدىيالمايدۇ» دېگەنىدى. ياغانچىلىقتىن ئۆزگەرگەن ئاتالمىش ھەقىقەتمۇ ئەمەلىيەت ۋە تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە!

---

ياڭ شۆۋ قەلەمدىكى بۇ مۇلاھىزە ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى «خېبېي گېزىتى» - 《河北日报》 بىلەن خېبېي ئۆلكىلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» - 《杂文月刊》 نىڭ 2003-يىل 5-سانىغا بېسىلغان.

**ئازاد نىزامىددىن ئەنجانىي** تەرجىمىسى

## تېمىسىز

قورساق ئاچقاننى كىم كۆرەلەيدۇ؟ جۇل-جۇل كىيىم ئاسانلا كۆزگە چېلىقىپ قالىدۇ. كەمىنە بۇ زاكوندىن نېمىشقا شۇنچە كۆپ ۋەتەنداشتىن ئوزۇقلۇق ناچار بولۇش، ئاغرىپ دورا يېيىش، ئوكۇل سالدۇرۇش، دوختۇرخانىدا يېتىش ھەتتا ئۆمرى قىسقىراپ كېتىش خەۋپ-خەتەرلىرىگە پەرۋا قىلماستىن، پۇل توپلاپ بىرنەچچە قۇر ئېسىل ئىگىن سېتىۋالغانلىقىنى، ھالىغا باقماي بىر قېپى نەچچە ئون يۈەنلىك ئالىي تاماكىلارنى چېكىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالدىم. يېزىلاردا بەزىلەرنىڭ دەۋردىن كېيىن قالماي دەپ، ھەتتا قان سېتىپ ئۆي سالغان ئىشلارنىمۇ ئىشىتكەنمەن.

پۇقرالار شۇ دەرىجىدە ھەشەملىشىۋاتقان يەردە، دۆلەت قانداق قىلىۋاتقاندۇ. جۇڭگودىكى نامرات ئاھالە سانى بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيان نەچچە ئون مىليوندىن تۆۋەنلىمەي كېلىۋاتىدۇ. نامراتلىق دېگەن نېمە؟ نامراتلىق - ئالدى بىلەن قورساق تويماسلىقتۇر. يەنى، نەچچە ئون يىل مابەينىدە جۇڭخۇا زېمىنىدا سان جەھەتتە ھېچبىر ئۆزگىچىلىك كۆرۈلمىگەن ھالدا نەچچە ئون مىليون (مەلۇم

دەۋرلەردە ھەتتا نەچچە يۈز مىليون) ئادەم دائىمىي تۈردە ئاچارچىلىقتا دۇچار بوپكەلمەكتە. بۇنىڭ ئىچىدە زور كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ بىر يىلنىڭ جىق يېرىمىدا قورسىقى تويمايدىكەن. ھالبۇكى، ھالىمىز شۇنداق بولسىمۇ، دۆلەت يەنىلا ئاڭلىسا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان دەرىجىدىكى زور مىقداردىكى پۇلنى «ئوبراز قۇرۇلۇشى» غا، ھەر تۈرلۈك ھەشەم-دەرەملىك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ۋە زىياپەتلەرگە سەرپ قىلماقتا. بەزىدە «بۇنداق قىلىش ئۈچۈن ئادەمنىڭ باغرى قانچىلىك دەرىجىدە قاتتىق بولۇشقا موھتاج بولۇدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ قالىمەن.

ئەلۋەتتە، بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، ئون مىليونلىغان كورىكىرىغان قورساقلارنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ. پەقەت ئۇلارنىڭ كورىكىرىغان ئاۋازى چەت ئەللىكلەرنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ قالمىسىلا بولدى. «ئوبراز قۇرۇلۇشى» قىلمىسا، تەبرىكلەش پائالىيىتى، زىياپەت ئۆتكۈزمىسە، دۆلەتنىڭ ئوبرازىغا زىيان يېتىدۇ ئەمەسمۇ.

---

لېن چېن قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «خېبېي گېزىتى» - 《河北日报》نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېلىيەتون گېزىتى» - 《杂文报》نىڭ 2003-يىل 22-ئاپرېل سانىغا بېسىلغان. **پەتتارجان مۇھەممەت ئەرقۇت** تەرجىمىسى

## «شتاتلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ ھاجەت قىلايلى!»

ئون نەچچە ساياھەتچى چۈشكەن بىر ئاپتوۋۇز ئامېرىكىنىڭ نېۋادا شتاتىدا كېتىۋاتقاندا، بىر ساياھەتچى توساتتىنلا ساياھەت يېتەكچىسىدىن ماشىنىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ساياھەت يېتەكچىسى ساياھەتچىدىن قانداق تەلىپى بارلىقىنى سورىغاندا، ساياھەتچى باشقا تەلىپىنىڭ يوقلىقىنى، پەقەت تەرەتنىڭ قىستاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ساياھەتچىلەردىن بىرنەچچىسىمۇ شۇنداق دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاپتوۋۇز مۇۋاپىق بىر جايدا توختايدۇ. بىراق ئەتراپتا ھاجەتخانا يوق تۇرسا، قايەرگە بېرىپ ھاجەت قىلىش كېرەك؟ كۆپچىلىك ھاجەت قىلغۇدەك بىر جاينى ئىزدەۋاتقاندا، بىر ئامېرىكىلىق: «بولدى، ئىزدىمەيلا قويۇڭلار، ئاۋۇ شتاتلىق ھۆكۈمەت ئەمەسمۇ؟ شۇيەرگە بېرىپ ھاجەت قىلايلى!» دەيدۇ. كۆپچىلىك بۇنى ئاڭلاپ: «توغرا، ئاشۇ يەرگە بېرىپ ھاجەت قىلمىساق، قايەرگە بېرىپ ھاجەت قىلاتتۇق؟»، «ھاجەت قىلىدىغان يەر ئالدىمىزدا تۇرسا، ئىزدەپ نېمە قىلىمىز؟» دېيىشىپ، بازارغا ماڭغان ئادەملەردەك كۈلكە-چاقچاق قىلىشىپ، شتاتلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ ھاجەت قىلىش ئۈچۈن خىرامان ماڭىدۇ.

تەرەتتى قىستاپ كەتكەنلەرنىڭ ئىچىدە بىرى جۇڭگولۇق بولۇپ، ئۇ، «ئۇلار شتاتلىق ھۆكۈمەتكە ھاجەت قىلغىلى بېرىشقا پېتىنالايدىكەن» دېگەن ھەيرانلىق بىلەن ئەگىشىپ مېڭىپ، نېۋادا شتاتلىق ھۆكۈمەتتەك بىر ئورۇننىڭ «ھۆكۈمەت ئىشى» ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ھاجەت قىلىش ئۈچۈنلا كەلگەن بۇ «قاراتورۇكلەر» نى قانداق كىرگۈزۈدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بوپتۇ. بىراق ئۇلار سودا سارىيىغا كىرگەندەك كىرىپ كېتىۋەرگەن. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ھۆكۈمەت دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا قورال تۇتۇپ پوستتا تۇرۇدىغان ھەيۋەتلىك قوغدىغۇچى يوق، كىرىشتىن بۇرۇن توسۇۋېلىپ سۈرۈشتە قىلىدىغان، كىنىشكا تەكشۈرۈدىغان ئادەممۇ يوق بولۇپ، «يامان ئادەملەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان» ھېچقانداق ئەسلىھەنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىكەن. شتاتلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر رىشاتكىلىرى، ھەتتا ئېگىز تاملىرىمۇ يوق ئىكەن. ئادەتتە بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرىشتە مەلۇم قىلىشقا ياكى ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىشقا توغرا كەلسە، بۇيەرگە كىرىش ئۆز ئۆيىڭگە كىرگەندىنمۇ ئاسان ئىكەن، «ئۇدۇللا كىرىۋېرىسىڭىز» بولىدىكەن. چۈنكى ئۆيىڭگە كىرىشتە بەزىدە ئاچقۇچ بىلەن ئېچىپ كىرمىسەڭ بولمايدۇ تېخى. ھېلىقى جۇڭگولۇق دوستىمىز «ئامېرىكىدا شتاتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدارلىرى نېمانداق بىغەم، ئۇلاردا قىلچىلىكمۇ (دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش) ئېڭى يوق ئىكەن (بىلىشىڭىز كېرەككى، «تۆۋەندىن كەلگەنلەر» نىڭ كۆپىنچىسىدىن خاتىرجەم بولغىلى بولمايدىغۇ)، قانداقلا ئادەم بولسا كىرگۈزۈۋېرىدىكەن. كىرگەنلەرنىڭ ئىچىدە رەھبەرلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالىدىغان (بۇزۇقلار) نى يوق دېگەن تەقدىردىمۇ، رەھبەرلەرگە يېپىشىۋېلىپ، ئۇلارنى (تەڭلىككە سالىدىغانلار) كىرىپ، رەھبەرلەرنىڭ خىزمەت ۋە دەم ئېلىشىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزسە قانداق قىلغۇلۇق؟» دېگەن ئىشلارنى كاللىسىدىن زادىلا ئۆتكۈزەلمەپتۇ. جۇڭگولۇق دوستىمىزنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، نېۋادا شتاتىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرى (ئامېرىكىدا رەھبەر دەپ ئاتامدۇ-ئاتىمامدۇ، شتات باشلىقىنىڭ دەرىجىسى قانچىلىك يۇقىرى، بۇنى بىلمەيمەن) نىڭ ئىشخانىسى شتات ئىشخانىسى بىناسى دەرۋازىسىنىڭ بىر تەرىپىدە بولۇپ، دەرۋازىدىن كىرىشتىلا شتات باشلىقىنى تاپقىلى بولىدىكەن. ئۇيەردە سىزدىن ئۇنى-بۇنى سوراپلا يولغا سالىدىغان ياكى «مۇناسىۋەتلىك تارماقلار» غا ئەۋەتىپ قويىدىغان ۋەياكى «رەھبەر ئالدىراش»، «ئومۇملۇق-نى كۆزدە تۇتۇپ، ھازىرچە قايتقاچ تۇرۇڭ» دەيدىغان كاتىپ يوق ئىكەن. شتات باشلىقىنى ئىزدەپ كىرگەنلەرنى تۇتۇپ «ئەدلىيە تارماقلىرىغا ئاپىرىپ بېرىدىغان» ئىش تېخىمۇ يوق ئىكەن. «گىجىڭ ئادەم ۋە ئىش» لارنىڭ «رەھبەر» لەرگە چاپلىشىۋالماسلىقى

ئۈچۈن كاتەكتەك قارالغۇ، مەينەت بىر ئۆيىنى «ئەرزىيەت ئىشخانىسى» قىلىپ، «ھۆكۈمەتكە غەلۋە قىلىپ كەلگەنلەر»گە تاقابىل تۇرىدىغان ئەھۋالمۇ يوق ئىكەن. قانداقلىكى ئادەم شىتات باشلىقىنى ئىزدىمەكچى بولسا، ئۇدۇل بارسا بولۇۋېرىدىكەن. شىتات باشلىقى ئايال بولۇپ، ئۇ كەلگەنلەرنى مۇلايىملىق بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. جۇڭگولۇق دوستىمىز ئۇنىڭدىن: «بۇنداق بولسا خىزمىتىڭىزگە تەسىر يەتمەمدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «مېنىڭ خىزمىتىم پۇقرالار ئۈچۈن ئىشلەش. خىزمەت قىلىشتا ئاۋۋال پۇقرالارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەكتە» دەپ جاۋاب بەرگەن. پۇقرالارغا ئاشۇنداق قولايلىق يارىتىپ بېرىدىغان نىۋادا شىتاتلىق ھۆكۈمەتتە ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغان «كادىر» ئاران 70 نەچچە بولۇپ، بىزنىڭ جۇڭگودىكى بەزى يېزىلىق ھۆكۈمەتلەردىكى كادىرلاردىن ئاز ئىكەن.

ئېنىقكى، ئامېرىكىدىكى «كادىرلار» «ھۆكۈمەت مەمۇرى» دېگەن نامغا ناھايىتى لايىق. چۈنكى ئۇيەردە كىمنىڭ كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقى ۋە ھۆكۈمەت مەمۇرلىرى خوجايىنمۇ ياكى پۇقرالار خوجايىنمۇ، پۇقرالار ھۆكۈمەت مەمۇرلىرىدىن ئۈستۈن تۇرامدۇ ياكى ھۆكۈمەت مەمۇرلىرى پۇقرالاردىن ئۈستۈن تۇرامدۇ، دېگەن مەسىلىلەر ئېنىق ئايرىلغان. ئىشەنمەمسىز؟ ئۇنداق بولسا «شىتاتلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ ھاجەت قىلايلى» دېگەن ھېلىقى ئامېرىكىلىق ساياھەتچىنىڭ ئۆزىنىڭ باشلامچى بولۇپ «ھۆكۈمەت»كە ھاجەت قىلغىلى بارغانلىقىنى قانداق چۈشەندۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ بېقىڭ. ئۇ: «بۇ ھۆكۈمەت بىناسى بىز باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ پۇلىغا سېلىنغان، بۇيەرگە كېلىپ ھاجەت قىلىشمۇ بىزنىڭ ھوقۇقىمىز!» دېگەن.

خوجايىن دېگەن كىم؟ ئەنشۇلار خوجايىن! ئۇلار مەغرۇرانە ھالدا ھۆكۈمەتنى ئۆزىگە تەۋە دەپ قارايدۇ. ئەمەلدارلار بىزگە خىزمەت قىلىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. سەن بالا باققۇچىغا ئوخشاش بىزگە خىزمەت قىلىسەن، بىز سەندىن قانۇن بويىچە ئىش قىلىشىڭنى تەلەپ قىلىمىز. سەن ئىشنى ئەستايىدىل ھەم تېز قىلىشىڭ كېرەك دەپ قارايدۇ. ئەگەر ئىنسانىيەت تارىخىدا «ئالەمشۇمۇل» ئۆزگىرىش بار دېيىلسە، ئەنە شۇنى دېيىشكە بولىدۇ. بولمىسا، ئۇلار قانداقمۇ ھۆكۈمەتنى ئۆزلىرىنىڭ تازىلىق ئۆيى قىلىشقا پېتىنالىسۇن؟

---

مىزجۇڭجيې قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە «خۇنەن ئاۋازى» - 《湘声报》 گېزىتىنىڭ 2003-يىل 28-فېۋرال سانىدىكى «كۆزىتىش ھەپتىلىكى» - 《观察周刊》سەھىپىسىگە بېسىلغان. «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» - 《杂文选刊》 ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 5-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

**ئازاد نىزامىددىن ئەنجانىي** تەرجىمىسى

# چەت ئەللىكلەر ۋە جۇڭگولۇقلار

چەت ئەللىكلەر مەنسەپدار بولۇشتا تۆۋەنگە چاپىدۇ. يەنى، سايلام رايونىدىكى ئامما ئارىسىغا بېرىپ تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ، تۈرلۈك ۋەدىلەرنى بېرىدۇ، ئومۇمەن ئاممىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

جۇڭگولۇقلار مەنسەپدار بولۇشتا يۇقىرىغا قاترايدۇ، يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەنسەپنى شۇلاردىن تىلەيدۇ.

چەت ئەللىكلەر جۇڭگوغا كەلسە، كۆپىنچە جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىدىن ھوزۇرلىنىدۇ؛ جۇڭگولۇقلار چەت ئەللەرگە بارسا كۆپىنچە چەت ئەللىكلەرنىڭ مىللىيىتىدىكى ئەرزىمەس تەرەپلىرىدىن ھوزۇرلىنىدۇ.

چەت ئەللىكلەرنىڭ ھوقۇقى قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ؛ جۇڭگولۇقلارنىڭ قانۇنى بولسا ھوقۇقنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈيدۇ.

چەت ئەللەردە نامراتلار قانۇننى مەنسىتمەيدۇ؛ جۇڭگودا بولسا پۇلدارلار قانۇننى مەنسىتمەيدۇ.

چەت ئەللەردە كارخانىلار ۋەيران بولسا كارخانا خوجايىنلىرىنىڭ تولىسى ئۆزىنى بىنادىن ئېتىپ ئۆلۈۋالىدۇ؛ جۇڭگونىڭ كارخانىلىرى ۋەيران بولسا كۆپ سانلىق كارخانا خوجايىنلىرىنىڭ مەنسىپى ئۆسىدۇ.

چەت ئەللىكلەر ئاۋۋال قانۇن ئۆگىنىپ ئاندىن سوتچى ۋە تەپتىش ئەمەلدارى بولىدۇ. جۇڭگودا بولسا ئاۋۋال سوتچى ۋە تەپتىش بولۇپ ئاندىن قانۇن ئۆگىنىدۇ.

چەت ئەللىكلەر جۇڭگودىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يۇرتلىرىغا ئاپىرىپ سېتىپ پۇل تاپىدۇ؛ جۇڭگولۇقلار چەت ئەللەرنىڭ ئەخلەتلىرىنى ئەكېلىپ سېتىپ باي بولىدۇ.

ئەسكەرتىش: ئاتالمىش «چەت ئەللىك» ۋە «جۇڭگولۇق» دېگەنلەر ئومۇمەن شۇنداقلا ئېيتىلغان بىر گەپتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ پۈتۈن ئادەت ۋە ھەممىگە قارىتىلغان ئەمەس، بىرتەرەپلىمە ھالدا چۈشىنىۋېلىشقا بولمايدۇ.

---

خەن جىنلىن قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «خېبېي گېزىتى» -《河北日报》بىلەن خېبېي ئۆلكىلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېلىيەتون ئايلىق ژۇرنىلى» - 《杂文月刊报》نىڭ 2003-يىل 4-سانىغا بېسىلغان.

**ئابدۇلھەكىم ئوسمان ھەقيار** تەرجىمىسى

# تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

1

پەيلاسوپ دىئورگىن ياغاچ كۆپ ئىچىدە تۇراتتى. پادىشاھ ئالېكساندىر بۇ غەلىتە ئادەم بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىشنى قارار قىلدى. بىراق پەيلاسوپ ئۇنىڭغا: «يوقال! مېنىڭ ئاپتىپىمنى توسما!» دەپ ۋارقىرىدى.

شۇنداق، غەربلىك زىيالىيلارنىڭ ئاپتىپى ئىلگىرى سەلتەنەتلىك خان تاجلىرى، مەھكىمە شەرئىنىڭ كرىستلىرى ۋە تۈرلۈك مەسلەكلەرنىڭ ئالا-چىپار تۇغلىرى بىلەن توسۇۋېلىنغانىدى. ھالبۇكى، ئۇلاردا بۇنداق توسالغۇلارنى مەنسىتمەيدىغان ئەنئەنە بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە بۇ زوراۋان توسالغۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىپ كەلگەن.

شۇ چاغدىكى جۇڭگو زىيالىيلىرىغا قۇياش نۇرى مۇھىم تۇيۇلغان بولغىيمىدى؟ ئۇلارغا نىسبەتەن قۇياش نۇرى بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىۋېرىدىغان نەرسە بولۇپ، ئۇلار پەقەت سېسىق كۆپتا بۇرۇقتۇرما بولۇپ جېنىدىن ئايرىلىپ قالمىسىلا، خاننىڭ كاتتا ئىلتىپاتىغا ئېرىشتىم دەپ بىلىشكەن ئەمەسمۇ؟

2

لۇشۈن ئەپەندى: «ئاجىزلار غەزەپلەنسە، شەمشىرىنى ئۆزىدىن ئاجىزلارغا تەڭلەيدۇ. كۈچلۈكلەر غەزەپلەنسە، شەمشىرىنى ئۆزىدىن كۈچلۈكلەرگە شىلتىيدۇ» دېگەنىدى.

بۇ سۆز ئاجىزلارغا پەند-نەسىھەت قىلىشقا تولىمۇ باپ كېلىدۇ. بىراق، بۇ سۆز ئارقىلىق تارىخقا نەزەر سېلىش تولىمۇ خاتادۇر. چۈنكى تارىخ دەل ئەكسىچە بولۇپ، تارىختىكى نۇرغۇن كۈچلۈكلەر شەمشىرىنى ئاجىزلارغا شىلتىش ئارقىلىق «كۈچلۈك» لەرگە ئايلانغان. «نامراتنى ئۆلتۈرمىسەڭ باي بولالمايسەن» دېگەن سۆز دەل ئۇلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەشتىكى ئالتۇن ئاچقۇچىدۇر.

3

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، سان-ساناقسىز ئادەم ئۆلتۈرگەن بىر كىشى (ئەلۋەتتە بىرلا كىشى ئەمەس) تارىختا «پاك-دىيانەتلىك، ئىجتىھاتلىق، ساداقەتمەن زات، جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئەۋلىيا-ماشايىخلىرىغا خاس ئەخلاقىي پەزىلەتلىك، تەربىيە كۆرگەن» دەپ تەرىپلەنگەن، ھەتتا جياڭ جېيشى ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ مەدھىيىسىگە مۇشەررەپ بولغان. ئۇ بولسىمۇ زېڭ گوفەن ئىدى.

بىر ئادەمنىڭ رەھىمسىز قاتىل ۋە ئەخلاق بابىدىكى كامالەت ئىگىسى بولالىشى بىر كۈلكىلىك ئىش. بۇنداق ئىش يەنە كېلىپ پەقەت جۇڭگودىلا سادىر بولىدۇ. نەچچە مىڭ يىللىق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنىڭ زەھەرلىك خورلۇقلىرى ۋە كوڭزىچىلار مەدەنىيىتىنىڭ شەرمەندىلەرچە ئالدامچىلىقى ئېلىمىزنى دەل مانا مۇشۇنداق غەلىتە مەخلۇققا ھامىلدار قىلدى.

قاراقچىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشى ئەلۋەتتە ھەممە كىشىنىڭ قارغىشىغا ئۇچرايدىغان زور رەزىللىكتۇر. بىراق نامدارلار، قەھرىمانلار، ئالىيجانابلار، ئاتالمىش پەزىلەت ئىگىلىرى ئادەم ئۆلتۈرسە، ئۇلارنىڭ سۆزى يوللۇق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى «تەڭرى يولىنى تۇتقانلىق» بولىدۇ. دېمەك زېڭ گوفەننى چۈشەنسىڭىز، جۇڭگو تارىخىنىڭ يېرىمىنى چۈشەنگەن بولىسىز.

4

مۇستەبىتلەر ھەمىشە «يۈز پىرسەنت دېموكراتىيە» نى يولغا قويغۇچىلاردۇر.

مۇستەبىتلەر ئەزەلدىن ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ھىمايە قىلىدىغان نامايىش ئەركىنلىكىگە مەڭگۈ توسقۇنلۇق قىلمايدۇ.

مۇستەبىتلەرنى ئەخلاققا ئېتىبار بەرمەيدۇ دېيىش خاتا. چۈنكى ئۇلار دائىم ئۆز خەلقىنى ئەخلاقلىق بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.

مۇستەبىتلەرنى خەلققە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ دېيىش خاتا. چۈنكى ئۇلار ئەزەلدىن «خەلق» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

مۇستەبىتلەرنى دائىم خەلقنىڭ قان-تەرىنى بۇزۇپ-چاچىدۇ دەپ قالماڭ. چۈنكى ئۇلار سىزگە كۆرسىتىدىغانغا بىر نەچچە قۇر كونا كۆڭلەك تەييارلاپ قويىدۇ.

مۇستەبىتلەرنى ئادىمىگەرچىلىكى يوق دەپ ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۈلكىسى ئىنتايىن مېھرىبان كېلىدۇ.

مۇستەبىتلەر مەڭگۈ قېرىماسلىقتا ئىشەنمەيدۇ. كۆڭلىدە پەقەت «يەنە بەش يۈز يىل ياشىسام» دەپلا ئويلايدۇ.

---

لياڭ جيەنخۇا قەلەمىدىكى بۇ «تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى» ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى «خېبېي گېزىتى» - 《河北日报》 بىلەن خېبېي ئۆلكىلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېليەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» - 《杂文月刊》نىڭ 2003-يىل 5-سانىغا بېسىلغان. **داۋۇت ئادىل** تەرجىمىسى

# تۇخۇمنى زادى قايسى توخۇ تۇغقان؟

يېقىندا ژۇرنالدىن بىر ھەجۋىي رەسىمنى كۆرۈپ قالدىم. رەسىمدە بىرنەچچە مېكيان بىر تۇخۇمنى ئوراۋېلىپ، زىيارەت قىلغۇچىلارغا: «بۇ تۇخۇم كۆپچىلىكنىڭ تۆھپىسى» دەۋاتقۇدەك.

ئەمەلىيەتتە تۇرمۇشىمىزدا بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. بىر دوستۇم بىر يېڭى

www.uyghurkitap.com

تۇر ئىشلەپ چىقىپ مۇكاپاتقا ئىلتىماس قىپتۇ. نەتىجىدە دەرىجىمۇ دەرىجە تەستىقلاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا سۇۋارسىغا بىر تالاي ئىسىملار قوشۇلۇپ، بۇتۇرنى زادى كىمنىڭ ئىشلەپ چىققانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان بوپكېتىپتۇ.

ئۇنداقتا تۇخۇمنى قايسى مېكيان تۇغقان؟ بۇنى ئويلاۋېرىپ رەھمەتلىك مومام ئېسىمگە كەپقالدى. مومام توخۇ بېقىشنىڭ ئەھلى ئىدى. ھەر قېتىم قومىغا تۇخۇم يىغقىلى بارغاندا تۇخۇم تۇغقان مېكياننى ئاسانلا بىلىۋالالايتتى. مەن شۇنچە جىق مېكيان قاقىلداۋاتسا، تۇخۇمنى قايسى مېكيان تۇغقانلىقىنى قانداق بىلگىلى بولىدىغاندۇ دەپ ئويلايتتىم. مومام كۈلۈپ تۇرۇپ: «يېڭىلا تۇخۇم تۇغقان مېكياننىڭ يۈزى قىزىل كېلىدۇ» دېگەنىدى.

توغرا، ساختىپەزلەر پايدىنى كۆرگەندە ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالساملا دەيدۇ، نومۇس دېگەننى قىلچىمۇ بىلمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ قانداقمۇ يۈزى قىزارسۇن.

---

زېڭپىڭ ناھىيىسىدىكى بىر مۇلازىم، ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى «خېبېي گېزىتى» - 《河北日报》 بىلەن خېبېي ئۆلكىلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، چىقىرىلىۋاتقان «فېليەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» - 《杂文月刊》نىڭ 2003-يىل 5-سانىغا بېسىلغان.

**ئاينۇر مەتتۇرسۇن ناۋاي** تەرجىمىسى

# قىسقا فېليەتونلار

## راستمۇ؟ يالغانمۇ؟

كىشىلەر: ھەيي، ھازىر بازاردا جىق مال قالمىدى، - دېيىشىدۇ.

- ئەمەلىيەتتە جىق ماللار بار، ساختا ماللار بازارنى ئىگىلىۋالغانلىقتىن جىق مالنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدىغان بوپكەتتى.

كىشىلەر: دۇنيادا ھەقىقىي سۆيگۈ قالمىدى، - دېيىشىدۇ.

- ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي سۆيگۈ-مۇھەببەت بار، قوشۇمچە شەرتلەر ئاساسىغا قۇرۇلغان نىكاھ كۆپ بوپكەتكەچكە ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى.

كىشىلەر: ھازىر ئادىل ئەمەلدار قالمىدى، - دېيىشىدۇ.

- ئەمەلىيەتتە، ئادىل ئەمەلدارلار بار، لېكىن ئىجتىمائىي تۈزۈم مۇكەممەل بولمىغانلىقتىن ئادىل ئەمەلدار بولماق تەس بوپقالدى.

**- لۇيىڭيىڭ**

## ئېمىشقا چەكلىگەنسېرى تۈگىمەيدۇ؟

ساختا مال تۈگىمىسە بەزى سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرغۇچىلار ۋە سۈپەت تەكشۈرگۈچىلەر باي بولىدۇ.

ساختا دورا ۋە قانۇنسىز دوختۇرلۇق قىلىش تۈگىمىسە بەزى دورا تەكشۈرگۈچىلەر ۋە تېببىي خادىملارنىڭ كىرىمى كۆپىيىدۇ.

پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرۈدىغان ئىشلار تۈگىتىلمىسە بەزى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرىنىڭ كىرىمىمۇ كۆپىيىدۇ.

قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش كۆپەيگەنسېرى بەزى قانۇن ئىجراچىلىرى باي بولىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا بۇ قىلمىشلارنى قانداقمۇ چەكلەپ تۈگەتكىلى بولسۇن؟

**- لۇشيەنجۇڭ**

## ئۆزگەرگەن قۇشلار ئاۋازى

گېزىتتە يېزىلىشىچە، ئەنگلىيىدىكى قۇشلار بارغانسېرى ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى يوقىتىۋاتقان بولۇپ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، تۈرلۈك قاتناش قوراللىرىنىڭ ئاۋازلىرى تالاي قۇشنى ئۆز ئاۋازىدىن مەھرۇم قىلغانلىقتىن، ئۇچار-قاناتلارنىڭ ئاۋازى ئۆزگىرىپ يېقىمسىز بوپقالغان. شەھەرلەردىكى ياۋايى قۇشلار تۈرلۈك ماشىنىلارنىڭ سىگناللىرى ۋە كانايلارنى دوراپ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى سايراشلىرىنى ئۇنتۇپ قالغان.

ئۆز ئاۋازىنى ئۇنتۇپ قالغانلار پەقەت قۇشلارلا ئەمەس. ئەجىبا، ئەتراپىڭىزدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەلۇم كەيپىياتنىڭ تەسىرىدە ئۆزىنىڭ ئەسلى ئاۋازىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى بايقىمىدىڭىزمۇ؟!

**- زاڭ لۇڭ**

## قورقۇنچلۇق ھىمايە

گورباچېف ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە ھەر قېتىم سۆز قىلغاندا «نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى» غا مۇيەسسەر بولغان. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندە بولسا ھېچكىم ئۇنى قوغدىمىغان.

ساددام تەختتە چاغدا «خەلقنىڭ قوللاش نىسبىتى يۈز پىرسەنت» كە يەتكەن. ئامېرىكا - ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى باغدادقا بېسىپ كىرگەندە بولسا غەزەپلەنگەن ئارمىيە ۋە خەلق بۇ زالىم پادىشاھنىڭ ھەيكىلىنى ئۆرۈۋەتكەن.

**- گولياڭكۇن**

---

«فېليەتونلاردىن تاللانما» - 《杂文选刊》 ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 6-سانىدىن **ئوبۇلقاسىم ھۈسەيىن** تەرجىمىسى

(M2)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# بۈگۈنكى يېڭىچە «قۇللار» ۋە «قۇل بازارلىرى» ھەققىدە پاراك

(ئەبجەش خاتىرە)

يۈسۈپجان ساۋۇت شورلۇق

## دېھقان نېمە دەيدۇ؟

«جىسمانىي قۇللۇق ھېچ گەپ ئەمەس، روھىي قۇللۇق يامان»

ـ بىر ئۇلۇغنىڭ سۆزى

### 1ـ پاراك

ـ ھەي مەدىكار، ئىشلەمسەن؟ سېنى دەۋاتىمەنوي، سوغا دوپپا!
ـ ھە. . . ئىشلەيتمەن ئاكا، نېمە ئىشلىيى بايتى؟
ـ قىلىدىغان ئىشقۇ جىق. ئۆزۈڭ نېمىش قىلالايسەن، مەدىكار؟
ـ ئەركەك كىشى قىلىتقان ئىشنىڭ ھەممىسى قىلالايتمەن، ئاكا.
ـ نېمانداق چوڭ گەپ قىلىسنوي، مەدىكار! ئۆزۈڭگە باقماي چوڭچى بىر نېمە ئوخشىمامسەن؟ مەدىكار دېگەن يېتىم بالىدەك ياۋاش، ئۆكۈز كالىدەك ئىشلەمچى بولمىسا ما ئاتۇشتا نان تېپىپ يېيەلمەيدۇ جۇما! قولۇڭنى ئەكىلە، كۆرۈپ باقاي!
ـ مانا كۆسلە ئاكا، ئىشلەپ پىشىپ ،مۇشۇنداق قېتىپ كەتكەن قوللايابۇ.
ـ يەنە چوڭ گەپ قىلغىلى تۇردۇڭغۇ، مەدىكار. بوي-بەستىڭ چوڭ بولغان بىلەن كاززاپ، ئاقنانچى بىر نېمە ئوخشىمامسەن؟. . . تام سالىدىغان، باغ چاپايدىغان ئىش بار. ئۇن كۈندەك ئىشلەيمەن. كۆنلىكىڭگە قانچە پۇلدىن بېرەي؟
ـ هازىيقى بازاغا قالاپ ئۆزلىيى بىينىمە دېسلە.
ـ ھە، مانا ما گېپىڭ خېلى جايىدا. قورسىقىڭنى بېقىپ ئونبەش كويدىن بېرەي. ياتاق ئۆزۈڭدىن، مەدىكارنى ئۆيۈمدە قوندۇرمايمەن.
ـ بەش كوي قوشۇۋەتسىلە ئاكا، بولمىسا قولۇمغا تۈزۈك بىينىمە

ئاشمايتتىكەن.

— نېمانداق ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ چوڭ سالا قىلىسىنوي، مەدىكار! ئۆزۈڭنىڭغۇ پازىل مىراشىمدەك(1) ئۆزۈڭ قورساق بىرنېمىكەنسەن. دۇۋسۇنوڭدىن تارتىپ دۆلاڭغىچە بولغان ئارىلىقنى ئوبدان بىر كالىنىڭ ناشتىلىقچىلىك بىر نېمە بەرمىگۈچە لىقلىغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭغىمۇ كەتمەمدۇ ئون-ئونبەش كوي پۇل... بولدى، سەندىن باشقىلارنى ئاپىراي. يەنە بەش كوي قوشىمام، جانسىزراق بولسىمۇ ئىككى مەدىكار كېلىدۇ. ھەي تەلپەك!...

— بولدى، ئۇنى توۋلىمىسىلا ئاكا. مەن باپاي. ئۆزەم بۇنداق زوي بوغان بىلەن جىق غىزا يېمەيتمەن. ئۆيلىيى نەدە؟...

ئەگەر سىز 1990-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن كېيىن ئاتۇشقا كەلگەن بولسىڭىز، ئاتۇشنىڭ شەھەر، يېزا كوچىلىرىدا بېشىغا ئۇزۇن ئاق بۆك، ئۆرە تەلپەك كىيگەن، ئۈستىباشلىرى ئاۋارە، سولغۇن چىراي، ساپ خوتەن شېۋىسىدە سۆزلىشىپ يۈرۈۋاتقان كىشىلەرنى كۆردىڭىز-دە، ھەيران قالدىڭىز: بۇلار ئاتۇشقا سەيلە-ساياھەتكە كەلگەن خوتەنلىكلەرمىدۇ؟ سودا-تىجارەتكە كەلگەنمىدۇ-يە؟ ۋەياكى ئاتۇشلۇقلار مۇشۇنداق قىياپەتكە كىرىۋالغانمىدۇ؟... ياق، ياق! ئۇلار سىز پەرەز قىلغاندەك سەيلە-ساياھەتكە كەلگەن خوتەنلىكلەر ئەمەس. سەيلە-ساياھەتچىلەر رەتلىك، پاكىز كىيىنىدۇ، ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرگە ھەۋەسلىنىپ قارايدۇ، سۈرەت تارتىش ئاپپاراتلىرى بولىدۇ؛ سودا-تىجارەتچىلەرمۇ ئەمەس. سودا-تىجارەتچىلەرمۇ دۆلەتمەنلەرگە خاس كۆپەس كىيىنىدۇ، يانچۇقلىرى توم كېلىدۇ؛ پاكىز چىرايلىرىدىن تەبەسسۇم ئارىلاش قۇۋلۇق، شۇملۇق چىقىپ تۇرىدۇ؛ شۇنداق قىياپەتكە كىرىۋالغان ئاتۇشلۇقلار تېخىمۇ ئەمەس. ئاتۇشلۇقلار ئۇنداق قىياپەتلەرگە كىرىۋالىدىغان ھەزىلكەش ئەمەس، روھلۇق، تېتىك، جىددىي قىياپەتلىك كېلىدۇ.

ئۇنداقتا، ئۇلار كىملەر؟

ئۇلار ئۆز يۇرتىدا ئۆز يېرىگە تايىنىپ جان بېقىشقا ئامالسىز قېلىپ، دېھقان بولماقنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلىپ، قارا كۈچكە — جىسمانىي ئەمگەك ئىقتىدارىغا تايىنىپ جان بېقىش ئۈچۈن ئاتۇشقا كەلگەن خوتەن دېھقانلىرى، ئاتۇش ئاتالغۇسى بىلەن ئېيتقاندا، مەدىكارلار، ئاپتورنىڭ تەبىرىچە بۈگۈنكى دەۋر «قۇللىرى»!

مېنىڭ بىلىشىمچە، 1980-يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئاتۇشتا «مەدىكار بازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر بازار ئۆزلۈكىدىن شەكىللەنگەنىدى. بۇ بازارنىڭ «ماللىرى» كۆنسېرى كۆپەيگەچكە بازار ئورنى ئالتە قېتىم يۆتكەلدى. كېيىن ئارىلاپ كۆرۈپ باقتىم، باشقا ناھىيە، شەھەرلەردىمۇ بۇنداق بازارلار بار ئىكەن. لېكىن «ماللىرى»نىڭ كۆپلۈكى ۋە ئوبوروتىنىڭ تېزلىكى جەھەتتە ئۇ بازارلار ئاتۇشتىكى مەدىكار بازىرىغا يەتمەيدۇ. ھەتتا شۇنچە چوڭ، ئادەم شۇنچە كۆپ ئۈرۈمچى، غۇلجا شەھەرلىرىدىكى مەدىكار بازارلىرىمۇ ئاتۇشتىكى مەدىكار بازىرىنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالغۇدەك.

يۇقىرىقى سۆزلەشمىلەر (دىئالوگ دېمەيمەن) بىرەر ھېكايە ياكى سەھنە ئەسىرىدىكى گەپ-سۆزلەر بولماستىن، ئاتۇش مەدىكار بازىرىدىكى بىر قېتىملىق سودا ئەھۋالىدىن ئاپتور قالدۇرۇۋالغان بىر خاتىرە. 1990-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە ئاتۇشتىكى بۇ بازارنى «خوتەن ماللىرى» قاپلاپ كەتتى، كاساتچىلىق يۈز بەردى. پەيزاۋات، ئاقتاش، كاتتايايلاقلاردىن ئاتۇشقا كېلىپ مەدىكار ئىشلەيدىغانلارنىڭ رىزقىغا چاڭ سېلىندى، كۈنى تەسلەشتى. ئۇلار ئۆز دىندىشى، ۋەتەندىشى، قەۋم-قېرىندىشى بولغان «خوتەنلىك گاچا»لارغا ئۆچ بوپكەتتى. خوتەنلىكلەر كېلىشتىن ئىلگىرى بىر مەدىكارنىڭ كۈنلۈك ئىش ھەققى قىلىدىغان ئىشنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە، يېشى ۋە بوي-بەستىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ 25 يۈەندىن 40 يۈەنگىچە ئىدى. ھەتتا ئورما-كۆزلەردە 50 يۈەنگىمۇ چىققانىدى. خوتەنلىكلەر كەلگەندىن كېيىن بىراقلا تۆۋەنلەپ 10-20 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. ھەتتا بەزى ئامالسىز قالغانلار قورسىقىنى بېقىشقىمۇ ئىشلەيدىغان ئەھۋال كۆرۈلدى. بۇ ھال، ئەينى چاغدا نېگىر قۇللارنىڭ ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا كۆپلەپ كەلتۈرۈلۈشى يەرلىك كارخانا، ئېكىنزار ئىگىلىرىگە پايدىلىق بولغاندەك، بۈگۈنكى مەدىكار ئىشلەتكۈچى غوجاملارنىمۇ خۇش قىلماي قالمىدى، ئەلۋەتتە. ئەتىگەندىن كەچكىچە 10-15 يۈەنگە ئىشلىگەن مەدىكار ئۆي ئىگىسى خۇشى تۇتسا بەرگەن كەچلىك تاماق بىلەن قورسىقىنى ھاپىلا-شاپىلا ئەستەرلەپ شەھەرگە قاراپ ماڭىدۇ. چۈنكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى مەدىكار ئىشلەتكۈچى غوجاملار مەدىكارنى ئۆيىدە قوندۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «مەدىكار» ھەرگىزمۇ ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئادەم ئەمەس. شەھەرگە بىر-ئىككى يۈەنگە كىرا قىلىپ چىققان مەدىكار تۆت-بەش يۈەنگە ئاددىي دەڭ-سارايلاردا ياتىدۇ. شەھەرنىڭ بىر كۈنلۈك ۋاراڭ-چۇرۇڭى بېسىقىپ ئۇخلايدىغان چاغ بولغىچە قورسىقى يەنە ئاغرا چالىدۇ-دە، ئىككى-ئۈچ يۈەنگە قورساقنى تويغۇزىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە ئۈچ-تۆت يۈەنگە ناشتا قىلىپ، مەدىكار بازىرىدا خېرىدار كۈتۈشكە باشلايدۇ...

مەدىكار بازارلىرىدا مەدىكارلارنى توپ ئېلىپ پارچە ساتىدىغان، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئېلىپ قىسقا مۇددەتلىك ساتىدىغان ھايانكەش دەللاللارمۇ بار.

مەن 1990-يىلى يازدا ئاقچى ناھىيە بازىرىدا تۇرۇشلۇق يىراق بىر تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىدە ھەدەپ قارا ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈۋاتقان 19 - 20 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىتنى كۆردۈم. تۇغقىنىمىزدىن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىغىنىمدا، ئۇيىگىتنىڭ ئۈچتۇرپانلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىرىياز (ئالتە ئاي) لىقنى بىر تۇياق چىچقاق غۇنىجىنغا سېتىۋالغانلىقىنى ئېيتتى. غۇنىجىننى شۇ چاغلاردا كۆپ بولسا 700 يۈەنگە ئالاتتى. تۇغقىنىمىز ئۇ يىگىتنى ئىشى چىقسا ئۆز ئىشىغا سالىدىكەن، ئىشى يوق چاغلاردا باشقىلارغا كۈنلۈك، ھەپتىلىك سېتىپ، ئىش ھەققىنى ئۆز چۆنتىكىگە سالىدىكەن. بۇنداق ئىشلارمۇ بولماي قالغاندا ئېشەك ھارۋا بىلەن جاڭگالدىن ئوتۇن، چىغ ئەكەلدۈرۈپ ساتىدىكەن. بۇنىڭ پۇلىنىمۇ تۇغقىنىمىز ئالىدىكەن... بۇلارنى ماڭا تۇغقىنىمىز ماختىنىش بىلەن سۆزلەپ بەردى ۋە: «بۇ بەغەرەز ماڭا ئالتە ئايدا ئۈچ غۇنىجىن كەلگۈدەك پۇل تېپىپ بېرىدۇ» دېدى. گەپ بۇيەرگە كەلگەندە شۇنى قىستۇرۇپ قويۇش زۆرۈركى، بەزىلەر: سەن مەدىكارنى «قۇل» دېمەكچىمۇ؟ قۇل بىلەن مەدىكارنىڭ پەرقى بار. مەدىكار ئىش ھەققى ئېلىپ ئىشلەيدۇ، قۇل بولسا مەجبۇرىي ھالدا بىكارغا ئىشلەيدۇ. مەدىكار ئىشلەش نورمال ئەھۋال دەپ پىكرىمنى ئىنكار قىلماق بولۇشى مۇمكىن. دۇرۇست، قۇل - قۇلدۇر، مەدىكار - مەدىكاردۇر! ئىككىسى ماھىيەت جەھەتتىن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ ھەم ئوخشىماسلىقى كېرەك. بۇنچىلىك ئاددىي زاكونلارنى چۈشەنگۈچىلىكىم بار. لېكىن بۇيەردىكى گەپ: مەدىكارلارنىڭ روھىي قۇللۇقى، مەدىكار ئىشلەتكۈچى غوجاملارنىڭ روھىي قۇلدارلىقى ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ.

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمدەك، مەدىكار ئىشلەتكۈچى نۇرغۇن بايۋەچچى - غوجاملارنىڭ نەزىرىدە مەدىكارلار ھەرگىزمۇ ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش، تەڭ-باراۋەر كىشىلەر ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى (مەدىكار ئىشلەتكۈچىلەر) خالىغان پۇلغا خالىغانچە ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى. شۇنىڭدەك، كۆپ ساندىكى مەدىكارلارنىڭ نەزىرىدىمۇ مەدىكار ئىشلەتكۈچى غوجاملار ئۆزلىرى (مەدىكارلار) دىن پەرقلىق بولغان، ئۈستۈن تۇرىدىغان ئالاھىدە ئادەملەر.

www.uyghurkitap.com

كۆرگۈچىلەرگە مەلۇمكى، ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭ تارىخىغا ئائىت كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى «يىلتىز»دا نېگىر قۇللارنى سېتىۋالغان قۇلدار خوجاملار قۇللارنى خالىغانچە ئىشلىتىدۇ، مال سېتىۋالغاندەك چىشلىرىنى كۆرۈپ، بەدەنلىرىگە ئۇرۇپ بېقىپ ئالىدۇ، خورلايدۇ، ئۇلارغا زورلۇق-زومبۇرلۇق ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، كۇنتا كېنتېنى ئۆز تىلىدا (ماندىنگوچە[2]) سۆزلەپ قارشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاغزىغا ئېغىزدۇرۇق[3] سېلىپ ئېسىپ قويىدۇ. قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن پۇتىغا كىشەن سېلىپ باشقا قۇللارغا چېتىپ ئىشلىتىدۇ، سولاپ قويىدۇ، باغلاپ قويىدۇ، قېچىپ كەتكەندە تۇتۇۋېلىپ قاتتىق ئۇرىدۇ، پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرىنى كېسىۋېتىدۇ، ئېغىر ئىشلارغا سالىدۇ... هازىر بۇ دەرىجىدە بولمىسىمۇ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشلار بىزنىڭ بۈگۈنكى يېڭىچە «قۇللار» ۋە «قۇل بازار»لىرىمىزدا يوق ئەمەس. بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئاتۇشنىڭ مەدىكار بازىرىدا تۇرسام، تۇيۇقسىز پاتپاراقچىلىق بولۇپ، مەدىكارلار بۆرىدىن قاچقان قويلاردەك تەرەپ-تەرەپكە قاچ-قاچ قىلغىلى تۇردى. نېمىش بولغانلىقىنى بىلمەك بولۇپ قارىسام، ئەلپازى بۇزۇلغان ئىككى كىشى مەدىكار ئاتلىقنىڭ هەرقاندىقىنى تىللاپ، قوللىرىدىكى كالتەكلەر بىلەن ئۇرۇپ، نوقۇپ، «قېنى هېلىقى ئىككى كەلگۈندى مەدىكار؟ دەرهال ئالدىمغا ئەكېلىش، بولمىسا هەممىڭنىڭ ئانا-ماناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن، سولامچى مەدىكارلار!» دەپ سۈرەن سېلىپ يۈرەتتى. .. بىر چاغدا ئۇ ئىككىسى خوتەنلىك ئىككى مەدىكارنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇرۇپ، قوللىرىنى باغلاپ، موتسىكلىتلىرىغا ئارتىپ ئېلىپ ماڭدى. كېيىن ئۇقسام، ئەسلىدە تۇتۇپ ئەكېتىلگەن خوتەنلىك ئىككى مەدىكار هېلىقى ئاكا-ئۇكا خوجاملارنىڭكىگە مەدىكار ئىشلەشكە بارغانىكەن. لېكىن قىلىدىغان ئىش ئېغىر، بېرىلگەن تاماق ناچار، مۇئامىلە بەك قوپال بولغانلىقتىن ئۇلار ئىلاجسىز بىر يېرىم كۈن ئىشلەپتۇ. خوجايىنلار چۈشلۈك تاماق يېيىش ئۈچۈن ئۆيىگە كىرىپ كەتكەندە، نەزەربەنتتىن قۇتۇلغان ئىككى مەدىكار بىر يېرىم كۈنلۈك ئىش هەققىدىنمۇ كېچىپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ بازارغا قېچىپ چىققانىكەن. هېلىقى ئىككى زوراۋان خوجام ئۇلارنى ئاشۇ «جىنايىتى» ئۈچۈن شۇنداق قىلغانىكەن. ئۇلار كېيىن قانداق قىلدى، بۇنىڭدىن پېقىر خەۋەرسىز. بۇنداق مىساللاردىن تالايلاپ سۆزلەپ بېرەلەيمەن. مەن باشقىلىرىنى سۆزلىمەي ئۆز كەچۈرمىشلىرىمنى دېسەممۇ ئوقۇرمەنلەرگە بېتىپ ئاشقۇدەك چىقىدۇ. بۇرۇنقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ يېقىندىكىلىرىنى دېسەم، مەن 2000-يىلدىن بېرى مۇشۇ جاهاندىن جان بېقىشقا (هەرگىزمۇ پۇل تېپىشقا، باي بولۇشقا ئەمەس) ياخشىراق پاناھ جاي ئىزدەپ ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا بىرنەچچە يىل سەرگەردان بولۇپ يۈردۈم. بۇ جەرياندا مەن شۇيەرلەردىكى تۇغقانلىرىم، يۇرتداش، تونۇش-بىلىشلىرىمنىڭ ماڭا ھىممەت كۆرسىتىپ «ئاتىدارچىلىق» قىلىش لەۋزىلىرىگە بىنائەن ئۇلارنىڭ بۇيرۇغانلىكى قارا ئىشنىڭ هەممىسىنى قىلدىم: ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنى قىلدىم، چارۋا-ماللىرىنى باقتىم، ئېغىل-قوتانلىرىنى قۇرۇقدىدىم[4] قىغلىرىنى چىقاردىم، تام سالدىم، هامماللىق قىلدىم... كارخانا-شىركەتلىرىدە مال ساتتىم، بىدىكلىك قىلدىم، تازىلىق ئىشچىسى بولدۇم، هەتتا ئۇكام، بالام دېمەتلىكلەرنىڭ بۇيرۇقىنىمۇ غىڭ قىلماي ئورۇندىدىم. يالغانچىلىقنى ناهايىتى يامان كۆرىدىغان ئادەم ئىدىم، يالغانچىلىقمۇ قىلدىم... قىسقىسى، جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە مەن قىلمىغان ئىش ئاز قالدى. ئاخىرىدا ئۇيەرلەردىكى تۇغقانلىرىمنىڭ، يۇرتداش، تونۇش-بىلىشلىرىمنىڭ پېقىرغا قىلغان «ئاتىدارچىلىقى» مەرھۇم يازغۇچىمىز زۇنۇن قادىرىنىڭ «غۇنچەم» دراممىسىدىكى ئۆمەر شاڭيۇنىڭ نۇرۇم ۋە غۇنچەملەرگە قىلغان «ئاتىدارچىلىقى»دەك ئاتىدارچىلىقى بىلەن نەتىجىلەندى. بۇ جەرياندا مەن سوتكىسىغا 17-18 سائەتلەپ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك قىلغان چاغلىرىممۇ خېلى بولدى. بىراق، ئاشۇ 15 سائەتتىن يۇقىرى ئىشلىگەن ئىشىممۇ خوجايىنلىرىمنىڭ قورساق تويغۇدەك قۇزۇۋەتلىك بىر ۋاق تاماق كەلگۈدەك پۇل ئېلىپ بېرەلمىدى. هېلىهەم مەن يەنىلا قىلغان ئىشىمغا لايىق ھەق ئالالماي ئىشلەپ يۈرۈۋاتقان مەدىكار. خەلقىمىزدە «قۇلدەك ئىشلەپ بەگدەك يە» دېگەن گەپ بار ئىدى. بۇ گەپ ئەمەلىيەتتە، قۇلدەك جاپالىق ئىشلىمەك، بەگدەك هۇزۇر-ھالاۋەت كۆرۈسەن، قۇلدەك ئىشلىمەك ئىش ھەققىڭ بەگلەرنىڭ تۇرمۇشىدەك بولۇش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، دېگەندەك مەنالارنى بىلدۈرەتتى. بىراق قۇلدەك ئىشلىگۈچىلەر بەگدەك يېيىش تۇگۇل، بەگنىڭ غالچىسىچىلىكمۇ يېيەلمەيۋاتىدۇ. بەلكىم ئېكسپىلاتاتسىيە دېگەن سۆز مۇشۇنداق ئىشلارغا قارىتا ئېيتىلغان بولسا كېرەك.

## 2-پاراڭ

- ئاڭلىدىڭىزما ئايىمخان؟ ئاۋۇ يېتەخاننىڭ قىزىنى يەتتە مىڭ كويغا قىپتۇ جۇما.

- مانىھ، راست دەۋاتامسىز ھۆرىخان، ئاشۇ يېتەلاقنىڭ قارا پاپىسىنىمۇ[5] يەتتە مىڭ كويغا ئاپتىما؟

- ۋىيەي، راست بولماي، يەتتە مىڭ كويغا ئاپتىما دېگىنىڭىزنىمىسى. تېخى ئۇ يېتەلاق شۇ قىزنى يەتتە مىڭ كويغا بەرمەپتۇ دەيمەن.

- ھە... تېخى... شۇنىڭغا قارىغاندا ھۆرىخان، بىزنىڭ باللارنى ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئالامدۇ-نېمە؟

- ئالامتىكى ئاندىن. ھازىر دېگەن قىز بالىنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كەتتى، ئايىشەمخان... ھىي-ھىي... سىلىنىڭكىدەك ئوقۇغان، قولىدا ھۈنىرى بار، چىرايلىق قىزلارنى گەپ يوق ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئالىدۇ. بوسۇغا ئاتلاپ قىز سوراپ كەپقالسا خىجىل بولۇپ تىل چايناپ ئولتۇرماڭ جۇما يەنە.

- ۋاي، مەن ئۇنچىلىك ئىشنى بىلمەمتىم ھۆرىخان. بۇ يىل چوڭىنى چىقارسام... سولياۋ، ئوغۇت، سېلىق پۇللىرىنى تۆلىسەم... قولۇمغا يەنە ئىككى-ئۈچ مىڭ كوي بىر نېمە ئاشامدۇ-نېمە! ھە، خۇدا...

* * *

- ئۇنىڭ كويدىن كەم بولسا، مەن تۇرۇپ تۇراي، قىزىمنىڭ قولىدا گۈلدەك سەيپۇڭلۇق ھۈنىرى بار، چىرايىمۇ خانىم قىزلارنىڭكىدىن قېلىشقۇچە ئەمەس، كېلىنىنىڭ بارمۇ دېسە، بار دېگۈچىلىكى بار. بىر ئادەمنىڭ چاپىنىنى تىكىپ تۆت تەڭگە تاپالايدۇ. ئۇ كۈنى ئاۋۇ تۆۋەن مەھەللىدىكى راخاپ چوڭنىڭ يا ئوقۇمىغان، يا ھۈنەر ئۆگەنمىگەن، چىرايىنىڭمۇ تايىنى يوق بىر قىزنى توققۇز مىڭ كويغا ئەپكەتتى. شۇنىڭغا قارىغاندا بىزنىڭ مەرىگۈلنى ئۇنىڭ كويغا لايىق كۆرۈشمىگەن بولۇشسىلا ئىختىيارلىرى. يېپىق قازان يېپىقچە قالسۇن. ئىككىلا تەرەپ ئاغرىنىشمايلى.

- بۇنداق دەپ توقۇمىنى قارىنىڭىزغا ئالسىڭىز بولماس، ئايىشەمخان. ھەر ئىككىلىمىز دېھقان خەق، كۈنىمىزنى ئەتىيازدىكى تۈگمەندەك ئۈتتۈرۈملۈق ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. ئەھۋالىمىزغا يارىشا ئىش تۇتايلى. ئوغۇل ئۆيلىدۇق، قىز چىقاردۇق دەپ تومىياغ[6] بوپقالساق دوست-دۈشمەننىڭ كۈلكىسىگە قالىمىز. تويدىن كېيىنمۇ يەنە

جاھاندارچىلىق قىلمىساق بولمايدۇ. شۇڭلاشقىمۇ بالىلارنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى ئىكەن، بوپتۇ، سەككىز مىڭ كوي بېرىلى. دوست-دۈشمەننىڭ ئالدىدا بىزلەرنىڭ ئوبدانراق ئابرويىمىزنى قىلىپ بېرىشەلا.

- نېمە؟ سەككىز مىڭ كوي بېرىشىلە، ھەممىڭلارنىڭ ئابرويىنى قىلىپ چىللاپ بېرىمەن تېخى!؟ بۇنداق نەرخىدىن ناۋاسى ئۈستۈن سودىنى خوتۇن كىشى بولسامۇ قىلمايمەن، جەرۇللاكا. ئۇنىڭ كوي دەپ ئاغزىمدىن چىقەتتى، شۇ ھېساب. كۈيئوغۇلغا ھازىر ئېيتقۇاتقان نەرخ بويىچە تەجۈيلە قىلىمەن. قالغانلىرىڭلارنى قاتاردا بىر سانايمەن. .. بۇنىڭغا تولغاشساڭلار، گەپنى ئۈزدۈمغۇ، تولغاشمايدىغان يەرگە بېرىشىلا دەپ...

- يا ئاللا نېمانداق ئاغزى قاتتىقلىق قىلىسىز، ئايشەمخان؟ قىز سوراپ بوسۇغا ئاتلاپ كىرىپ، ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە «يامانىنى ياردا قىستاپتۇ، ئۆلۈكنى گۆردە» دېگەندەك، بىزنى تەتۈر قىينىمىگىز بولمايتتى، ئۆكام. سىلە بىز ئۇرۇق-تۇغقان ئىدۇق، ئېرىڭىز ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى قولۇمدىن كېلىشىچە سىزگە ياردەم قىلىپ كېلىۋاتاتتىم. شۇلارنىڭ بولسىمۇ خاتىرىسىنى قىلسىڭىز بولاتتى. سىز بۇنداق دەپ تۇرۇۋالسىڭىز مەن بىرنېمە دېيىشكە ئامالسىز قېلىۋاتىمەن. ئالدىمغا ماڭاي دېسەم بۇرنۇم قانايدۇ، ئارقامغا ياناي دېسەم ئىزا-ئاھانەت. بۇيەردە ماۋۇ موللىكام باشلىق يۇرت چوڭلىرى بار ئىكەن، شۇلار بىرنېمە دېسۇن. ھەركىم ئۆزىنىڭ خەتنىسىنى ئۆزى قىلالمايدۇ ئەمەسمۇ.

- ھە... ئەمدى بىز بىرنېمە دېسەك، جەرۇللاۋاي، ئايشەمخان! زامان شۇنىڭغا ئېقىپ كەتتى. «زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. سىلى-بىز ھەرقانچە قاقشىغان بىلەن زامانغا باقماي بولمىدى. مەدەنىيەت، تەرەققىيات دېگەنلىرى مۇشۇ ئوخشايدۇ. بىز خەق بۇيەردە بىر ئادەمنىڭ ئۆمۈر سودىسىدا بىر-ئىككى مىڭ كوينى ئېغىر كۆرۈپ دەتالاش قىلىپ ئولتۇرغان بىلەن شەھەرلىكلەر 10 - 15مىڭ كوي پۇلنى بىر مەسلىھەت چېيىدىلا يەپ-ئىچىۋېتىدىكەن. قىزنىڭ باھاسىمۇ 20 - 30مىڭدىن چۇشمەيدىكەن. خەۋىرىڭلار بار: بۇلتۇر ئۈرۈمچىدىكى ئوغلۇمنىڭ تويىغا بېرىپ قالدىم. ياڭاللا ئۇيەردىكى خەجلىنىۋاتقان پۇل، قىلىنىۋاتقان تەجۈيلە، كېتىۋاتقان، بۇزۇپ-چېچىلىۋاتقان ئاش-تاماق... شۇ ئىسراپچىلىقلارغا قاراپ كۆڭلۈم ئېلىشىپلا كەتتى. ئۇ خەق تويىنىڭ ھەممىلا ئىشىنى ئۆيدە ئۆتكۈزمەي، رېستورانى⑦ دېگەن بىر يەردە ئۆتكۈزۈدىكەن. ئاشۇ رېستوراينىڭ شىرە، ئورۇندۇق، ئاش-تاماق، مۇلازىمەت ھەققىگىلا كېتىدىكەن بەش - ئالتەمىڭ كوي پۇل، تېخى بىر قېتىملىقىغا جۇما. توي باشلىنىپ ئاخىرلاشقىچە ئۇ رېستورانىغا بىرەر يۈزدىن جىق ئادەم يەتتە-سەككىز قېتىم كىرىپ يەپ-ئىچىدىغان گەپكەن... شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ ئاشۇ ئوغلۇمنىڭ تويى 70مىڭ كوي بىلەن ئۆزىدى. مۇشۇ يەرلەردە بولسا ئۇ پۇلغا ئونمىڭ كويدىن بولسا، ئايشەمخاننىڭ قىزىدەك قىز بالىدىن يەتتىسى كېلىدۇ ئەمەسما. تېخى بىزنىڭ بەگۋاشنىڭ تويى ئادەتتىكىچە بولغان توي ئىكەن. شۇيەرنىڭ شارائىتىدا ئوبدان بولدى دېگەن تويلار 100مىڭ كويدىن يۇقىرى بولۇدىكەن... خوش، ئۇ دېگەن شەھەر، بۇ بولسا سەھرايى قىيامەت. بىز دېھقان خەق شەھەرلىككە ئۆزىمىزنى سېلىشتۇرالمايمىز. شەھەرلىكلەر يەۋاتقان، كىيىۋاتقان نەرسىنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ يېرىمىزدىن، ئېغىلىمىزدىن چىققان بىلەن ئۆزىمىز ئۇلارغا تەڭلىشەلمەيمىز. ئۇلار دېگەن كادىر، پۇلدار؛ بىز بولساق شۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى دېھقان. شۇڭا بىز ئۇلارنى دورىماي، ئۆزىمىزگە يارىشا ئىش تۇتمىساق بولمايدۇ... ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك جەرۇللاۋاي، سىلى دېگەندەك ئىككى مىڭ كوي پۇل بىز دېھقان خەق ئۈچۈن ئاسان تېپىلىدىغان پۇل ئەمەس.

لېكىن بىر ئادەمنىڭ ئۆمۈر سودىسى ئۈچۈن كۆپ پۇلمۇ ئەمەس. ئىككى بالا ئوبدان بولۇپ، بىر موردىن تۈتۈن چىقارسىلا بولىدۇ. بىر-ئىككى مىڭ كوي پۇلنىڭ كارى چاغلىق. ئىككى-ئۈچ مو يەردىن، قوي-كاللارنىڭ تۇللىرىدىن چىقىپ قالار. خۇدايىم بۇيرىسا «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دېگەن گەپ بارغۇ. ئۆيۈڭلەرگە ئەسقاتقان بىر جان قوشۇلىدىغان ئىش بولغاندىكىن، سىلىمۇ بۇنچە چىڭلىق قىلىپ كەتمىسىلە جەرۇللاۋاي. ئايشەمخانمۇ ئانچە ئېشىپ قويمىدى. ھازىرقى ئوتتۇراھال نەرخ شۇ. شۇ ھېساب بولسۇن. ئايشەمخان ئۆزى تۇل خوتۇن بولغان بىلەن قىزدا-باجا كۆرگەن، يۇرتقا نەچچە قېتىم داستىخان سالغان، ئالقىنى كەڭ مەرد ئايال. سىلىنى دوست-دۈشمەننىڭ ئالدىدا يەرگە قاراتماي ئوبدان ئۆزىتىدۇ. قىلسا ئۆزىنىڭ قىزىغا قىلىدۇ ئەمەسمۇ... شۇنداق بولسۇنمۇ ئەمسە؟ ھە، مانا...

* * *

- ھە، ئەتىگەندە ياسىنىپ-تارىنىپ قالدىڭغۇ، سەپەر نەگىچە؟

- نېمانداق ئۆندەرەپ كېتىسىز، ماللىرىنى كەلكۈن ئەپقاچقان سودىگەردەك. ئانامنىڭكىگە بېرىپ كېلەي دەۋاتىمەن، بىرىباقتا قېچىپ كېتىمەن دەۋاتقىنىم يوق. ئۇ كۈنى ئازنىلىقتا ئاپارغىنىڭىزدا كېلەر شەنبە كۈنى كېلىپ كىر-قاتلارنى يۇيۇپ، نان يېقىپ بېرىپ كېتەرسەن دېگەنىدى...

- ئۇينىغلى بارمايمەن، دەپ تەئەددىي گەپ قىلسەڭغۇ! ھېچ يەرگە بارمايسەن! نەگە بېرىش، نەدە تۇرۇش ھوقۇقۇڭ ئەمدى مېنىڭ ئىلكىمدە.

- مانىھ، ماگەپنى. ئۆزۈمنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭكىگىمۇ بارغىلى قويمامدىكەن!؟ مەن سىزنىڭ سېتىۋالغان قۇلىڭىز ئەمەس جۇما غوجام.

- قۇل بولماي نېمە؟ پۇلغا سېتىۋالغاندىكىن. مەن سېنى تۆت چوڭامنىڭ سۈرىتى بېسىلغان⑧100دانە تىزىغا سېتىۋالغان جۇما. بۇنى ئۇنتۇپ قالدىڭما؟

- ۋۇي چىدىماس بايۋەچچى! مۇنداق گېپىمۇ بار دەك تېخى. پۇلغا ئالدىم دەپ مۇنداق مۇتىھەملىك قىلىدىغان ئىشىڭىز بولسا، ئاستا بېرىپ خېتىمنى بېرىۋېتىڭ، ئاجرىشىپ كېتەيلى. سىزدىن باشقا پايتىمىسىنى تەتۈر يۆگىگەندىن بىرەرسى چىقىپ قالار. ناھايىتى كەتسە جۇۋان ئىكەن دەپ، بىر-ئىككى مىڭ كوي ئەرزان ئالىدۇ شۇ...

- خېتىمنى بەر؟ نېمىدەپ يۇرۇسىنوي؟ سەن دېگەن پۇلغا سېتىلغان مال-قۇل! قۇلنىڭ خوجايىنىغا تەلەپ قويۇش، بېسىم ئىشلىتىش ھوقۇقى يوق، ئالدى بىلەن ئونمىڭ كوينى ئەكېلىپ بېرىپ ئاندىن ما گەپلەرنى قىلساڭ يارىشىدۇ. «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دەپتىكەن. ئونمىڭ كوينى يانچۇقتا سېلىپ چىقسام، تىرناقتا توختايدىغان قىز ئالالايمەن يەنە...

- .......

* * *

- ھەي يۇسۇپجان، ھەي يۇسۇپجان، سېنى يازىدۇ، يازىدۇ دەيدۇ. نېمىنى يازىسەن؟ ئارانلا ھېكايە توقۇپ يۈرمەي، ماجاھاندا بولۇۋاتقان ئەمەلىي ئىشلارنىمۇ يازمامسەن! سەن دائىم «بىزنىڭ مىللىتىمىز مۇنداق مەدەنىيەتلىك، ئۇنداق ئەدەبلىك، بۇنداق غورۇرلۇق» دەپ تەرىپلەيدىغان ئۇيغۇرلىرىمىز ھازىر قانداق تائىپە بوپكېتىۋاتىدۇ؟ ئاتا-ئانا بولغۇچىلار قىزلىرىنىنومۇس قىلماي مال ئورنىدا ماختاپ سېتىۋاتسا؛ شەرم-ھايالىق، ئىپپەت-نومۇسلۇق دەيدىغان قىزلىرىمىز

www.uyghurkitap.com

ۋىجدان، ھايا دېگەنلەرنى قايرىپ قويۇپ پۇلغا سېتىلىۋاتسا؛ پۇلدارلارنى قوغلىشىۋاتسا؛ ئەردىن چىقىپ ئەرگە تېگىپ پۇل-مال يىغىۋاتسا؛ پۇلى بار غوجاملار باللىرىنى يېتىم قىلىپ خوتۇن يەڭگۈشلەپ، خوتۇن ياشلاشتۇرۇپ يۈرۈۋاتسا. . . ھەي، قېنى بىزدىكى ئېسىل ئەنئەنە، ئەجداد روھى، غۇرۇر، ۋىجدان، ئىنساب تۇيغۇسى؟ نېمىشقا ھازىر نوزۇكۇمدەك، رابىيەدەك، غۇنچەمدەك قىزلارنى تاپقىلى بولمايدۇ؟ سەئىدىنىدەك، نۇرۇمدەك ۋىجدانلىق يىگىتلىرىمىز نېمىشقا نامرات بولغاچقا ئۆيلىنەلمەيدۇ؟ . . . مۇشۇنداق بولۇشقا زادى نېمە سەۋەبچى؟ . . . مانا مۇشۇنداق ئىشلارنىمۇ يازمامسەن، دائىملا يالغاندىن ھېكايە توقۇيمەن، دەپ كاللاڭنى ئۇپرىتىپ يۈرۈۋەرمەي!

## 3-پاراڭ

بۇ بابتىكى پاراڭلار يەنە قىز-ئاياللار توغرىلىق بولۇپ، «2-پاراڭ» نىڭ تولۇقلىمىسى ئورنىدا بارىدۇ.

1980-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە شەھەر-بازارلاردىكى كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ئۆسۈپ، تۇرمۇشى ھاللىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەرلىك بىر قىسىم بايۋەچچىلەردە جۇڭگودا سوتسىيالىزم قۇرۇلغاندا ئېكسپىلاتاتسىيە دەپ يوقىتىلغان ئىشلارنىڭ بىرى - ئائىلىلەردە خىزمەتچى - بالاباققۇچى (باۋمۇ) ئىشلىتىدىغان بىر ئىش پەيدا بولدى ۋە بارا-بارا كېڭىيىش - ئومۇملىشىشقا باشلىدى. شۇنىڭغا ماس ھالدا يېزىلاردا، بولۇپمۇ شەھەرلەرگە يىراق، نامرات يېزىلاردا ئوقۇش يېشىدىكى ئوقۇشسىز قالغان قىزلارنى، ھەتتا بەزىلەر ئوقۇۋاتقان قىزلىرىنىمۇ مەكتەپتىن ئاجرىتىۋېلىپ، شەھەر-بازارلاردىكى بايۋەچچى-غوجاملارنىڭكىگە بالا باققۇچى (باۋمۇ) لىققا بېرىدىغان ئەھۋالمۇ بارلىققا كەلدى. بۇ ئەھۋال1990-يىللارغا كەلگەندە ئەۋجىگە چىقتى.

باشقا يەرلەردە قانداق بولغان، ئۇقمايمەن. دەسلەپكى چاغلاردا ئاتۇشتا بالا باققۇچى قىزلارنىڭ ئايلىق ھەققى ئۇلارنىڭ يېشىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، «ئەمگەك ئىقتىدارى» نىڭ يۇقىرى- تۆۋەنلىكىگە قاراپ 30يۈەندىن 50يۈەنگىچە ئىدى. دېمەك، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر ئادەمنىڭ بىر ئايلىقى 40يۈەن بولۇپ، كۈنىگە 3 .1يۈەنگە ئىشلىدى دېگەن سۆز. بۇ، ئەينى چاغدىكى ياۋروپا، ئامېرىكا كارخانىلىرىدا ئىشلىگەن بالا ئىشچىلارنى ئەسلىتىدۇ. خۇداغا شۈكۈر، بىزدەك نامرات خەلقتە بۇنداق «بالا ئىشچى» لار ئانچە كۆپىيىپ كەتمەيۋاتىدۇ. ئەمما «بالا ئىشچى» لارنىڭ شۇچاغلاردىكى ئايلىق ئىش ھەققى نۇرغۇن نامرات دېھقانلىرىمىز ئۈچۈن كەم قولغا كېلىدىغان بايلىق ئىدى. ھېلىھەم شۇنداق.

بالا باققۇچى قىزلار ئاتاقتا «بالا باققۇچى» ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئائىلە خىزمەتچىسى، يەنى بۈگۈنكى دەۋردىكى يېڭىچە «چۆرە - قول! » «كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋالغىچە ئانامنى بېرەي دەپتۇ، ئۆتۈۋېلىپلا پالانى نېمەمنى بېرەي دەپتۇ» دېگەندەك، ماقول كەلتۈرۈپ، ئۆيلىرىگە ئەكىرىۋالغىچە بالا باققۇچى قىزلارغا ھەم ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىغا ھاتەم ⑨ كەبي ياخشىلىق - ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىلىق ئاغزىدىن بال تامغان خوجايىنلار بالا باققۇچىلارنى ئۆيلىرىگە ئەكىلىۋالغاندىن كېيىن جۇۋىسىنى تەتۈر كېيىپ، پاختىدەك يۇمشاقلىقتىن تاشتەك قاتتىقلىققا ئۆزگىرىپ ليۇ ۋېنسەيلىك⑩ قىلىشقا باشلايدۇ؛ بالا باققۇچىلارنى ئاش-تاماق ئېتىش، كىر-قات يۇيۇش، ئۆي تازىلىتىش، يۈگۈر-يېتىمگە ماڭدۇرۇش. . . قا ئوخشاش ئېغىر-يېنىك ئىشلارغا سالىدۇ؛ خوجايىن -خېنىمنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتتۈرىدۇ. . . ھەتتا ئۇلارنى تۈرلۈك باھانىلار بىلەن خورلايدۇ، ئازابلايدۇ. قىسقىسى، بالا باققۇچىلارنىڭ كۆرىدىغان ھالاۋىتى، ئالىدىغان نېپى «بىرىشىڭىز ئالتە پۇل، ئۇرۇشىڭىز تاڭ ئاتقۇچە» دېگەندەك بولىدۇ. . . بۇلارنىڭ ئەمەلىي مىساللىرىنى نۇرغۇن يازما ۋە ئېكران ئەسەرلىرىدىن ئوقۇپ، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىزغۇ! شۇڭا ئەمدى بەس.

قىزلىرىنى بالا باققۇچىلىققا بەرگەن ئاتا-ئانىلارنىڭ مەقسەت-مۇددىئالىرى كىشىنى تېخىمۇ ئېچىندۇرىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئاتا-ئانىلار دەسلەپكى چاغلاردا ئايدا بېرىلىدىغان بىرنەچچە ئون يۈەن پۇلنى كۆزلەپ قىزلىرىنى بالا باققۇچىلىققا بەرگەنىدى. كېيىنچە، قىزلارنىڭ باھاسى ئۆسۈپ، نەق پۇلغا «سېتىش» ئومۇملاشقانسېرى ئۇلارنىڭ، بولۇپمۇ ئانىلارنىڭ قورساقلىرىدا باشقىچە «چوت» پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (بىر قىسىم ئانىلار) بالا باققۇچىلىققا بېرىلگەن قىزلىرىغا شەھەر «مەدەنىيىتى» ئۆگىنىپ، «شەھەرچە خېنىم» بولۇشقا ئۆگىتىمچىلىك قىلىشقا كىرىشتى. چۈنكى، «سەھرالىق قىزلار» دىن «شەھەرچە» قىزلارنىڭ، تومپاي قىزلاردىن نازىنىن قىزلارنىڭ، ساددا قىزلاردىن شوخ قىزلارنىڭ، سەت قىزلاردىن سەتەڭ قىزلارنىڭ، نامرات قىزلاردىن باي قىزلارنىڭ. . . تويلۇق باھاسى يۇقىرى-دە. ئەمدى بالا باققۇچى قىزلارنىڭ ئۆز ئۆيلىرىگە كەلسەك، كېيىنكى چاغلاردا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇشسىز قالغانلىقىغا ، ئۆز ئۆيىدىن ئايرىلىپ باشقىلارغا مالاي - «قول» بولغىنىغا ئانچە پەرۋا قىلماس، ئېچىنماس بولدى. چۈنكى ئۇلاردا بارا-بارا ئۆزلىرىنىڭ شەھەردە تۇرۇۋاتقىنىدىن، «شەھەرلىك» بولغىنىدىن مەغرۇرلىنىدىغان، ئۆز «سەھرالىق» لىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان AQچە روھ ئۇلارنىڭ ساددا، ئەمما ئۆزگىرىشچان ۋۇجۇدىدا پەيدا بولىدۇ. باشقىلارغا خىزمەتچى - «قول» بولغان بۇ بىچارە روھىي غالىبىيەتچىلەر دەسلەپتە خوجايىن خېنىملىرى ۋە باشقا قىز - ئاياللارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇش، كىيىنىش - ياسىنىش، گىرىم - پەرداز قىلىش. . . لىرىغا ئەيمىنىش ۋە ھەۋەس بىلەن قارايدۇ. كېيىنچە بۇ «ھۈنەر» لەرنى ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ تولىسى ۋېلىسىپىت مىنەلەيدىغان، قاشلىق ئېتىپ لەۋلىرىنى بوياپ، چېچىنى كەستۈرۈپ، بۇدۇرقىلدۇرۇپ (كۆپتۈرۈپ) ، يۈزىنى مايلاپ. . . . گىرىم - پەرداز قىلالايدىغان، مودېل قىزلاردەك ئالماپ دەسسەپ، بېلىنى تولغاپ، ساغرا، كۆكسىلىرىنى چىقىرىپ ماڭالايدىغان، ناز قىلىپ ، خۇلق چىقىرىپ كۈلەلەيدىغان، سوزۇپ (ئاھاڭ چىقىرىپ) سۆزلىيەلەيدىغان، يىگىتلەر بىلەن قانداق ئارىلىشىشنى بىلىدىغان. . . ماڭقۇرتچە «شەھەر سەتىڭى» بولۇپ يېتىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تويلۇق باھاسى تۆۋەن بوپقالماسلىقنىڭ نۇرغۇن شەرتلىرىنى ھازىرلىۋالغان بولىدۇ. بۇ بەزى يېزا قىزلىرى ئارىسىدىكى بىر «مەدەنىيەت».

يېزا قىزلىرىنىڭ تويلۇق باھاسىنىڭ تۆۋەن بوپقالماسلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان يەنە بىر ئامىل ھۈنەر ئۆگىنىش. يېزا قىزلىرى ئۆگىنىدىغان ھۈنەرلەر ئاساسەن سەيپۇڭلۇق، گىلەم توقۇش ۋە باشقا ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن چەكلىنىدۇ. ھازىر شەھەر-بازارلاردىكى، ئائىلىلەردىكى سەيپۇڭخانىلاردا ئىشلەۋاتقان شاگىرتلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر قىزلار. لېكىن ئۇستا بولۇپ، ئۆز ئالدىغا سەيپۇڭخانا (تىككۈچىلىك كارخانىسى) ئاچقان ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلار يوق دېيەرلىك. بۇنىڭغا قارىغاندا گىلەمچىلىك خېلى ئوبدان كېتىۋاتىدۇ. بىراق، بۇمۇ خوتەندىن باشقا جايلاردا كۆلەم ۋە دەرىجە ھاسىل قىلالمايۋاتىدۇ.

يېزىلىق سەيپۇڭ، گىلەمچى شاگىرت قىزلارنىڭ ئويلايدىغىنى ۋە «ئۆگىنىدۇ» غىنى بالا باققۇچى قىزلارنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسىدا ھۈنەرنى پۇختا ئىگىلەپ، قابىل ئۇستا بولۇپ كارخانا ئېچىپ، ئىگىلىك تىكلەپ، ئىشسىز قىلىۋاتقان يۇرتداش خوتۇن-قىزلارغا ھۈنەر ئۆگىتىپ چىقىش يولى تېپىپ بېرىشنى، زامانغا،

تەرەققىياتقا ماس يېڭى-يېڭى پاسون ـ نۇسخىلارنى ئىجاد قىلىشنى .. . ئەمەس، يېڭى پاسوندا چىققان كىيىملەرنى كىيىشنى، گىرىم ـ پەرداز بۇيۇملىرىنى قانداق ئىشلىتىشنى، چاچلىرىنى قانداق كېسىش ـ بوياشنى... ئويلايدۇ، ئۆگىنىدۇ، ئۆگىنىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ «ھۈنەرۋەن» قىزلارنىڭ سۈلىتى ئات تارتالمىغۇدەك ھالغا كېلىدۇ ـ دە، تويلۇق باھاسى كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچى قىزلارنىڭكىدىن قالسىلا 2.ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. توي قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تولىسى بىر نەچچە يىل ئۆگەنگەن ھۈنەرلىرىنى تاشلىۋېتىدۇ. بىر ئۆينىڭ، بىر ئەرنىڭ «قۇلى»غا ئايلىنىدۇ.

## 4-پاراڭ

ـ «چىك... ئاھاي، قويۇڭە ئۇنداق گەپلىرىڭىزنى! بۇ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرى بىر كەلدى، قايتا كەلمەيدۇ. سىز يازغۇچى ئادەم، ئوبدان بىلىسىز، ئاقىللار: ئۆمۈر ئاتقان ئوق، دېگەنغۇ. ياشلىقنى قايتۇرۇپ ئالغىلى بولامتى؟ بىز دېگەننىڭ ھازىر تازا ئويناپ، ياشىۋالىدىغان چاغلىرىمىز مۇشۇ... نېمە؟ ئوقۇش ـ بىلىم ئېلىش، ۋەتەن، مىللەتنى، كەلگۈسىنى ئويلاش... دېدىڭىزما؟ ۋاي بېشىم، خۇددى بىزنىڭ كاسكا مۇئەللىمدەك گەپ قىلىدىكەنسىز، يۇسۇپجانكا. ئىككى ـ ئۈچ تال بىر نېمىلىرىڭىز ژۇرنالدا چىقسا، مەن يازغۇچى دەپ ئادەمگە تولا يول كۆرسىتىپ كەتمەڭا. بىزنى ياخشى ئوقۇپتىكەن، ۋەتەن ـ مىللەتنى ئويلايدىكەن، دەپ بەلەن يەرلەرگە، باشلىقلىققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويامتى!؟ بەربىر شۇ... مانا، سىزنى مىسال قىلايلى: ئۇنەچچە يىل ئوقۇدىڭىز، ئەدەبىياتتىكى سەۋىيىڭىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلارنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، ئەسەرلىرىڭىز گېزىت-ژۇرنال، رادىئولاردا چىقىۋاتىدۇ. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن سىز نېمىگە ئېرىشتىڭىز؟ توختاملىق ئىشچىمۇ بولالماي، «ئا»نى بىلمەيدىغان دېھقانغا ئوخشاش كەتمەن چېپىپ يۈرۈۋاتىسىزغۇ شۇ. بىز ئەپلەپ-سەپلەپ ئوقۇپ دىپلومنى قولغا ئېلىۋالساق، ئوقۇدۇڭما؟ ھەئە، مانا دىپلوم، خىزمەت تېپىپ، ئايلىق مائاشىمىزنى ئېلىپ خوش-خوش، دەپ ئىشلىسەكلا بولىدۇ...»

مەن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرى «ستۇدېنتلىرىمىز قانداق ئويلاردىدۇر؟» دېگەن خىيال بىلەن بىر نەچچە قېتىم تۈرلۈك تېخنىكوم، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان، ئوقۇش تاماملاپ ئىش كۈتۈۋاتقان، ۋەتەن ـ مىللەتنىڭ، كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى، قۇرغۇچىلىرى بولغان ياشلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولدۇم. يۇقىرىقى سۆزلەر شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىكى بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان دېھقان بالىسى، يۇرتدىشىم ستۇدېنتنىڭ قىلغان سۆزلىرى. بىر روھىي قۇللۇق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان بۇ سۆزلەرگە، سۆز ئىگىسىگە ئەجەبلىنەمدۇق، ياكى...؟

ئىسلاھاتنىڭ تۈرتكىسى ۋە مەدەنىيەت، تۇرمۇش سەۋىيىمىزنىڭ ئاز-تولا ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، بىر قىسىم دېھقانلارمۇ تاپقان-تەرگىنىنى پۇل قىلىپ، بالىلىرىنى ھەرخىل يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇۋاتىدۇ. ھەتتا «قارا قورساق» ئاتىلىدىغان قىسمەنلەردىكى «قىز بالا دېگەننىمۇ كۆپ ئوقۇتامدۇ، ئۇلار ھەرقانچە ئوقۇسىمۇ بەربىر...» دېگەن بىر تەرەپلىمە قاراش تازىلىنىپ، قىزلىرىنىمۇ ئوغۇللارغا ئوخشاشلا تېخنىكوم، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇۋاتىدۇ. بۇ، بىزگە ئوخشاش بىلىمسىزلىك، نادانلىقنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتىپ كەلگەن مىللەت ئۈچۈن مەدھىيىلەشكە، قەدىرلەشكە تېگىشلىك ياخشى يۈزلىنىش، ئەلۋەتتە.

ئەمما بۇ بىر ياخشى ئىشنىڭ ئارقىسىغىمۇ يەنىلا كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان نادانلىق ھېسسىياتىمۇ يوشۇرۇنغان.

نەچچە ئون مىڭ يۈەن پۇل خەجلەپ، قەرزدار بولۇپ، سارغىيىپ ـ تاتىرىپ بالىلىرىنى يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇۋاتقان بەزى ئاتا-ئانىلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە: بالىلىرىمىز ياخشى ئوقۇپ ۋەتەن-مىللەتكە، كەلگۈسىگە يارىملىق ئىقتىدار ئىگىسى بولۇپ چىقسا دېگەندەك ئۇلۇغ ئۈمىد-ئىستەك كەم. ئۇلارنىڭ شۇنچە ھەرەج تارتىپ بالىلىرىنى يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇشتىكى مەقسىتى تولىمۇ چاكىنا: بالىلىرى ئوقۇپ كېلىپ «كادىر» بولسا، مائاش ئېلىپ، جاپا چەكمەي كۈننى ئۆتكۈزسە، قىزلىرىنى ئوقۇتۇۋاتقانلارنىڭ مەقسىتى بۇنىڭدىنمۇ پەس: قىزلىرى ئوقۇپ«خانىم» بولسا تويلۇق باھاسى يۇقىرى بولىدۇ، توي قىلغاندىن كېيىن ئېرىنىڭ ئالدىدا تىلى ئۇزۇن، يۈزى يورۇق بولىدۇ، ئۇنىڭ قولىغا قارىمايدۇ... ستۇدېنتلىرىمىزنىڭ خېلى كۆپلىرى ئاتا-ئانىلىرىنىڭ مۇشۇ مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى چىقىش قىلىپ ئوقۇۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇلار يۇقىرىقىدەك گەپلەرنى ئەيمەنمەستىن، بىمالال دەۋېرىدۇ.

ئەمدى شۇنداق ئوقۇپ، ياكى باشقا يوللار بىلەن «كادىر» بولغانلارچۇ؟ ئۇلارمۇ ئاغزىلىرىدا تەسىرلىك قەسەمىي، شوئارىي گەپلەرنى قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە، ئايلىق مائاشنى دەخلى-تەرۇزگە ئۇچراتماي ئېلىشنىڭ، باشلىققا ياخشى كۆرۈنۈشنىڭ، «ئۆسۈش»نىڭ كويىدا. دېمەك ئۇلار ئايلىق مائاش بىلەن باشلىقنىڭ «قۇلى»!

ئىنسان بارلىق مەخلۇقاتلار ئىچىدە سۆزلىيەلەيدىغان، تەپەككۇر قىلالايدىغان بىردىنبىر ئاڭلىق مەخلۇق. شۇڭا ئاللا ئىنسانلارنى دۇنيادىكى بارلىق مەخلۇقاتلارغا خوجايىن قىلىپ ياراتقان. ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ بارماقتا. بىز ئۇيغۇرلارمۇ ئاللا بۇ دۇنيادىكى بارلىق مەخلۇقاتلارغا خوجايىن قىلىپ ياراتقان ئىنسانلاردىنمىز. شۇڭا بىزدىمۇ خوجايىنلىق روھى بولۇشى، تەپەككۇر ئىقتىدارىمىز زامان تەرەققىياتىغا ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشى كېرەك. مېنىڭچە، مەيلى ئۆتمۈشتە بولسۇن ياكى ھازىر بولسۇن ۋە ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن ئوقۇش ـ بىلىم ئېلىشنى جان بېقىشنىڭ ماددىي نەپ ئېلىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغان ئىنسان ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنسان ئەمەس. ئۇنداقلارنى بىلىملىك ـ زىيالىي دەپ ئاتاشمۇ توغرا ئەمەس. ئىنساننىڭ ئۆگىنىش، بىلىم ئېلىشتىكى مەقسىتى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى كۆزلەپ قانداقتۇر بىرەر گۇرۇھ، تەشكىلات ئۈچۈن ئىشلەش، خىزمەت قىلىشنى ئەمەس، ئۆز ۋەتىنىگە، خەلقىگە ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغاندا، ئاندىن ئۇ ھەقىقىي ئىنسان بولالايدۇ، بىلىملىك ھېسابلىنالايدۇ ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەك! ئۇنداق بولماي، كىتاب ئارتىلغان ئېشەكتەك (ئۈنچىلىك بولمىسىمۇ تەس بەزىلەرنىڭ) يۈرسە، ۋىجداننى قايرىپ قويۇپ، جان بېقىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئىشلىسە، ئۇنداقلارنىڭ ماشىنا ئادەمدىن، يالاقتا كۆنگەن قورۇقچى ئىتتىن، لەببەيچى قۇل-مالايدىن نېمە پەرقى؟ ئاتا-ئانىلارنىغۇ كونا، مۇتەئەسسىپ كۆز قارىشى بار دەپ، بوپتۇ دەيلى. بىراق، ۋەتەن ـ مىللەتنىڭ ئۈمىدى، كەلگۈسىنىڭ قۇرغۇچىلىرى، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان زىيالىي ياشلىرىمىزنىڭ يېڭى بىر خىل روھىي قۇللۇق ھالىتىگە نېمە دېگۈلۈك!؟ بۇ ئىش مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭى بار زامانداشنى ئويغا سالماي، ئەندىكتۈرمەي قويمايدۇ.

## 5-پاراڭ

مەدىكار دېمەڭ بىزنى،
دادۇيجاڭغا چاكار بىز.
......

www.uyghurkitap.com

مىنتەبىرنىڭ باشلىرى ئىدى. ھاشارغا كېتىۋاتقىنىمىزدا مەھەللىمىزدىكى بىر ناخشىچى ئاغىنەم بىر قولىدا ئۆشنىسىگە ئارتقان كەتمىنىنى، بىر قولىدا قولىقىنى تۇتۇپ باشلىۋەتكەن بۇ ناخشا مېنى ئويغا سېلىپ قويدى.

مۇشۇ كۈنلەردە كېۋەزنىڭ دەسلەپكى تېرىمى ئېچىلىپ، قەنتچامغۇر يېگەن كىچىك بالىنىڭ پوتلىسىدەك ساڭگىلاپ - تۆكۈلۈپ كەتكەن، ياۋا ئوت-چۆپ بېسىپ كەتكەن قوناق، تېرىق... لار ئۇسسۇزلۇق ۋە ئوت-چۆپ دەستىدىن كۆكېمت چاققان يېتىم قوزىدەك دۈگدىيىپ، شاخ-يوپۇرماقلىرى موھتاجلىقتىكى مۇساپىردەك سالپىيىپ قالغاندى ... ھەركۈنى ئەتىگەندە چالا ساۋات مەھەللە باشلىقى خۇددى ئۆتمۈشتىكى ئوردا جاكارچىلىرى: ئەيىۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇ - خاس! شاھ يارلىقى!... دەپ جار سالغاندەك: بارلىق ئەرلەر كەتمەنلىرىڭنى ئېلىپ ھاشارغا ماڭ! بارالمايدىغانلىرىڭ پۇل تۆلە، يائۆزۈڭ بېرىپ بىر تەرەپ قىل! بولمىسا، مانچە پۇل جەرىمانە قويۇلغاندىن سىرت، كېلەر نۆۋەتلىك سۇيۇڭ بېرىلمەيدۇ! دەپ مەھەللە كوچىلىرىدا جار سېلىپ، دېھقانلارنى ھاشارغا ھەيدەيتتى.

دېھقان دېگەن شۇ: ئۇر، دېسە ئۇرمىسا، تۇر، دېسە تۇرمىسا «غوجىسىغا يانغان قول» بولۇپ ئەدىپىنى يەيدىغان گەپ. ئۇ: ياق، بارمايمەن، ماۋۇ ئۆز ئىشلىرىمنى قىلىمەن، دېسە مەھەللە باشلىقىدىن كۆرۈدىغىنى بار. مەھەللە باشلىقىغىمۇ ئامال يوق. ئۇ، ئۆز مەھەللىسىدىكىلەرنى ھاشارغا ۋاقتىدا تولۇق ھەيدەپ چىقالمىسا مۆرۈن ۋلەت سېكرېتاردىن دەشنام يەيدۇ، سېكرېتار بولسا، يېزا باشلىقىدىن. ئاخىرىدا كېلىپ ھەممىسى دېھقانغا يۈكلىنىدۇ، دېھقان تەرىپىدىن ئەمەلىيلىشىدۇ، ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇ، ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇدۇم. شۇڭلاشقا كونىلار: «دېھقان (دىخان) «خان» ئەمەس، خاننىڭ قولى» دەپ ئېيتىپىمىدىكىن!؟

* * *

دېھقانلار ھاشار بېشىدا قىزىق پاراڭلارنىمۇ قىلىشىپ كېتىدۇ:

- تۇۋا دەپ قالىمەن باللار، مۇشۇ ھۆكۈمەت ھەممىگە مائاش بېرىدىكەن، ھەپتىدە ئىككى كۈن دەم ئېلىش بېرىدىكەن، بايرام قىلىپ بېرىدىكەن، دېھقانغا بولسا يوق...

- بولمىسا، ئاشۇ مائاش ئېلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى بىزنىڭ يېرىمىز بىلەن ئېغىلىمىزدىن چىققان نېمەتلەردە باقىدۇ دېگىنە.

- يەنە تېخى مىگىبىر جاپادا ئىشلەپ تاپساق، بىزدىن ئۇ ھەققى، بۇ ھەققى، ئا سېلىق، ما سېلىق... دەپ بىرمۇنچە پۇل ئالىدۇ. ئايدا پالان پۇل ئالىدىغان مائاشچىلارنىڭ مائاشىدىن ئانچە-مۇنچە ئىئانە تۇتۇپ قالغاندىن باشقا ھېچنېمە ئالمايدۇ. «ھالۋىنى ھېكىم يېدى، تاياقنى يېتىم» دېگەندەكلا ئىشقۇ بۇ.

- راست، بارلىق پىتلار ئورۇق ئۆچكىنىلا چاققاندەك ئىش بولۇۋاتىدۇ جۇما. مۇشۇ كەملەردە بىز خەقنىڭ كۈنى تەسلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا ھېلىقى روزى سايىت دېگەن شائىر «دېھقان بولماق تەس» دەپ شېئىر يېزىپىمىدىكىن!؟

- ھەي، سەن نېمىلەر بۇنداق ئىشلارغا باش قاتۇرماي، كەتمىنىڭنى چىپپىشە!

- شۇنى دەڭا. تېرىغلىي يەرنى بەرگىنى يەتمىدىمۇ ساڭا؟

- «يەرنى بەرگىنى»؟ قايسى يەرنى؟ بۇ ئەزەلدىن - ئاتا-بوۋىمىزدىن تارتىپ تېرىپ كېلىۋاتقان يەرغۇ...

- ھەي، سەن تولا پەلىپەتىش گەپ قىلما! «يەر، سۇ دۆلەتنىڭ» دېگەن گەپنى بىلىدىغانسەن؟

- ۋاي، بۇنى سەن دېمىسەڭمۇ بىلىمەن. ئىراق ئىزچۇ؟ بىز كىمنىڭ؟

- ھە؟ بىز... بىز... بىزمۇ شۇ...

- .......

گەپ شۇيەرگە يەتكەندە ھېلىقى ناخشىچى ئاغىنەم يەنە بايىقى ناخشىسىنى باشلىدى:

مەدىكار دېمەڭ بىزنى،

دادۇيجاڭغا چاكار بىز...

## پاراڭ خاتىمىسى

مۇھتەرەم ئوقۇرمەن، بۇگۈنكى يېگىچە «قۇللار» ۋە «قول بازارلىرى» ھەققىدە سىزگە سېلىپ بېرىۋاتقان پاراڭلىرىمنى مۇشۇ يەردىرەك توختىتاي. سۆزلىسەك گەپ جىق. يېزىپ كەلسەك قەغەز بىلەن سىياھ توشمايدۇ.

بىر نەچچە ئەسىر ئىندىئانلار ۋە نېگىرلارنى قۇل قىلغان ئامېرىكىدا بۇندىن 200 نەچچە يىل ئىلگىرى ھازىرقى ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى دۆلىتى قۇرۇلۇپ، «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» جاكارلانغان. ئۇنىڭ 1-ماددىسىغا «ھەرقانداق بىر ئىنسان تۇغۇلۇشىدىنلا پەرۋەردىگار تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇقەددەس بىر ھوقۇققا ئىگە. يەنى ئەركىن ياشاش، پىكىر قىلىش، تاللاش... ھوقۇقىغائىگە... بۇ ھوقۇقنى ھەرقانداق شارائىتتا، ھەرقانداق بىر ئادەم ياكى تەشكىلاتنىڭ ھەرقانداق باھانە-سەۋەب بىلەن دەخل-تەرۇز قىلىشى قاتتىق مەنئىي قىلىنىدۇ...» دېگەن گەپلەر يېزىلغان. فرانسىيە بۇرژۇئائىنقىلابى غەلىبە قىلغان چاغدا فرانسىيىلىكلەرمۇ تۇنجى قېتىم «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»نى جاكارلىغان ۋە ئۇنى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈپ ئەمەلىيلەشتۈرگەن. 1945-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى شۋېتسارىيىنىڭ جەنۋە شەھىرىدە يىغىن ئېچىپ، ئەھدىنامە ماقۇللاپ، دۇنيا بويىچە ئىجرا قىلىنىدىغان «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلغان. مۇشۇ خىتابنامىلەردىمۇ ئامېرىكىنىڭ «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» دىكىگە ئوخشاش بايانلار قەيت قىلىنغان ۋە ھەممىلا يەردە ئوخشاش ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان. پۈتكۈل دۇنيا پرولېتارلىرىنىڭ ئورتاق مارشى بولغان «ئىنتېرناتسىئونال» شېئىرىدا ئىنسانلارنى قۇل بولماي، ھۆر - ئەركىن ياشاشقا دەۋەت قىلىنغان.

جۇڭگودا ئىنتېرناتسىئونالىزم ۋە ماركسىزم نەزەرىيىسى ئەمەلىي غەلىبىگە ئېرىشىپ، 1949-يىلى 1-ئۆكتەبىردە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، ئېزىش، ئېزىلىش يەنى قۇل بولۇش، قۇل قىلىنىشقا ئۈزۈل-كېسىل خاتىمە بېرىلدى. بارچە مىللەت ۋە خەلقلەر ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ ياشايدىغان ھۆر-ئەركىن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. شۇقاتاردا جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىرقىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ھازىر ياشاۋاتقان سەككىز يېرىم مىليوندىن كۆپرەك نوپۇسقا ئىگە بىز ئۇيغۇرلارمۇ بار. جۇڭگو كومپارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىلگىرى خاتا كەتكەن بىر قىسىم سىياسەتلەر تۈزىتىلىپ، خەلق تېخىمۇ ئەركىن ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. شۇ قاتاردا ئىلگىرىكى «پومېشچىك»، «باي دېھقان»، «تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان»... دېگەندەك سىنىپىي تەركىبلەر يوقىتىلىپ، بارلىق ئادەملەر باپباراۋەر قىلىندى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىزنىڭ دۆلىتىمىزدىمۇ كىشىلىك ھوقۇققا ئائىت قانۇن-نىزاملار يولغا قويۇلۇپ، ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. مەيلى ھېلىقى «خىتابنامە» لەردە بولسۇن، مەيلى دۆلىتىمىزنىڭ «ئاساسىي قانۇنى» دا ۋە باشقا قانۇن-نىزاملىرىدا

بولسۇن، ھەممىسىدىلا بارلىق كىشىلەرنىڭ ھوقۇقى، باراۋەرلىكى، ھەرگىزمۇ بىرلىرىنىڭ تۆۋەن، بىرلىرىنىڭ يۇقىرى بولمايدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشىغا كاپالەت بېرىدۇ.

لېكىن بىز ئۇيغۇرلار كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە دىيارىمىزغا سوقۇنۇپ كىرگەن «جاھالەت پىرلىرى» خوجا-ئىشانلارنىڭ تەپرىقىچىلىك، قۇلچىلىق تەرغىباتى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى ياڭ زېڭشىن، شېڭ شىسەي... گە ئوخشاش سىياسىي سېھىرگەر، قانخور مۇستەبىتلەرنىڭ «نادانلىقتا قالدۇرۇش»، «يۇرتىنى مۇجۇش» سىياسەتلىرى سەۋەبلىكمۇ ۋە ياكى باشقا سەۋەبلەرمۇ بارمۇ، ئىشقىلىپ، ھازىرمۇ بىزدە شۇ ئوتتۇرا ئەسىرلەردە باشلانغان، بىر ئەسىر ئىلگىرى مەدەنىيەتلىك ئەجنەبىيلەر تارىم قوۋۇقىنى گۇمبۇرلىتىپ چەككەندىمۇ تۈزۈك توختىمىغان غەپلەت خورىكى يەنىلا خېلى داۋاملىشىۋاتقاندەك تۇرىدۇ. ئۇيقۇدىكى ئادەم ئويغاقلارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى، جاھاندا قانداق ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، بىزنىڭ بەزى زامانداشلىرىمىز ھازىر دۇنيادا قانداق تەرەققىياتلار بولۇۋاتىدۇ، ئىنسانلار قانداق ياشاۋاتىدۇ؟ بۇلاردىن خەۋەردار بولماي، «جاھالەت پىرلىرى» ئاتا-بوۋىلىرىنى ئەللەيلىگەن بۆلۈنچۈكتە شەيتان ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، پېقىر يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ۋە ئالالمىغان شەكلى ھەر خىل، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يېڭىچە «قۇللار» ۋە «قۇل بازارلىرى» مەۋجۇد بولمىغان، خەلقىمىز دۇنيا تەرەققىياتىدىن خەۋەردار بولۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بارچە خەلققە تەڭ ئاتا قىلغان ھۆر-ئازاد زاماننىڭ قەدرىگە يېتىپ، قانۇنلاردىكى ھوقۇق-مەنپەئەتلىرىنى قوغداپ، كاپالەتلەندۈرۈپ ياشىغان، ھەرگىزمۇ بىرلىرى يېڭىچە «قۇل»، بىرلىرى يېڭىچە «قۇلدار» بولۇپ يۈرمىگەن بولاتتى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا گېزىت-ژۇرنال، رادىئو-تېلېۋىزىيىلىرىمىزدە 21-ئەسىرگە قانداق كىرىش، بۇ ئەسىردە قانداق ياشاش توغرىسىدىكى ماقالە-ئەسەرلەر، سوئال-سۆھبەتلەر خېلى قىزىپ كەتكەنىدى. مانا، ئاشۇ قانداق كىرىمىز، قانداق ياشايمىز دەپ غۇلغۇلا قىلىشقان 21-ئەسىرمۇ كىرگىلى نىكەم. بىزمۇ دۇنيادىكى بارلىق خەلقلەر قاتارىدا 21-ئەسىرگە كىردۇق. توغرىسىنى ئېيتقاندا، 21-ئەسىر بىزگە كىردى. لۇشۈن ئەپەندى «سەۋدايى خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە: «بالىلارنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!» دەپ چۇقان سالغانىدى. تالانتلىق يازغۇچىمىز مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «خاسىيەتلىك قار» پوۋېستىدا: «... ئابلا ئاكىغا ئاتا-ئانىسىدىن ھېچنېمە قالماي، پەقەت (پىت) دېگەن لەقەملا مىراس قالغانىكەن...» دېگەن بايانلار بار. ئەگەر شۇنداق دېمەك مۇۋاپىق بولسا، بىزمۇ 21-ئەسىرگە كىردۇق. كىرگەندىمۇ يۇقىرىقىدەك بىر قىسىم يېڭىچە «قۇل»لىرىمىز ۋە بەزى «قۇل بازارلىرى»مىز بىلەنمۇ بىللە كىردۇق. ئەمدى بۇ خىل يارىماس - مەزلۇم روھىي ھالىتىمىز - مۇھىمى مەنىۋى قۇللۇقىمىز خۇددى ئابلا ئاكىغا «پىت» دېگەن لەقەم مىراس قالغاندەك، بالىلىرىمىزغا - كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا مىراس قالمىسا! خەلقىمىزدە «ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى»، «تەقدىرىڭنى تەدبىرىڭ بەلگىلەيدۇ»، «ئۆزۈڭ قىلغىنى غېمىڭنى، ئۆزۈڭ قىلمىساڭ غېمىڭنى، قاغا چوقۇر كۆزۈڭنى» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە بۇ سۆزلەرگە ئىشىنىش بار. پارتىيە 16-قۇرۇلتىيىدا «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» تىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىستراتېگىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، جۇڭگودا كىشىلىك ھوقۇق تارىختىكى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرگە كىرگەن چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە بىز ئۆزىمىز قىلغان يېڭىچە «قۇللىرىمىز»نى ئازاد قىلىش ئۈچۈن تىرىشمىساق، تەدبىر قىلمىساق، باشقىلار قىلىپ بەرمەيدۇ. بىز چوقۇم شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك! بولمىسا بۇ قىسمەت بىز بىلەنلا كەتمەي، ئەۋلادلىرىمىزغا قالىدۇ. قاغا-قۇزغۇنلار ئۇلارنىڭ شىللىسىگە ئۆۋۋا سېلىۋېلىپ، كۆزلىرىنى بىمالال چوقۇيدۇ.

2003-يىل مارت، سەھرايى كاتتا يايلاق

- ئابلىز خوجامنىياز فوتوسى

## ئىزاھلار

① پازىل مىرھاشىم - 1980-يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇستۈن ئاتۇشتا ياشاپ ئۆتكەن داڭلىق چېلىشچى پەھلىۋان، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى. بوي-بەستى چوڭ، ئىشتىھالىق (كۆپ تاماق يەيدىغان) ئادەم. خەلق ئارىسىدىكى گەپلەرگە قارىغاندا، پازىل مىرھاشىم كوممۇنا ۋاقتىدا ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ بېيجىڭغا بارغاندا، گوۋۇيۈەن ئورۇنلاشتۇرغان ئەمگەكتە ئۇن كىشىلىك ۋەزىپىنى بىر ئۆزى يالغۇز ھەم بالدۇر ئورۇندىغان ۋە ئىشلەۋاتقانلارغا ئېتىلگەن ھورنان (موما) دىن بەش قاسقاننى يەۋەتكەن. بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ جۇ ئېنلەي زوڭلى ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتقان ھەم مەڭگۈلۈك قوش نورما بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرغان... ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ كوممۇنىدا ئىككى كىشىلىك نورما ئاشلىق ئالاتتى.

②ماندىنگو - «يىلتىز» ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىدىكى كونتاكىنتىنىڭ ئانا يۇرتى، ئافرىقىدىكى بىر قەبىلىنىڭ نامى. ماندىنگو تىلى - شۇ قەبىلىدىكىلەرنىڭ ئانا تىلى.

③ ئېغىز دۇرۇق ئادەتتە ناھايىتى شاش، خۇي-پەيلى يامان چوڭ ھايۋانلارنى تىزگىنلەش، كۆندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئاغزىغا سېلىنىدىغان سايمان بولۇپ، ياغاچ ۋە تۆمۈرلەردىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن، ئات، قېچىرلارنىڭ يۈگىنى، تۆگىنىڭ چۇلۇقىغا ئوخشاش.

④ قۇرۇقداش - يەرلىك شېۋە. چارۋا ماللارنىڭ ئايىقىنى تازىلاش، ئېغىل-قوتانلارنىڭ پاتقاقلىرىغا ئەخلەت-توپا تۆكۈش ئىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

⑤پاپا - پاكار، مىجىق دېگەن مەنىدە.

⑥تومىياغ - يەرلىك شېۋە، ھەممە دەسمايىدىن ئايرىلىپ، ھېچنېمە قالماي، نامراتلىشىپ دېگەن مەنىلەردە.

⑦ ئۆز تەلەپپۇزى، رېستوران دېمەكچى.

⑧ ماۋزېدۇڭ، لىيۇشاۋچى، جۇ ئېنلەي، جۇدې قاتارلىق تۆت رەھبەرنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن 100 يۈەنلىك پۇلنى كۆرسىتىدۇ.

⑨ ھاتەم - ئەرەب خەلق رىۋايەتلىرىدىكى سېخىيلىق، مەردلىك بىلەن داڭق چىقارغان ئادەم.

⑩ليۇ ۋېنسەي - باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چاغلىرىمدا ئوقۇتقۇچىلىرىم سۆزلەپ بەرگەن، ئۆتمۈشتىن شىكايەت قىلىنغان كىتابلاردا سۆزلەنگەن، سىچۈەنلىك، نامى پۇركەتكەن ئەشەددىي - قەبىھ زالىم پومېشچىك. ئۇنىڭ بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئانىلارنى سېغىپ ئىچكەنلىكى سۆزلىنەتتى.

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھىرى كاتتايلاق يېزا قۇدۇق كەنتىدە، دېھقان(M1)



# سودا ئېڭىمىزدىكى بەزى يېتەرسىزلىكلەر

ئابدۇرېھىم دۆلەت

سودا ئېڭىمىزنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىزنىڭ ئىقتىسادنى قانچىلىك دەرىجىدە چۈشىنىشىمىز بەلگىلەيدۇ. ھالبۇكى، بىز ئىقتىسادنى چۈشىنەمدىمىز؟ بۇ سوئالغا ھەرگىز «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ. ئەمما مەسىلىنىڭ ئېغىرى شۇيەردىكى، بىز قىلىۋاتقان سودىمىزنىڭ سەل ئېقىۋاتقىنىغا قاراپلا، ئۆزىمىزنى ئىقتىسادنى چۈشىنىمىز دەپ قارايمىز. ئىقتىساد ھەرگىزمۇ بىز چۈشەنگەندەك ئۇنداق ئاددىي ئۇقۇم ئەمەس. بىزدە ئىقتىساد ھەقىقىي تۈردە تەتقىق قىلىنغىنى يوق. ياكى ئىقتىسادشۇناسلىق ساھەسىدە بىزنىڭ تۈزۈكرەك تەتقىقاتچىلىرىمىزمۇ بولمىدى. بەلكىم بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ھەرگىز بىزنىڭ تىجارەتچى، كارخانىچىلىرىمىزنىڭ مەنپەئەت ئالغىنىنى ئاڭلىمىدۇق. بىز ئۈچۈن بەلگىلىك ئەمەلىي قىممەت يارىتىپ بېرەلىگەن تەتقىقاتنىڭ ھېچنېمىگە كېرىكى يوق.

ئىقتىسادنىڭ ئۆزىنىڭ مۇئەييەن قانۇنىيىتى بولىدۇ. بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك دەۋردە بايلىق يارىتىش فورمىلىرى ۋە ۋاستىلىرىنىڭ شىددەت بىلەن يېڭىلىنىپ، ئالمىشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، دەۋرىمىز ئىقتىسادىدىمۇ ماس قەدەملىك ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى، ئىقتىسادنىڭ قانۇنىيەتلىرىدە ئۆزگىرىشلەر بولدى. ۋەھالەنكى بىز بۇ ھەقتە ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز. 2000-يىلىمۇ بىر يىلى نوبېل ئىقتىساد مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بىر ئالىم «تور

ئۇيغۇرلار ۋە ئىقتىساد

ئىقتىسادى» ھەققىدىكى بىر نەتىجىسى بىلەن ئاندىن بۇ مۇكاپاتقا نائىل بولالىدى. ھازىر ئىقتىسادشۇناسلىق ئىنتايىن مۇھىم بىر پەن. ئۇ بىزگە ئىقتىسادنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلماسلىق سەۋەبلىرىنى، ئىقتىساد تەرەققىي قىلىشتا تايىنىدىغان ئامىللارنى، ياكى كونكرېتراق ئېيتقاندا، قانداق پۇل تېپىشنى، قانداق خەجلەشنى، قانداق قىلغاندا تېزراق، ئۈنۈملۈكرەك پۇل تېپىشنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىدىغان ئىقتىساد ھەققىدىكى بىلىملەردىن سۆز ئېچىشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق، چۈنكى بۇ ھەقتە ماتېماتىكىدىكى قوشۇش، ئېلىش، بۆلۈش، كۆپەيتىشتىن باشقا ھېچنېمە ئۆگىتىلمەيدۇ، بەلكى تەتۈرسىچە، پۇل تېپىشنى، خەجلەشنى ئۆگىتىش مەكتەپلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى ئەمەس، دەپ قارىلىدۇ. بۈگۈنكى دەۋردە پۇل بىلەن كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى شۇنچە يېقىن، شۇنچە زىچ، ھازىر پۇلسىز ياشاشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. دېمەك، پۇل ھەققىدىكى بىلىملەرمۇ شۇنچە مۇھىم. ۋەھالەنكى، شۇنداق مۇھىم بىلىم بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىزدىن ھەرگىز تېپىلمايدۇ. مەن بۇيەردە ھەرگىزمۇ ھەممە كىشى ئىقتىسادشۇناس بولۇشى كېرەك، دېمەكچى ئەمەس، بەلكى كىشىلەر ئىقتىساد ۋە ئۆزى خەجلەۋاتقان پۇل، بازار ھەققىدىكى ئەقەللىي ساۋاتلاردىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك دېمەكچى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۈگۈنكى دەۋردە ئىقتىسادىي كاللىغا ئىگە كىشىلەرئەمەلىي كۈچى، بەلگىلىك ھوقۇقى بار كىشىلەر بوپقالىدۇ.

بىز چوقۇم رىئاللىققا يۈزلىنىشىمىز، ئۆزگىرىشچان رىئاللىققا قاتمال نەزەردە مۇئامىلە قىلماسلىقىمىز كېرەك. بىز ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ تىرىكچىلىك يولى، خىزمەت، مائاش ھەققىدىكى قاراشلىرىمىزنى چوقۇم ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. ئىلگىرى ياخشى ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپكە كىرىپ، خىزمەتكە چىقىپ، مائاش ئېلىپ ياشايدىغان شىتاتلىق كادىر بولۇش بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك تىرىكچىلىك مەنتىقىسى ئىدى. ئەمما ھازىر بۇ ھالەت ئۆزگەردى، بۇ ھەممىگە ئايان. بىز بۇ خىل رىئاللىقتىن رەنجىپ، قاقشاپ ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيمىز، ھەم ئۆزگەرتىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز مۇشۇ خىل رىئاللىقتىمۇ يەنىلا يول تېپىپ ياشاش، يەنىلا ئوقۇش. ئوقۇش ئارقىلىق يەنى بىلىم ئارقىلىق تىرىكچىلىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش. مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرىمىز بۇنداق ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلالمايمىز، نېمە ئۈچۈنلىكىنى چۈشىنەلمەيمىز. مەن نېمە ئۈچۈن ئىش ئورنۇمدىن قالدۇرۇلىمەن؟ مەن ئىلگىرى ئىزچىل «خىزمەت ئىلغارى» بولغان تۇرسام، پارتىيىگە يازغان ئىلتىماسىم پات ئارىدا تەستىقلىنىدىغان تۇرسا، نەچچە ئون يىل غىڭ قىلماي، ئاكتىپ ئىشلىگەن تۇرسام، مۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟... بالامنى ئون نەچچە يىل ئاران ئوقۇتسام ئەمدى خىزمەت ئورنىنى ئۆزىڭىز تېپىڭ دەيدۇ، مەن بالامغا نەدىن ئورۇن تاپىمەن؟ نەچچە يىل ئوقۇتقىنىم شۇنداق بىكار بوپكېتەرمۇ؟ بۇلار زادى نېمە ئۈچۈن؟... دېگەندەك سوئاللار ئادەملىرىمىز-نىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالغان.

ھەرقانداق ئۆزگىرىش بىزدە شۇنىڭغا ماسلاشقان تەدبىر بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۆزگىرىش بىزگە باقمىغاندا، بۇنى بىز بەلگىلىيەلمىگەندە تېخىمۇ شۇنداق. ئۇ ھەقتە قاقشاپ، رەنجىش ھاماقەتلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. كىشىلەر ئەمدى بىر ئۆزگىرىشچان ، مۇقىمسىز، ئېنىقسىزلىققا تولغان تۇرمۇشتا ياشاشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشى كېرەك. ئىلگىرى جان بېقىشنىڭ ئەڭ ئوڭاي، ئەڭ بىخەتەر يولى كادىر بولۇش ئىدى، ئەمدى بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۆزى يول تاپمىسا بولمايدىغان بىر دەۋردە ياشاۋاتقانلىقىمىزنى تەن ئېلىشىمىز كېرەك. ھازىر ھەقىقىي ئىقتىدارلىق كىشىلەر پايدىسىز شارائىت ئىچىدىن پايدىلىق پۇرسەتنى بايقىيالايدىغان، تۇتالايدىغان كىشىلەردۇر. تۇرمۇش گويا بىر تۈگمەن، بەزىلەر تۈگمەننى چۆرۈيدۇ، بەزىلەر بولسا تۈگمەنگە ئۆگۈت بولىدۇ.

قىسقىسى، كىشىلىرىمىزنىڭ ئىقتىساد ھەققىدىكى بىلىملىرى بەك يۈزە، ئۆزگىرىشلەرگە بولغان ئىنكاسىمۇ بەك ئاستا. شۇنداق بولغىنىكەن ئۇلارنىڭ سودا ئىگىدا زامانغا لايىق ئاڭ - قاراش تېخى يېتىلمىگەن. تۆۋەندە مەن ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئىگىدىكى بەزى يېتەرسىزلىكلىرى ھەققىدە ئويلىغانلىرىمنى سۆزلەپ ئۆتىمەن.

1. توختام قارىشى: توختام مەيلى چوڭ شىركەت - گۇرۇھلار ئارىسىدىكى چوڭ سودىلاردا ياكى قوشنىلارنىڭ ئۆز ئارا ئېلىم - بېرىملىرى ياكى ئادەم يالاش - يالىنىشلاردا بولسۇن ئىنتايىن مۇھىم. ئەمما ئۇيغۇرلاردا ئېغىزدىكى گەپ، ۋەدە بىلەنلا پۈتۈشۈپ تىجارەت قىلىش ئاساسىي ئېقىم. ئارىمىزدا توختامسىز ئىش قىلىپ زىيان تارتقان، شېرىكلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان، ۋەيران بولغان ئىشلار كۆرمەك. توختام مەيلى دوستلار ئارىسىدىمۇ، ھەتتا بىر تۇغقانلار ئارىسىدىمۇ، يەنە ناتونۇشلار ئارىسىدىمۇ چوقۇم پۈتۈلۈشى كېرەك. توختام ئەمەلىي بىر ئىسپات بولغاچقا، ئۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سەممىيەتسىزلىك قىلىشىغا ئوبيېكتىپ جەھەتتىن چەكلىمە قويىدۇ. ئىنسان تەبىئىيتى بىر ئېنىقسىز نەرسە، ئۇنىڭغا ھېچكىم ھۆددە قىلالمايدۇ. ھازىر ئۇيغۇرلاردا ۋەدىسىدە تۇرماسلىق ، ۋەدە قىلغان ئىشنى كېچىكتۈرۈش بىر ئومۇميۈزلۈك ھادىسە. مېنىڭچە، ئەمدى توختام ئېڭى كىشىلىرىمىزدە چوقۇم كۈچىيىدۇ، چۈنكى شۇ تۈپەيلى زىيان تارتقان كىشىلەر بەك كۆپ بوپكەتتى، بۇنىڭدىن ئادەملىرىمىز ساۋاق ئالماي قالماس، ئەلۋەتتە.

www.uyghurkitap.com

2. ئىشەنچ - ئىناۋەت: بۇنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم چۈشەنسە كېرەك. ئەمما بىزنىڭ تىجارەتچىلىرىمىز ھەرگىز باشقىلارنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مۇھىم سانىمايدۇ. بىز مەلۇم بىر تەرەپ بىلەن قىلغان بىر قېتىملىق سودىدا ئىشقىلىپ گۆپلا قىلىپ بىر پايدا ئېلىۋالساق، كېيىنكىسى خۇداغا ئامانەت. مۇشۇ سودىدا ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرەي دېگەننى ئويلىمايمىز. بەزىدە پۇل تېپىشتىنمۇ باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇھىم. چۈشەنسەك، باشقىلار ئىشەنچ قىلالايدىغان ئادەم بولماقمۇ بىر بەخت. كىشىلەر نەزىرىدە ئىشەنچلىك تىجارەتچى، ئىشەنچلىك خېرىدارغا ئايلىنىش سودىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىزچىل ئۈزۈلمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىلگىرى مۇئامىلە قىلىشقانلار دائىملىق چۆپقەتكە ئايلىنىدۇ.

ۋەھالەنكى، بىزنىڭ ھازىر نۇرغۇن ئىشلىرىمىز ۋە ئۆزىمىزمۇ ئاشخانىلاردىكى بىر قېتىملا ئىشلىتىلىپ تاشلىنىدىغان چوكىغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ. بىر قېتىم كىرگەن ساتىراچخانا ھەرگىز ئىككىنچى قېتىم كىرىشىمىز ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى ئويلىمايدۇ. بۇ ئاشخانىغا ئىككىنچى كىرمەسمەن دەپ چىقىمىز كۆپ ھاللاردا. نېمە بولۇپ ونۇشۇپ قالغان بولغىيتتىم بۇ نېمە بىلەن ، دەپ ادامەت يۇتىمىز. . . بۇنداق ئەھۋاللار بىزدە بەكلا ومۇملاشقان. مەن گېزىت-ژۇرناللاردىن چەت ئەللەردە قۇرۇلغىنىغا 90 - 100يىل بولغان ئاشخانا، مېھمانخانىلار بارلىقىنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. بىزدە بىرەر ئاشخانىنىڭ گۈللىنىشىدىن ۋەيران بولۇشىغىچە بولغان ۋاقىت ئون يىلغا يەتمەيدۇ. بىزدە مەڭگۈلۈك ئىناۋەت ئۇقۇمى مەۋجۇد ئەمەس، بىزدە بارى ھازىر پۇل تېپىۋېلىش ئۇقۇمى. ئىناۋەت پۇلدىن مۇھىم، ھەم ئۇ مەڭگۈ پۇل تاپالايدۇ. ئىناۋەت تىكلەش ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە، زىيان تارتىشقا، چىداشقا، شۇنداقلا سەممىيەتنى مەڭگۈ ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ. بىز بىرەر ئىشنى قىلىپ ئازراق روناق تېپىپ، سەل بازارلىق بوپقالساقلا قىلىق چىقىرىشقا باشلايمىز. تاماقلىرىمىز ناھايىتى ئەزمىلىك بىلەن چىقىدۇ، چاي قۇيغىلى ئادەم تاپقىلى بولمايدۇ، ئىلگىرى كۆلۈمسىرەپ مۇئامىلە قىلغانلار سوغۇق چىرايلىشىپ كېتىدۇ.

مېنىڭچە، سەممىيەت دەۋرىمىز كىشىلىرىدە ئەڭ كەمچىل نەرسە. بىز ھەممىمىز قارشى تەرەپنىڭ سەممىي بولۇشىنى تەلەپ قىلىمىز، ۋەھالەنكى مۇشۇ ۋاقىتتا ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ قالىمىز.

بەزىلەر: كىشى بەك سەممىي بوپكەتسە سودىدا زىيان تارتىدۇ، دەيدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق كىشىلەر سەممىي بولۇپ باقمىغاچقا، سەممىيلىكنىڭ قىممىتىگە، سودىدىكى رولىغا ئىشەنچ قىلالمايدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئەڭ بازارلىق، پۇللۇق نەرسە دەل كىشىلەر ئەڭ موھتاج بولۇۋاتقان، ئەڭ ئاز تېپىلىدىغان نەرسىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە سەممىيەت شۇنچىلىك كەمچىل، كىشىلەر سەممىيلىككە شۇنچىلىك موھتاج. نېمىشقا بىز دەل مۇشۇ ئېھتىياجنى قاندۇرۇشنى ئويلاشمايمىز؟

3. يېڭىلىق يارىتىش: بۈگۈنكى كۈندە يېڭىلىق يارىتىش ھەرقانداق تىجارەتنىڭ جېنى، روناق تېپىشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك يولى.

بەزىلەر يېڭىچە تىجارەتلەرگە، تىجارەتلەردىكى يېڭىچە ئۇسۇللارغا ۋە يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىستىقبالىغا ئۈمىدسىزلىك بىلەن قارايدۇ. ئەسلىدىكى ھالەتكە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنى، يېڭىلىقنى ئاسانلىقچە قوبۇل قىلالمايدۇ. كىشىلەر ئەزەلدىن بۇنداق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىپ باقمىغان تۇرسا، بىزدە بۇنداق ئادەت بولمىسا، شۇنچە زامانلاردىن بېرى مۇشۇنداق يولدا ئوبدانلا جان بېقىپ كېلىۋاتامدىمىز؟ دەپ ئويلاپ، ئىسلاھاتقا، يېڭىلىق يارىتىشقا، ئەسلىدىكى ھالەتكە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. بۇ ئىنتايىن ھاماقەتلەرچە خىيال. ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغىنى شۇكى، يېڭى شەيئىي ھاياتىي كۈچكە ئىگە، ئۇ ھامان ئەسلىدىكى كونا شەيئىينىڭ ئورنىنى ئالىدۇ.

بىزدە يېڭىلىق يارىتىشقا دادىل بولماسلىقتىكى بىر مۇھىم سەۋەب، بىز ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىنىڭ مەڭگۈ قانمايدىغانلىقىنى، ئېھتىياجىنىڭ، ئىستېمال خاھىشىنىڭ مەڭگۈ يېڭىلىنىپ، كۆپىيىپ تۇرۇدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمىگەن.

بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك كىشىلەر ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىپ ئۈلگۈرەلمەيۋاتقان كۈندە، ئۆزگىرىش ئەكەلگەن ئېھتىياج تولىمۇ نۇرغۇن. ئېھتىياجىنىڭ كۆپىيىشى يېڭى-يېڭى كەسىپ تۈرلىرىنى ، تىجارەتتىكى يېڭىچە يول-ئۇسۇللارنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئەمما بىزدە يېڭى ئېھتىياجنى بايقاش سەزگۈرلۈكى بەك تۆۋەن. كىم بۇ جەھەتتە سەزگۈر بولسا، شۇ بالدۇر غەلىبە قىلىدۇ.

بىز بايلىق كۆز ئالدىمىزدىكى تەييار شەيئىيدە دەپ قارايمىز. ئەمەلىيەتتە ئۈزۈلمەس بايلىق يېڭىلىق يارىتىشتا، يېڭى يۈزلىنىشتە. يېڭى شەيئىي ئېھتىياج تۇرتكىسىدە مەيدانغا كېلىدۇ ۋە ئۆز نۆۋىتىدە ئېھتىياج پەيدا قىلىدۇ ھەم ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەڭ دائىرىدە ئومۇملىشىش ئارقىلىق ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، ئىنسانلار ئۇنىڭسىز تۇرمۇشنى نورمال ئۆتكۈزەلمەيدىغان ھالەتكە كېلىدۇ. كىشىلەر ئىلگىرى تېلېفون بولمىسىمۇ ئوخشاشلا ياشاۋەرگەن، ئوخشاشلا ئالاقىلاشقان. تېلېفون ئىختىرا قىلىنغاندىن كېيىن ئىنسانلاردا تېلېفونغا نىسبەتەن ئېھتىياج پەيدا بولدى. ئەمما بۇ ھالەت يانفوننىڭ بازىرىغا قىلچە تەسىر كۆرسەتمىدى، يانفون يەنىلا شۇنداق تېز ئومۇملاشتى. ھازىر تېلېفونسىز ياشاش مۇمكىنمۇ؟ كومپيۇتېر ئەۋلادمۇ ئەۋلاد يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئەمما سېتىلىشى يەنىلا توختاپ قالغىنى يوق. چۈنكى

كېيىنكى ئەۋلاد كومپيۇتېر ئىلگىرىكىسىدىن ئىلغار. كىشىلەر ھەمىشە ئەڭ يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلىتىشكە ھېرىسمەن كېلىدۇ. گەرچە يېڭى شەيئىينىڭ ئومۇملىشىشىغا خېلى مەزگىل كەتسىمۇ، ئەمما مۇقەررەر نەتىجە شۇكى، كەلگۈسى شۇنىڭغا تەۋە.

بىزنىڭ كاللىمىز بۇ جەھەتتە تازا ئازاد ئەمەس. بىزدە بىرسى يەنە بىرسىگە بىرەر يېڭى تىجارەت يولىنى كۆرسەتسە، ئۇ چوقۇم قانداق بولار؟ ھېچكىم قىلىپ باقمىغان ئىش تۇرسا، ئاقارمۇ؟ دەپ ئويلايدۇ. مانا بۇ بىزدىكى ئادەتلەنگەن تەپەككۇر. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ھېچكىم قىلىپ باقمىغان ئىش ئىكەنلىكى دەل ئەڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىدۇر. يېزىغا «تورخانا» ئېچىڭ دېسە بۇنى قوبۇل قىلالماسلىقىمىز مۇمكىن. يېزىدا كومپيۇتېر بىلىدىغانلار چاغلىق تۇرسا، تورخانىغا ئادەم كىرەرمۇ؟ دەيدىغان خىياللار كاللىمىزغا ئاۋۋال كېلىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان زور كارخانا، گۇرۇھلارغا قارايدىغان بولساق، ھەممىسىنىڭلا ئەڭ يېڭى نەرسىلەرنى ئاۋۋال ئىشلەپچىقىرىدىغانلىقىنى، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئۇلارنىڭ تۈپ پرىنسىپى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. گەرچە دۇنيادىكى 95 پىرسەنت كومپيۇتېرغا ئامېرىكىنىڭ Microsoft شىركىتى ئىشلىگەن Windows سىستېمىسى قاچىلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا ئىزچىل سىستېمىسىنى يېڭىلاپ بازارغا سېلىپ تۇرىدۇ. كىشىلەرمۇ كومپيۇتېرىمدا Windows98 بار، Windowsxp نى ئېلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارىمايدۇ، يەنىلا Windowsxp ئاخىرى Windows98 ئورنىنى، خۇددى Windows سىستېمىسى Dos نىڭ ئورنىنى، Windows98 ، Windows95 نىڭ ئورنىنى ئالغاندەك ئالىدۇ.

يېڭىلىق يارىتىشتىكى يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، يېڭى ئېھتىياجنى بايقاش، ئۇنى تۇتۇشلا ئەمەس، يەنە يېڭى ئېھتىياج پەيدا قىلىش. بۇ تەسرەك، ئەمما مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەمەس. ئادەتتە چوڭراق گۇرۇھ - شىركەتلەردە مەخسۇس بازار ئېچىش بۆلۈمى دەيدىغان بۆلۈم بولىدۇ. بۇلار مەھسۇلاتلىرى بارمىغان جايلارغا مەھسۇلاتىنى تەشۋىق قىلىپ بازار ئېچىشتىن باشقا يەنە كىشىلەردە شۇ خىل يېڭى مەھسۇلاتنى ئىستېمال قىلىدىغان ئادەت يېتىلدۈرۈشكىمۇ كۈچەيدۇ.

قىسقىسى، بايلىق يېڭىلىق يارىتىشتا. ھەرگىزمۇ بىرسى ئاشخانا ئېچىپ پۇل تاپسا، سىزنىڭمۇ كۆڭلىڭىزدىكى ئىشىڭىزنى تاشلاپ ئاشخانا ئېچىشىڭىزدا، كىم نېمىدىن بېيىسا، سىزنىڭمۇ شۇنى دورىشىڭىزدا ئەمەس.

**4. ھەمكارلىشىش - شېرىكلىشىش.** بۇ بىزدە ئاساسەن يوق دېيەرلىك بىر ئادەت. ئەگەر بار دېيىشكە توغرا كەلسە، ھەمكارلىشىش ئاساسەن ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارىسىدا بولىدۇ. مانا بۇ شېرىكلىشىشنىڭ ئۇيغۇرچە مەنتىقىسى. بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا ھەرگىز شېرىكلىشىپ بىرەر ئىش قىلماسمەن دەيدىغان كىشىلەر كۆرمىڭ. بىزدە توختام ئېڭى، ئىشەنچ بولمىغاچقا شېرىكلىشىشتىكى شەرتلىرىمىز ئېغىزدىلا دەپ ئۆتۈلىدۇ، ھەرگىز يازما توختام تۈزۈلمەيدۇ. قىلغان ئىشتا مەسئۇلىيەت ئېنىق ئايرىلمايدۇ. ئاقىۋەتتە، بىر-بىرىدىن ئاغرىنىدىغان، قورساقتا غۇم پەيدا بولىدىغان ئىشلار تولا بولىدۇ. شېرىكلىشىش ئىشەنچكە موھتاج. ۋەھالەنكى ئىشەنچ ئادەمنىڭ ئىنسابىغا تاپشۇرۇلغان نەرسە بولغاچقا، ئىنسابتەك مۇنداق ئۆزگىرىشچان، كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدىغان نەرسە ھەر ئىككىلا تەرەپنى نادامەتتە قويىدۇ. بىزدە شېرىكلىشىش مۇنتىزىملاشمىغان، ھازىرلا ئېيتقىنىمدەك، ئىنسابنى ھۆل قىلىپ ھەر ئىككىلا تەرەپكە قارا يۈزلۈك قىلىشقا پۇرسەت قالدۇرۇپ قويىدۇ. شېرىكلىشىشتە، سەممىيەتسىزلىك تۈپەيلىدىن قانۇنىي جاۋاپكارلىققا تارتىلىدىغان، سەممىيەتسىزلىكى ئۇنىڭغا بەلگىلىك ئىقتىسادىي زىيان ئەكېلىدىغان، ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلىمىسە يانچۇقىغا كىرىدىغان پۇل ئازلايدىغان بىر مېخانىزم بەرپا قىلىنمىسا، شېرىكلىشىش ھەرگىز ئۇزاققا بارمايدۇ. شېرىكلىشىش نوقۇللا ھېسسىياتنى، يۈز-خاتىرىنى ئاساس قىلىدىكەن، ئىشنىڭ تۈگەشكىنى شۇ. بىزدە شېرىكلىشىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى دوستلار، نەچچە يىل بىللە يۈرگەنلەر، شېرىكلىشىشتىن ئايرىلىپ كەتكەنلەرمۇ يەنە شۇ دوستلار. سەۋەبى، بۇ خىل شېرىكلىشىشتە بەلگىلىك تۈزۈم ئاساس ئەمەس، بەلكى يۈز-خاتىرە ئاساس بوپقالغان.

ھەمراھلىق، شېرىكلىشىش قۇربان بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر بۇ خىل روھ، قاراش ھەممە تەرەپتە بولمايدىكەن، بۇيەردە مۇستەبىتلىك كېلىپ چىقىپ، ئىش ئوڭايلا ۋەيران بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ھەددىدىن زىيادە دېموكراتىك ھەمكارلىشىشمۇ پارچىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەرقايسى تەرەپلەر ئۆز پىكرىدىن مەلۇم قۇربانلىق بېرەلمىسە، شېرىكلىشىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمايدۇ. شېرىكلىشىشتە چوقۇم بىر ئادەم باش بولۇشى، شۇنىڭ پىكرى ئاساس قىلىنىشى، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق ئېنىق ئايرىلىشى، سەممىي ھېسسىيات بىلەن خىزمەت ئايرىلىشى كېرەك. ئەمما بىزدە شۇنداق بىر كۈلكىلىك دوستلۇق مەنتىقىسى باركى، ھېچقايسىمىز دوستىمىزنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەشنى خالىمايمىز، ئېنىقراق دېگەندە غورۇرىمىز كۆتۈرمەيدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، بىزدە تېخى پىشىپ يېتىلگەن شېرىكلىشىش، ھەمكارلىشىش ئېڭى يوق. چەت ئەللىكلەر تونۇمايدىغان كىشىلەر بىلەنمۇ ھەمكارلىشالايدۇ، بىر ئەنگلىيىلىك بىر گېرمانىيىلىك بىلەن ھەمكارلىشالايدۇ، بىر فرانسىيىلىك بىر ياپونىيىلىك بىلەن

شىرىكلىشەلەيدۇ، نېمە ئۈچۈن بىزدە ئوخشىمىغان يۇرتلۇق ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر نەچچە يىللىق دوستلارمۇ ھەمكارلىشالمايدۇ؟ دېگەن مەسىلە ھەقىقەتەن ئويلىنىشقا ئەرزىيدۇ.

5. مەقسەت ئېڭى. ئادەمنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى ئۇنىڭ نىشانى بەلگىلەيدۇ. نىشان ئىچىدە ئۆزگىرىشچان باسقۇچلۇق نىشانلار ، ئۆزگەرمەس، مەڭگۈلۈك نىشانلار بولىدۇ. ماھىيەتتە باسقۇچلۇق نىشانلار مەڭگۈلۈك نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: سىز دوكتور بولماقچى، ئەمما دوكتور بولۇشىڭىز ئۈچۈن ئاۋۋال ماگىستىر بولۇشىڭىز، ماگىستىر بولۇش ئۈچۈن ئىمتىھاندىن ئۆتۈشىڭىز، ئىمتىھاندىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئىنگلىز تىلى، سىياسەت، ماتېماتىكىلارنى ئوبدان تەكرارلىشىڭىز كېرەك. دېمەك، سىز ئاۋۋال چەت تىللىرى ئۆگىنىشنى نىشان قىلىشىڭىز كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇ نىشانىڭىز ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىشانىڭىز ئۈچۈن، ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىشانىڭىز ماگىستىر بولۇشىڭىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

مانا بۇ ئىشلار ئادەم ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمدە بەلگىلىك مەڭگۈلۈك نىشان بولمىسا، ئۇنىڭ ئىرىشچانلىقى باسقۇچلۇق نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى بىلەن توختايدۇ. چۈنكى ئۇ نىشانغا يەتكەن بولدى، يەنە ئىرىشىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، ئۇنىڭدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچمۇ يوقالدى.

دېمەك، پۇل تېپىشتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش باسقۇچلۇق ۋە مەڭگۈلۈك مەقسەتلەر بولىدۇ. بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۇل تاپىمىز. دېمەك، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش بىزنىڭ پۇل تېپىش مەقسىتىمىز. ئەگەر نامراتلىقتىن قۇتۇلساقچۇ؟ ئۇ ھالدا بىز پۇللىرىمىزنى مەھكەم بىر يەردە ساقلاپ، مۇقىم ، بىخەتەر تىجارەتتىن بىرنى باشلاپ، خۇداغا شۈكۈر دەپ ھەج قىلىۋېلىپ، خالىساق بالىلىرىمىزغا ئۆي سېلىپ بېرىپ خاتىرجەم ياشايمىز. ھەرگىز پۇلىمىزنى يەنە قىممەت يارىتىش ئۈچۈن باشقا بىرەر ئىشقا مەبلەغ سالمايمىز. بىز مۇقىم، خاتىرجەم تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتكەن بولغاچقا، دولقۇنلۇق ھاياتقا كۆنەلمەيمىز. مېنىڭچە، پۇلنى پۇل پېتى ساقلاش يېتەرلىك ئەخمەقلىقتۇر. پۇلنى قىممىتىنى يوقاتماي ساقلاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى يەنىلا مەبلەغ سېلىش. پۇل دېگەن قەغەز، ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ قانداق تۇرۇشىغا ھېچكىم ھۆددە قىلالمايدۇ.

دېمەك بىزدە پۇل تېپىش ھەققىدە مەڭگۈلۈك مەقسەت كەمچىل. يەنى بىز بېيىپ بولغاندىن كېيىن، پۇلىمىز ئۆزىمىزگە يەتكەندە، بالىلىرىمىزغا مىراسقا يەتكىدەك بولغاندا، يەنە پۇل تېپىش بىزگە نىسبەتەن ئەھمىيەتسىز ئىشقا ئايلىنىدۇ. بىزدە پۇل ئارقىلىق مۇنداق قىلاي، پۇل كۆپ بولسا مۇنداق ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىكەن دەيدىغان بەلگىلىك نىشان يوق. يەنى مەڭگۈلۈك مەقسەت يوق. مەڭگۈلۈك ئىرىشچانلىق مەڭگۈلۈك مەقسەتتىن كېلىدۇ. بەزى كىشىلەر شۇنچە باي، يەنە پۇل تاپىمىسىمۇ پۇلى يېتىدۇ، ئەمما يەنە ھېچنېمىسى يوق نامراتتەك ئىرىشىدۇ. بۇ دەل مەڭگۈلۈك مەقسەتتىن كەلگەن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. بىز قانچىلىك كۆپ پۇل تاپالىساق، شۇنچىلىك تېپىشىمىز كېرەك، بىزدە پۇل زۆرۈر ئىشلار ئىنتايىن كۆپ.

قىسقىسى، بىز تېخى تېپىك ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى سودا ئېڭىغا ئىگە ئەمەس. يۇقىرىدا تىلغا ئالغانلىرىم پەقەت مەن يۈزە ھېس قىلغان مەسىلىلەردۇر. ھېس قىلمىغانلىرىم، ئىشىنىمەنكى، يەنە بۇنىڭدىنمۇ كۆپ. قانداقلا بولمىسۇن، يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى بالدۇرراق تونۇش ئىلگىرىلىشىمىزگە شۇنچە پايدىلىق.

2003-يىل 13-ئىيۇن

ئابلىز خوجامنىياز فوتوسى(M2)

بۇ سان 2003 - يىل 10 - ئىيۇندا تىزىشقا يوللاندى، 30 - ئىيۇلدا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت



«يېگانە ئارال»، «باياۋاننىڭ سىرى»؛ «ئاھ، رەھىمسىز دەريا»، «زېمىن قارا ئادەملەرنىڭكە»، «قۇرتلاپ
كەتكەن كۆل»، «قىيامەتتە قالغان سەھرا»، «تاش مۇنار»؛ «يۇلتۇزسىز كېچە»، «لەنجۇ كوچىسىدىكى
بىر ئۇيغۇر»، «كونا پاختا»؛ «سىرتماق»؛ «نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ پالاكەتتە يولۇققۇشى»؛ «ئۆزىمىزنى
ئېتىراپ قىلايلى» قاتارلىق ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئېسىل
رومان، پوۋېست، ھېكايە، دراما، كىنوسىنارىيىسى ۋە ئىجتىمائىيەت تېمىسىدىكى مۇھاكىمىلىرى بىلەن ئەل
قەلبىدىن ئورۇن ئالغان ھۆرمەتلىك خەلق يازغۇچىسى، دراماتورگ، ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار ئاپتورى
ئەختەم ئۆمەر ئەپەندى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىسى، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا باش بولۇپ ئۇيغۇر سوفت(ئۇيغۇرچە يۇمشاق دېتال)كومپيۇتېر شىركىتىنى قۇرۇپ، يۇمشاق دېتاللارنى لايىھىلەپ، Windows مۇھىتىدا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە ۋە ئەرەبچە يېزىق كىرگۈزۈش سىستېمىسى — «ئەل ئالىپ»، كومپيۇتېر ئارقىلىق كوررېكتورلۇق قىلىش يۇمشاق دېتالى — «ئەل كوررېكتورى»، «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىلىك يېزىلىشى بويىچە كىرگۈزۈش يۇمشاق دېتالى» ۋە «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە قوش يۆنىلىشلىك چوڭ لۇغەت» قاتارلىقلارنى تۈزۈپ چىقىپ، دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار يۇمشاق دېتال — ئىشخانا ئاپتوماتلاشتۇرۇش يۇمشاق دېتالى Microsoft Office نىڭ بارلىق ئىقتىدارىنى ئۇيغۇر يېزىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان، بۇ نەتىجىلىرىگە ئاساسەن 2001-يىلى فېۋرالدا، ئەنگلىيە خان جەمەتى فوندى تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇلى، دۇنياغا داڭلىق كومپيۇتېر ئالىمى، دوكتور مايك.س.بولتېر (Mike·C·Boulter) ئەپەندىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن لوندونغا بېرىپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ھەرپلىرىنىڭ كومپيۇتېردىكى خەلقئارالىق ئورۇن ئۆلچىمى(Unicode)نى بىرلىككە كەلتۈرۈش يىغىنىغا قاتناشقان ئالىم ئەھەت ئەپەندى





《新疆文化》 (维吾尔文)
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2003 - يىل 4 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主办:新疆维吾尔自治区文化厅
编辑出版:《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号:ISSN1008—6498
国内统一刊号:CN65—1073/G2
海外发行:中国国书进出口(集团)总公司出口部
代理者地址:中国北京市朝阳区工体东路 16 号
P. O. Box 88,16 Gongti East Road, Beijing 100020,China
海外发行代号:6498BM
发行范围:国内外发行
地址:乌鲁木齐市团结路 72 号
邮编:830001 电话:2856942
印刷:《新疆日报》印刷厂
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدۇ
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65—1073/G2
چەتئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو
كىتاب ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھ)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەتئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون: 2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

邮发代号:58—22 定价:5 元

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 _ 58 باھاسى: 5 يۈەن